ئىمىن تۇرسۇن

# نەۋائى ھەققىدە

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئىمىن تۇرسۇن

نەۋائى ھەققىدە

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



## مۇئەللىپنىڭ نەشر قىلىنغان كىتابلىرى

**«ھەۋەس» (شېئىرلار) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى**

**«زەللى دىۋانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى**

**«سەپەر سەزگۈلىرى» (شېئىرلار، نەسرلەر)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل نەشرى**

**«تارىمدىن تامچە» (ئىلمىي ماقالىلەر)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى**

**«قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل نەشرى**

**«بۇلاقتىن بىر ئوتلام» (ماقالىلەر)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى**

**«ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساسىي ساۋات» (خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە دەرسلىك)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1978-يىل نەشرى**

# مۇندەرىجە


**ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسلى نەسەبى** ........................ (1)
I ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى توغرىسىدا .................. (1)
II ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئۇستاز ۋە مۇرەببىلىرى توغرىسىدا ...... (8)
III كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ...................... (14)
IV خۇلاسە ........................................ (21)
**ئەلشىر نەۋائىنىڭ ھاياتى — پائالىيىتى** ..................... (23)
قوشۇمچە: نەۋائىي ۋە ئىشق-مۇھەببەت........................ (52)
**ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتى** ............................ (72)
I نەزمىي ئەسەرلەر....................................... (73)
II نەسرىي ئەسەرلەر .................................... (127)
**ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلى**............................ (182)
1. نەۋائىدىن ئىلگىرىكى تىل مۇھىتى .................... (186)
2. نەۋائىي زامانىدىكى تىل مۇھىتى ....................... (195)
3. نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.............. (199)
قوشۇمچە: نەۋائىي تىلىنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدا ............... (221)
**ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پوئېتىكىسى**.............................. (229)
1. نەۋائىنىڭ دىۋان تۈزۈشتىكى نەۋاتۇرلۇقى ................ (231)
2. نەۋائىنىڭ لىرىكىلىق ژانىرلىرى ........................ (234)
3. نەۋائىنىڭ بەدىئىي سەنئەتلىرى ........................ (271)
**ئەلشىر نەۋائىنىڭ كىشىلىك قارىشى** ......................... (305)
ئاساسلانغان ۋە پايدىلانغان مەنبەلەر.......................... (343)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى

نەۋائىي پۈتۈن دۇنيا پەن-سەنئەت ئەھلىگە مەلۇم بولغان ئۇلۇغ شائىر. نەۋائىينىڭ ئەدەبىي-ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى، سىياسىي-ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، ھەر جەھەتتىن ئىنقىلاپ يورۇتۇپ بەردى. لېكىن بىزدە، بۇ جاھانشۇمۇل ئەدىبنىڭ ئەسلى نەسەبى، شەخسىي ھاياتى، ئەسەرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر تېخى يېشىلمىدى. ئەنە شۇ مەسىلىلەرنى يېشىشكە دائىر ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرراق ۋە كەڭرەك ئېلىپ بېرىش ئەدەبىياتشۇناس، تارىخشۇناس ۋە تىلشۇناسلارنىڭ بۇرچلىرىدىن دەپ ھېسابلايمەن.

يازما مەنبەلەردە نەۋائىينىڭ تەرجىمىھالى، بولۇپمۇ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا بايان قىلىنغان بەزى تەپسىلات ۋە بۇنىڭغا دائىر مۇتالىئەلەرنى تۆۋەندىكىچە تۈزۈپ چىقتىم.

## I ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاتىسى توغرىسىدا

ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار (جۈملىدىن مەنمۇ) نەۋائىينىڭ ئاتىسىنى ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا خىزمەت قىلغىنى ھەم يېقىنلىق

مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بارلاس جەمەتىدىن دەيدىغان خاتا چۈشەنچىنى بايان قىلىشقاندۇق. تارىخىي مەنبەلەر بۇ چۈشەنچىنى ئىنكار قىلىپ، ئەينى پاكىتلار بىلەن تەمىن قىلدى.

**1. «تەزكىرە تۇش-شۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى»).**

بۇ — نەۋائىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ئەدەبىياتشۇناس دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ھىجرى 892-يىلى (مىلادى 1486-يىلى) يېزىپ چىققان پارسچە ئەسەر. مۇئەللىپ بۇ كىتابىدا، ئىراق، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، 10-15-ئەسىرلەردە ياشىغان 150 نەچچە چوڭ شائىرنى ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى تونۇشتۇرغان. بۇ كىتابنىڭ «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، ئەمىرلەر پادىشاھى، فازىللار مەدەتكارى، ئۇلۇغ ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر زىكرىدە» دېگەن بابىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

"... بۇ مەشھۇر ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ بۈيۈك ئاتىسى زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ۋە سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇر باھادىر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دەۋلەتكە كەپىللىك قىلىش ئۇنىڭ ئىنان-ئىختىيارىدا ئىدى، ئىنتايىن فازىللىقىدىن ھەر ۋاقىت ئۆز ئوغلىغا پەزىلەت ئۆگەتتى؛ بارلىق ھىممىتىنى سائادەتمەن پەرزەندىنى ئىلىم-ھۈنەر بىزەكلىرى بىلەن زىننەتلەشكە ۋە ھىدايەت نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇشقا سەرپ قىلدى...... ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ تىرىشىپ قىلغان ھەرىكىتى بەھۇدە كەتمىدى. ئاتىسىدىن كېيىن (ئەلىشىر) نادىرى دەۋرانلىق، ئىززەت-تەمكىنلىك كۇرسىسىدا قارار تاپتى......"

**2. «رەۋزەتۇس-سەفافى سىيرەتۇل ئەنبىيا ۋەل-مۇلۇك ۋەل-خۇلەفا» («پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە خەلىپىلەر تەرجىمھاللىرى توغرىسىدىكى پاكلىق بېغى»).**

مۇئەللىپى "مىرخاند" نامى بىلەن مەشھۇر بولغان تارىخچى مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئــــىبنى خاۋەندشاھ (1433 ـــ 1498) ھىراتتا نەۋائىنىڭ ھامىيلىقىدا يــاشــىغــان. يەتتە جىلدلىق بۇ مەشھۇر تارىخ كىتابنى ھىجرى 899 ـــ901-يىللىرى (مىلادى 1494 ـــ 1496-يىللىرى) يازغان (بۇ كىتابنىڭ 7-جــىلدىنى ئۇنىڭ تۈزگەن تىزىسى بويىچە نەۋرىسى خاندەمىر ھىجرى 927-يىلى، يەنى مىلادى 1521-يىلى پۈتتۈرگەن). بۇ كىتابنىڭ «ئۇلۇغ ۋە ساھىب تەدبىر ئەمىر ئەلشىرنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئوردىسىدىن جاھانگىر خاقان ھۇسەيىن مىرزا مۇلازىمىتىگە كېلىشىنىڭ بايانىدا مۇشكىن رەقەم قەلەمنىڭ نۇكتەتىرازلىقى ۋە ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى بايان قىلىشتا كۆرسەتكەن سېھىر پەردازلىقى» دېگەن بابىدا، نەۋائىنىڭ ئاتىسى ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

”...... ئۇ ئاپتاب دىللىق ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ ۋە سەخاۋەتلىك ئاتىسى ئاۋۋال زامان تەقەززاسى بىلەن، ئەمىر تۆمۈر كوراگانىنىڭ ئوغلى مىرزا ئۆمەر باھادىرنىڭ خاس مۇلازىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەتىۋارلىق قەلىمى ئۇنىڭ بىسات لەۋھىگە كوكۇلداشلىق دەرىجىسىنى يازغان ئىدى......“

**3. «ھەبىبۇس-سىيەر فى ئەخبار ۋە ئەفرادۇلبەشەر» («ئىنسانلارنىڭ ھەربىرى توغرىسىدا خەۋەرلەر ۋە دوستانە بايانلار»).**

مۇئەللىپى ”خاندەمىر“ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان غىياسىددىن ئىبنى ھۇمامۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خوجا جەلالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خوجا بۇرھانىددىن (ھىجرى 880 ـــ 941-يىللار، مىلادى 1475 ـــ 1534-يــىـلـلار)، بۇ زات نەۋائىنىڭ زامانىدىشى، ياشلىقىدىن تاكى نەۋائىنىڭ ۋاپاتىغىچە، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن. نەۋائىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئــونلىغان تارىخىي ئەسەر يازغان. «ھەبىبۇس-سىيەر» ھىجرى 921 ـــ 930-يــىـلـلـىرى (مىلادى 1515 ـــ 1523-يىللىرى) يېزىلغان. مەزكۇر كىتابنىڭ «ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە سەدرلەر گۇرۇھىنىڭ خاقانى مەنسۇر سۇلتان

ھۈسەين مۇلازىمىتىگە يېتىشكىنى ۋە بەزى مۇھىم دەۋلەت ئىشلىرىنىڭ سەرەنجام ئېتىلگىنى باياندا» دېگەن بابىدا، مىرخاندنىڭ «رەۋزەتۇس-سەفا» كىتابىدا يېزىلغان مەزمۇن قەيت قىلىنغان:

”ئەمىرنىڭ بۈيۈك ئاتا-بوۋىلىرى قەدىمدىن ئۆمەر شەيخ باھادىر ئىبنى ئەمىر تۆمۈر كوراگان خانىدانىنىڭ خاس كىشىلىرى جۈملىسىدىن ئىدى ۋە كوكۇلداشلىق مەنسىپى ئېتىبار قەلىمى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرلەۋھىگە بىتىلگەن ئىدى“.

**4. «ۋەقفىيە» ياكى «ۋەقفنامە» — نەۋائى ھىجرى 886-يىلى (مىلادى 1481-يىلى) يازغان ۋەقفە بەلگىلىمىلىرى توپلىمى.**

بۇ قىممەتلىك ھۆججەتلىك ئەسىرىدە. نەۋائى: ”چۈن زەمانىنىڭ ئەزىمۇش شان سادات ۋە فۇزۇلاسى“ دەپ يۇرت كاتتىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، سەلتەنەت ۋە جەمئىيەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئەربابلار قاتارىدا ”ئۇيغۇرى سىفات باخشىلار ۋە ئۇيغۇر جىركەلىك ياخشىلار“نى تەرىپلەپ، ”ھەر بىرسىنى بىر مۇۋاپىق ئەمەلغە شۇغل پەيۋەندە قىلدى“ دەپ يازغان؛ تۆمۈرىي سۇلالىسىدە، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەركانلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ھېسابلانغان بارلاس، ئارلات، تارخان، قۇبات، قوڭرات قەبىلىلىرىدىن ئايرىمچە ئۇيغۇرلاردىن چىققان دۆلەت ئەربابلىرىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن.

نەۋائى يەنە بۇ ئەسىرىدە: ”ئەگەرچە بۇ خاكسارنىڭ ئاتا ۋە ئەبۇكام ئول ھەزرەتنىڭ (ھۈسەين بايقارانىڭ — م) ئابا ۋە ئەجدادى خىزمەتلەرىدە كىم، ھەربىرى سەلتەنەت كانىنىڭ گەۋھەرى ۋە شەجائەت بىيشەسىنىڭ غەزەنفەرى ئەردىلەر، ئول نەۋئەمەراتىغە سەزاۋەر، بىبىلىك مەنسەبىغە كامكار بولغان ئەردىلەر“ دەپ يازغان.

**5. «تارىخى رەشىدى» — ياركەنت خانلىقىنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان نامىغا بېغىشلانغان مۆتىۋەر تارىخي كىتاب.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇئەللىپى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات ئىبنى مۇھەممەت ھۇسەين كوراگان. تەخمىنەن مىلادى 1545-يىلى يېزىلغان. مىرزا ھەيدەر ياشلىق چېغىدا ھىراتتا ئوقۇغان؛ ئەلشىرنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئوبدان بىلىدىغان زات ئىدى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ «زىكرى مىر ئەلشىر» دېگەن ماۋزۇسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

مـــىر ئەلشىرنىڭ "ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئاتاسىنى كــىچىكىنە باخشى ئاتار ئەردىلەر." نەۋائى توغرىسىدىكى زىكىر "مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرى ئەلەيھىررەھمە...... زىكرى ھافىز مەھمۇد زىيارەتگاھى" قاتارلىق توققۇز زاتنىڭ زىكرىدىن كېيىن بېرىلگەن.

زەھىرىددىن بابۇر «بابۇرنامە» سىدە، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلغان: ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ "ئۈچىنچى قىزى خوپ نىگار خانىم ئىدى. مۇھەممەد ھۇسەين كوراگان دوغلاتقا بېرىپ ئىدى. (مۇھەممەت ھۇسەين كوراگاننىڭ) بىر قىزى، بىر ئوغلى بولۇپ ئەردى.... ئوغلى ھەيدەر مىرزا ئىدى. ئاتاسىنى ئۆزبېك ئۆلتۈرگەندىن سوڭ كېلىپ مېنىڭ مۇلازىمىتىمدە ئۈچ-تۆرت يىل تۇرۇپ، سوڭرە ئىجازەت تىلەپ، كاشغەرغە، خان قېشىغا (سۇلتان سەئىدخان قېشىغا — م) باردى".

**مۇتالىئە** يـۇقــىرىــدا مـۆتىۋەر كىتابلاردىن نەقىل قىلىنغان ئاشۇ بـايـانـلاردىن ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق:

بىرىنچىدىن، ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى "ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن" ئىكەن؛ ئەمىر تۆمۈر كوراگاننىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە "كوكۇلداش" دېگەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان؛ ئەبۇلقاسىم بابۇر سەلتەنەتىدىمۇ

"مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتكە كاپالەتلىك قىلىش شۇنىڭ (نەۋائى ئاتىسىنىڭ — م) ئىشەنچ-ئىختىيارىدا بولغان" مۇھىم دۆلەت ئەربابى ئىكەن.

ئىسكەندەرنىڭ، ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى ناھايىتى بىلىملىك، ساخاۋەتلىك، غەيرەتلىك زات ئىكەن. ئۆزى ئىلىم-مەرىپەت ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن، ئوغلى ئەلشىرنىڭ بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇپ يېتىلىشىگە بارلىق ھىممىتىنى بېغىشلىغانىكەن.

ئەنە شۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئىسمى غىياسىددىن، سۈپەتلىرى "باخشى" ۋە "كىچىك باھادىر" ئىكەن.

"كوكۇلداش" — بۇ نامنىڭ ئەسلى مەنىسى ئېمىلدەش ئاكا-ئۇكا، يەنى قېرىنداش بولماي، بىر ئانىنى ئېمىپ ئاكا-ئۇكا بولغان دېگەنلىك بولىدۇ. كېيىنچە بۇ نام خان-پادىشاھ خانىدانىغا يېقىن بولغان مەنسەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇ مەنسەپ ئىگىسى بولغان كىشى دۆلەتنىڭ ئامانلىق ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

"باخشى" — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ: 1-مۇئەللىم؛ 2-ئۇستاز؛ 3-ھەكىم؛ دوكتۇر، تەبىب؛ مەملىكىتىمىزدە چىڭ خانلىقىنىڭ چيەنلۇڭ زامانىسىدا (1736 — 1796-يىللىرى) ئىمپېراتور ئايشىن گور خۇڭلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تە، "باخشى" سۆزىگە خەنزۇچە "بوشى" (博士) دەپ ئىزاھ بېرىلگەن؛ "بوشى"، ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا "دوكتۇر" (پەنلەر دوكتۇرى) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ. "باخشى" سۆزى كېيىن موڭغۇل تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، "ئۇستاز"، "تېۋىپ" مەنىسىدە قوللىنىلغان. «بابۇرنامە»دە "يارامنى باققىلى ئەبىكە باخشى ئاتلىق موغۇل جەرراھنى ئىبەرىپتۇرلەر، موغۇل ئېلى جەرراھنى ھەم باخشى دەر" دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"كىچىك باھادىر" — "كىچىك باتۇر"، ئېھتىمال، غىياسىددىننىڭ بويى ۋىجىكرەك بولغاچقا ياكى ئاتىسىنىڭ ئەركە ئوغلى بولغاچقا "كىچىك" دەپ سۈپەتلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆزى شىجائەتلىك بولغاچقا باتۇر دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولغان.

"كىچىك باھادىر" غىياسىددىن "باخشى" چوڭ بولغان ئائىلە ئىلىم-مەرىپەتكە، ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان ئائىلە ئىكەن. غىياسىددىن ئۆزى پازىل كىشى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىنىلىرىمۇ شائىر ئىكەن: بىر ئىنىسى "كەبۇلى"، يەنە بىرى "غەرىبىي" دەپ تەخەللۇس ئىشلەتكەن. "ئەلىشىرنىڭ ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدىلا ئەدەبىياتقا زور ھەۋەس قوزغىغان".

ئەمدى، "بارلاس جەمەتىدىن" دېيىلگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ غىياسىددىننىڭ پەقەت، ئەمىر تۆمۈر خاندانىغا يېقىن بولغىنىغا قاراپلا دېيىلگەن بىر خىل پەرەز بولسا كېرەك. چاغاتاي خاندانىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن بىللە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان (ۋە كېيىن تۈركلەشكەن) مەرتىۋىلىك جەمەتلەردىن بارلاس، ئارلات، چوراس، دوغلاتلار تۆمۈرىي سەلتەنەتى دەۋرىدە، تاكى قىپچاق خانلىرىغا مەنسۇپ بولغان مۇھەممەد شەيبانىخان ئۆزبېك كۆچمەنلىرىنى سىر دەريا بويىدىن باشلاپ كىرىپ، (ھىجرى 906-يىلنىڭ باشلىرىدا، يەنى مىلادى 1500-يىلنىڭ ئىيۇل ئېيىدا) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆلۈكىدە ھاكىمىيەت تىكلىگەنگە قەدەر، مەملىكەتنىڭ ھەر ساھەسىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. ئۆزبېك مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ "بەس ئەمدى، بارلاس سەلتەنىتىگە!" دەپ جاكارلىغانلىقىمۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ. تارىخچى مىرخاندىنىڭ يېزىشىچە، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئەلىشىر نەۋائىنى مۆھىردارلىققا (تامغىچىلىققا) تەيىنلىگىنىدە نەۋائىي مۇنداق شەرت قويغان: "ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر...... مەن ئەمدى ئۇلۇغ ئاستانە ئىچكىلىرى قاتارىدا مەن، ئۇلۇغ مەنسەپ ئىگىسى مەن، ئاسمانچە تەخت ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرىراق ئورۇندا ئولتۇرۇپتىمەن. مۇبادا، ئەمىرلىك مەنسەپكە مۇتەسەددى بولسام، بارلاس

ۋە ئارلات ئەمىرلىرىدىن بەزىلىرى تۆرەگە (قائىدە-نىزامغا) بىنائەن مەندىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ. بەس، بۇ ئەمىرلەرگە كەيپىل بولۇش مېنىڭ مەنسەبىمدىن تۆۋەنرەكتۇر، دېگەندە، خاقانى مەنسۇر (ھۇسەيىن بايقارا — م) ئۇنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنتايىن ئىنايەت بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن: بارلاس ئۇمەراسىدىن ئەمىر مۇزەففەر بارلاستىن باشقا بىرەر كىم ئەلىشىردىن ئاۋۋال مۆھۈر باسمىسۇن، دېگەن ھۇمايۇن ھۆكۈم چىقاردى.“ («رەۋزەتۇس-سەفا» نىڭ «خاقانى مەنسۇرنىڭ ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىرنى ئەمىرلىك مەنسەبىگە تەيىنلىگەنلىكى بايانى» دېگەن بابىدا). مەزكۇر بايانغا قارىغاندا، ئەلىشىر ئائىلىسى بارلاس جەمەتىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن نۇرۇللا ئەخمەدوۋ (تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى)نىڭ مۇلاھىزىسىچە، ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ بىرەر ئەسىرىدە، ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى تىلغا ئالمىغان. بىزنىڭ ئادىتىمىزدە، پەرزەنت ئۆز ئاتا-ئانىسىنى ياكى ئەر-خوتۇن بىر بىرىنى ئۆز ناملىرى بىلەن قىچقىرىش بىئەدەبلىك بولىدۇ. شۇڭا، كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ تولىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتا-ئانىلىرى توغرىسىدا بايان قىلمىغان.

## II ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇستاز ۋە مۇرەببىلىرى توغرىسىدا

ئەلىشىر يىگىتلىك دەۋرىدە ئىشتىياق بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىلگەندە، ئۇنىڭغا تۇرلۇك پەنلەردىن دەرس بەرگۈچى ”ئاخۇنۇم“دۇر؛ ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە مەدەتكار بولغۇچى ”كاشغەرىلەر“دۇر.

بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشتا، ئالدى بىلەن، ئەلىشىرنىڭ بالىلىق چېغى توغرىسىدا سۆزلەش ئانچە ئارتۇقلۇق قىلماس.

نــــزامــددىن ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن فەرغانىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر ئاستانىسىدە بولغان. بىر مەزگىل ”ئەسەخ“ شەھرى (تۆمۈرىي شاھزادە ئۆمەر شەيخ سىياسىي مەركەز قىلغان ئەنجان ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر)دە، ئۆمەر شەيخنىڭ ئوردا مۇلازىمىتىدە بولغان. كېيىن ھىراتقا كۆچۈپ كەتكەن.

ئەلىشىر ئون ياش چاغدا، ئەبۇلقاسىم بابۇر غىياسىددىننى سەبزىۋەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەلىشىر ھىراتتا قېلىپ ئوقۇغان. ئەلىشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان. ئەلىشىر 15 يېشىدا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە، ئەبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قــىلغان. بىر يىلدىن كېيىن (1456-يىلى) ئەبۇلقاسىم بابۇر مەشھەدكە يۆتكەلگەندە، ئەلىشىرمۇ بىللە كەتكەن. ھىرات تىنچىغاندىن كېيىن، ئەلىشىر ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بىراق، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىغان.

ئەلىشىر ”ئەبۇسەئىد سۇلتان زامانىدا خوراسان پايتەختىگە ــــ ھىراتقا بــېــرىــپ، بىرنەچچە كۈننى ئاشۇ ئىقبال ئاشيانلىق ئاستانە مۇلازىمىتىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۆز ھالىغا مۇناسىپ رىئايەت ۋە تەربىيەت تاپالمىدى. شۇ ســەۋەبــتىن، خوراساندىن بىھىشت مانەند سەمەرقەنتكە بېرىپ، خوجا جالالۇددىن ئەبۇللەيس خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلدى ۋە كۆپ ۋاقتىنى كىتاب مۇتالىئەسىگە سەرپىلىدى. بەزىدە ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ ساھىب ئىختىيارى بولغان ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ۋە ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەك بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇردى“ («رەۋزەتۇس-سەفا»).

نــەۋائــى ســەمــەرقەنتكە مەجبۇرىيەت ئاستىدا كەتكەن. بۇ ھەقتە زەھىرىددىن بابۇر ئۆز قىياسىنى مۇنداق يازغان:

”بىلمىدىم، نە جەرىمە بىلەن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (نەۋائىينى) ھىرىدىن ئىخراج قىلدى، سەمەرقەنتكە باردى. نېچچە يىلكىم سەمەرقەنتتە

ئىدى، ئەھمەد ھاجىبەك مۇرەببىي ۋە مۇقەۋۋىسى ئىدى".

ئەمما، "سەمەرقەنت نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان". "سەمەرقەنتتە نەۋائى سەمەرقەنت بېگى ئەھمەد ھاجىبەك (نەۋائى «م — ن»[1]دە ئەھمەد جامى بەگ دەپ يازغان) ۋە ئالىم فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسلەردىن ماددىي ياردەم ئېلىپ ئوقۇغان." («ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» تاشكەنت، 1953-يىل نەشرى).

ئەلشىرنىڭ تەلىم ئالغان مۇھىم ئۇستازى — مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامى، يەنى "فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم"دۇر. بۇ زات ھەققىدە خاندەمىر «خۇلاسەتۇل ئەخبار»دا مۇنداق دەپ يازغان:

"مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامى تۇرمۇشىنىڭ بىنۇقسانلىقى ۋە نەسەبىنىڭ ياخشىلىقى، ئىلمۇ پەندە مۇكەممەللىكى بىلەن، پەزىلەتپىشە ۋە بىنەزىردۇر...... ئالىھەزرەت ئەمىر ئەلشىر زۆرۈر ئىلىملەرنىڭ بارچىسىنى جانابىي مەۋلىۋى ھۇزۇرىدا ئۆگەنگەن ۋە ھەر قاچان ئۇ كىشىنى ئاخۇن دەپ چاقىرار ئىدى...... ئاخۇن فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىنىڭ ھېكمەت، رىيازەت، مەنىلەر بايانى، سەرف ۋە نەھۋە ئىلىملىرى بويىچە يازغان ئەسەرلىرى كۆپ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەلەبەلەر ئاراسىدا مەشھۇردۇر. ئۇل جاناب فىقھە ۋە ھەدىس ئىلىملىرى بويىچە ھەم ئىنتايىن ماھىر بولغىنى ئۈچۈن، مۇشۇ كۈنلەردە «ۋەقايە»گە شەرھى يېزىش بىلەن بەندىدۇر".

ھىرات، سەمەرقەنت ھەم ئەنجان ۋىلايەتلىرىدە، ھەتتا خارەزمدە، زىيالىيلار قاتلىمى ۋە مەنسەبدارلار قاتارىدا "ئاخۇنۇم" ۋە "كاشغەرى" (يەنى قەشقەرىيلىك) ياكى "موغۇلىستان بەگلىرى" دەپ ئاتالغان كىشىلەر كۆپ

---

[1] «م — ن» — «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسەرنىڭ قىسقارتىلما نامى، مەزكۇر كىتابنىڭ 347-بېتىدە ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق نامى ۋە قىسقارتىلما نامى بېرىلدى. —تەھرىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇلار ئىلمۇ پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدە ھەم ھاكىمىيەت دائىرىلىرىدە تەسىرى چوڭ ۋە مۇھىم ئورۇنلارنى تۇتقانىدى. مەسىلەن، مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراھمان جامىنىڭ پىر-ئۇستازى — سەئىدىددىن كاشغەرى، ئەلىشىرنىڭ ئۇستازى — فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى.

نىزامىددىن ئەلىشىر سەمەرقەنتتە ھىجرانلىق تۇرمۇشنى كەچۈرگىنىدە، "مۇرەببىي" (تەربىيىچى) ۋە "مۇقەۋۋىسى" (مەدەد — ياردەم بەرگۈچى) ئەھمەد ھاجىبەك ئىبنى سۇلتان مەلىك كاشغەرى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلغان. ئەھمەد ھاجىبەك ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى ھەم سۇلتان ئەبۇ سەئىد زامانىدىمۇ ئەمىر ئىدى.

«بابۇرنامە»دە مۇنداق يېزىلغان:

"يەنە بىرى، ئەھمەد ھاجىبەك ئىدى. سۇلتان مەلىك كاشغەرىنىڭ ئوغلى ئىدى. ھىرىي ھۆكۈمىتىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا نىچچە مەھەل مۇڭا بېرىپ ئىدى. ئاباغاسى جانىبەك ئۆلگەندىن سوڭ، ئۇنىڭ مۇچەسىنى بېرىپ، ئۇنى سەمەرقەنتكە ئىبەردى. خۇشتەبئ ۋە مەردانە كىشى ئىدى. "ۋەفايى" تەخەللۇس قىلۇر ئىدى؛ ساھىبى دىۋان ئەردى. شېئىرى يامان ئەمەس ئىدى......؛ مىر ئەلىشىر نەۋائى ھىرىيدىن سەمەرقەنتكە كەلگەن يۇرسەتلەر ئەھمەد ھاجىبەك بىلە بولۇر ئىدى".

دېمەك، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدە، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىمۇ مەرتىۋىلىك-مەنسەپدار ئۇيغۇر كىشىلىرى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، سۇلتان مەلىك كاشغەرى، ئۇنىڭ ئىنىسى جانىبەك دولداي، سۇلتان مەلىك كاشغەرىنىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد ھاجىبەك ۋە ھاپىز مۇھەممەدبەك، يەنە ئابدۇلكەرىم ئەشرىت ۋە باشقىلار.

"جانىبەك دولداي ئىدى، سۇلتان مەلىك كاشغەرىنىڭ ئىنىسى ئىدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەرقەنت ھۆكۈمىتىنى ۋە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆز ئىشكىنىڭ ئىختىيارىنى مۇڭا بېرىپ ئىدى. مۇنى ئىشكئاغا قىلىپ ئىدى. غەرىب (غارايىب) ئەخلاق ۋە ئەتىۋارلىق كىشى ئىكەندۇر. ئاندىن غەرىب نىمىلەر خېلى رىۋايەت قىلۇرلەر. ئول جۈملىدىن بىرى بۇ دۇركىم، سەمەرقەنت ھاكىمى ئىكەن پۇرسەتلەر ئۆزبېكدىن ئەلچى كېلۇر، ئۆزبېك ئۇلۇسىدا بۇ ئەلچى زورغا (زور — چىلىشچى) مەشھۇر ئىكەندۇر. ئۆزبېك زور كىشىنى بۆكە دەر ئىمىش. جانىبەك دەركىم: بۆكەمۇسەن؟ بۆكە بولساڭ، كەل كۆرىشەيلى، بۇ ئەلچى ھەرقانچە مۇزايىقە (كۈچىنىش) قىلۇر، (جانىبەك) قويماس، كۆرىشۇرلەر، جانىبەك يىقار. (جانىبەك) مەردانە كىشى ئەردى“.

ئۆمەر شەيخنىڭ ئەمىرلىرىدىن ”يەنە بىرى، ھافىز مۇھەممەد بەك دولداي ئەردى. سۇلتان مەلىك كاشغەرىنىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەكنىڭ ئىنىسى ئەردى...... ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەنجان ھۆكۈمىتىنى ئاڭا بەردى......“.

”يەنە بىرى، ئابدۇلكەرىم ئەشرىت (بىلىملىك-تەجرىبىلىك) ئۇيغۇر ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىدا ئىشكئاغا ئىدى. سەخى ۋە مەردانە كىشى ئىدى“.

بۇلاردىن ئەلشىر نەۋائىغا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولغان ئەھمەد ھاجىبەك كاشغەرى خوراساندا تەلىم ئالغان يۇكسەك مەدەنىيەتلىك كىشى ئىدى، سۇلتان ئەبۇ سەئىد ۋاقتىدا ھىراتقا (1464 — 1465-يىللىرى) ھاكىم، كېيىن تاكى 1496-يىلىغىچە سەمەرقەنت ھاكىمى بولغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھىيرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز سەلتەنەتىنى تىكلىگەندە، ئەلشىر نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن، ئەھمەد ھاجىبەكتىن رۇخسەت ئېلىپ، ھىجرى 875- يىلىدا (مىلادى 1470- يىلى)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەكتەپداش دوستى (ھۈسەين بايقارا)نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدى. نەۋائى سەمەرقەنتتە 12 يىل ياشىغان.

**مۇتالىئە**

”ئاخۇن“ سۆزى كونا ئىملادا ”اخوند“ شەكلىدە يېزىلاتتى. بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار: بەزىلەر پارسچە سۆز دەيدۇ، بەزى تەتقىقاتچىلار ”ئوغان ~ ئوغۇن“دىن ياكى ”ئارقۇن“دىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ”— اغۇن، — غۇن“ دېگەندەك تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدىغان سۆزلەر كۆپ ئىدى. مەسىلەن: ”قەين-قەيناغۇن“ (قېيىن بويان)، ”ساغۇن“ (قەبىلە باشلىقى)، ”ئاتا ساغۇن“ (ھەكىم، تەبىب)، ”تۇرغۇن“ ۋە باشقىلار. شۇڭا، ”ئاخۇن“ سۆزى ”ئوغان“ ياكى ”ئاغۇن“ ~ ”ئارقۇن“ (باشقۇرغۇچى) دىن ئۆزگەرگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەيلى ”ئاخۇن“ ياكى ”ئوغان ~ ئاغۇن ~ ئارقۇن“ بولسۇن، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. يەنى ”موللا“، ”مۇئەللىم“، ”ئۇستاز“، ”ئەپەندى“، ”ئىگەم“ ياكى ”خوجام“ دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. 16-ئەسىردىن كېيىن، ”باخشى“ سۆزىنىڭ بالدۇرقى مەنىسى ئۆزگىرىپ، ”داخان“، ”پىرىخۇن“ سۆزلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى ”ئاخۇن“ سۆزى ئىگىلىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردىن ئۇيغۇرلاردا ”ئاخۇن“ سۆزى كۆپ قوللىنىلىدۇ. ھەرقانداق ئۇيغۇر يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇلغا ئىسىم قويغاندا ”ئاخۇن“نى قوشماي قويمايتتى. شۇڭا، ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرنى ”ئاخۇن ئەكە“ دەيدۇ. دېمەك، ”ئاخۇن“ ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

## Ⅲ كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، كان (قاڭلى) ئېلىنىڭ شىمالىدا، ئىدىل (ۋولگا) ۋادىسىدا، تېڭىز (خەزەر يەنى كاسپىي كۆلى)نىڭ شەرقىدە، مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن خەنزۇچە تارىخلاردا "دىڭلىڭ"، 6-ئەسىردە "تېلې" دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتالغان قەۋملەرنىڭ غەربىي قەبىلىلىرى، جۈملىدىن ئاق هۇن خانلىقىنى قۇرغان گاۋگۈيلەر (قاڭقىلىقلار) دەپ ئاتالغان قەۋملەر ياشىغان. ھەممىگە مەلۇمكى، "دىڭلىڭ" ياكى "تېلې" خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئاتا-بوۋىلىرى دەپ ئېنىق قەيت قىلىنغان. 6-ئەسىردىن كېيىن بۇ قەۋملەر "ئۇيغۇر" نامى بىلەن مەركەزلەشكەن پۈتۈن بىر مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن. 7-ئەسىردە، ئورخۇن بويىنى سىياسىي مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى تىكلىنىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ كەڭ زېمىنى دائىرىسىدە هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇ قاغانلىق 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي-ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، قاغانلىقنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى ئاھالىنىڭ بىر تۈركۈمى كۆكئارت (پامىر)نىڭ غەربىدىكى ئۆز قەۋمى-قېرىنداشلىرى ياشاۋاتقان رايونلارغا كۆچكەن. 9-، 12-ئەسىرلەردە، ئۇيغۇرلار گەنجۇ ياكى شىجۇ (خۇاڭخې يەنى يېشىل ئۆگۈزنىڭ غەربى) ئۇيغۇرلىرى، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى ياكى "خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى" دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەنىدى. بۇلار ئاساسەن جۇغلىشىپ ماكانلاشقانلار ئىدى. بۇلاردىن باشقا ھەر جايدا تارقاقلاشقانلارمۇ بار ئىدى. كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى قاراخانىيلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئىدى؛ ھاكىمىيەت تۆپىسىدىكى خانزادىلار جەمەتى ئۇيغۇرلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياغلىقار ئۆرۈغىدىن ئىدى. قاراخانىيلار كۆچەيگەن زامانلاردا، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە كۇچانىڭ ياقا رايونىدىن غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا ئاق تۇقاي-تارباغاتايدىن جەنۇبتا قاراقورۇم ئېغىزىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 12-ئەسىردە، قاراخانىيلار سەلتەنىتىنى ئىگىلىگەن گورخانلار (قاراكىتانلار) مۇ ئاساسەن شۇ دائىرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

13-ئەسىردە، جىن سۇلالىسى (ئالتۇن خانلىق) نىڭ شىڭدىڭ زامانىدا، غەربكە ۋە غەربىي شىمالغا ئەلچى بولۇپ بارغان سۇن جۇڭدۇەننىڭ «ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: "4-يىلى (جىن سۇلالىسى شىڭدىڭ 4-يىلى، يەنى مىلادى 1220-يىلى) قىشتا — 12-ئاينىڭ بېشىدا، شىمالىي چېگرىدىن چىقىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭدۇق...... شىيا خانلىقى (غەربىي شىيا — تاڭغۇتلار) دىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەپ يەتتە-سەككىز مىڭ چاقىرىم يول ماڭدۇق...... يۈزلىگەن شەھەرلەر بار ئىكەن. ناملىرى خەنزۇچە ئەمەس ئىكەن...... ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئېل بالىق شەھىرىگە كەلدۇق. بۇمۇ ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن ...... ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭرى ئىكەن، غەربىي چېگرىسىنىڭ چېتى مەلۇم ئەمەس، چوڭ تاغدىن بىرقانچە دەريا شەرققە قاراپ، بىرقانچە دەريا غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن...... غەربىدە يەنە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار...... ئىرى ئۇيغۇرلىرى، ھىندۇ ئۇيغۇرلىرى بار ئىكەن".

خەنزۇ تارىخچىسى لىۋېيتاڭ (تەيۋەن) «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە: (سۇن جۇڭدۇەننىڭ «ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە يېزىلغان) "مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار" قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ۋە گورخانلار دەۋرىدە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان ۋىلايىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتسە كېرەك؛ "ئىرى ئۇيغۇرلىرى" دېگەندىكى "ئىرى" بولسا "ھىيرى"

(ھىرات)نى بىلدۈرسە كېرەك دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

لى زىچاڭ ئۇستازى چۇچۇجى بىلەن 1220 — 1224-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلغىنىدا يازغان «ساياھەتنامە»سىدە خاتىرىلىشىچە: ”... سايرامغا كەلدۇق (ھازىرقى چىمكەنت)، ئۇيغۇر پادىشاھى قارشى ئالدى... ئاندىن يەنە بىر شەھەرگە (تاش) يەتتۇق، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھىمۇ ئۇيغۇر ئىكەن، ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىكەن...... 10-ئاينىڭ 6-كۈنى چوڭ دەريادىن ئۆتۈپ سىمىزكەنت شەھىرىنىڭ شىمالىغا كەلدۇق...... شەھەر ئاھالىسى 10 مىڭ ئائىلىدىن ئاشىدىكەن...... تولىسى ئۇيغۇرلار ئىكەن ...... ئۇ يەردىن تۆت كۈن مېڭىپ كەش شەھىرىگە باردۇق (شەھەر سەبزە). قاغاننىڭ ئەمرى بىلەن، تۈمەن بېگى بورلۇچىنىڭ مىڭ نەپەر موڭغۇل-ئۇيغۇر ئەسكىرى ھىمايىسىدە تۆمۈر قابۇقتىن ئۆتۈپ، تاغدىن ئاشتۇق. يەتتىنچى كۈنى دەريادىن (ئامۇ) كېمە بىلەن ئۆتتۇق......“ مەلۇمكى، كۆكتارتىنىڭ غەربىدە ئۇيغۇر قەۋمى كەڭ تارقالغان. تارىخچى لىۋپىتاڭ بۇ دېيىلگەن ئۇيغۇرلار شۇ دىياردىكى مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن دەپ ئىزاھلىغان.

چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان كەڭرى زېمىننى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئۇلۇشى (ئۇلۇسى) ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خىيۋىگىچە بولغان كۆپ قىسمىنى ئۆز تەۋەسىگە ئالغانىدى.

ئۇيغۇر خەلقى يەنە يايىق ۋە سىر ۋادىلىرىدا ھەم خارەزىمدىمۇ ئاساسىي ئاھالىلەردىن بىرى سۈپىتىدە تاكى 16-ئەسىرگىچە ئۆز نامى بىلەن ياشاپ كەلگەن. 17-ئەسىردە ئۆتكەن ئەبۇلغازى خان يازغان «شەجەرەئى تۈرك»دە قەيت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى خاننىڭ بەشىنچى ئوغلى شەيبانىخان ئىدى. شەيبانىخاننىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ،

ئىككىنچى ئوغلى باھادىرخان ئىدى: بۇنىڭ چوڭ ئوغلى جوجى بۇغا، بۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىڭ تېمۇر (مىڭكە تېمۇر) نىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۈچىنچىسى پولاد، بۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم، بۇنىڭ ئوغلى دەۋلەتشەيخ، بۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلخەير، بۇنىڭ ئون بىر ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئېتى مۇھەممەد، لەقەبى شاھبەخت، ئۆزى شائىر ئىدى؛ شەيبانىخانىنىڭ نەسلىدىن (يەتتىنچى ئەۋلادى) بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە شەيبانىنى تەخەللۇس قىلغانىدى. 16-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئامۇ دەريا ۋە فەرغانە ۋادىلىرىگە ئۆزبېك كۆچمەنلىرىنى باشلاپ كىرگەن مەشھۇر زات ئەنە شۇ مۇھەممەت شەيبانىدۇر.

جوجى خانىنىڭ ئوغلى شەيبانىخانىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى (چەۋرىسى) مىڭ تېمۇرنىڭ ئوغلى پولاد ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ ئىبراھىم ۋە ئەرەبشاھ دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. "... ئاتلىق ئۆزبېك بۇ ئىككىسىنىڭ ئېتىنى ئەيىا ئەرەب دەر ئىدى. پولاد ئۆلگەندىن كېيىن ئاتىسىدىن قالغان ئەللەرنى ئىككىسى بۆلۈشۈپ، ئىككى ئاغا-ئىنى بىر يەردە كۆچۈپ-قونۇپ، يايىقنىڭ بېشىدا يايلاپ ۋە سىرنىڭ ئاياقىدا قىشلاپ، ئىناقلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئەرەبشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ھاجى تولى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئەلگە پادىشاھلىق قىلدى...... ھاجى تولى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى تېمۇر شەيخ ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ يىگىتلىك ۋاقتىدا قالماقتىن ئىككى مىڭ كىشى كېلىپ، ئېلىنى بۇلاپ-تالاپ كەتتى. تېمۇر شەيخ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ ...... شەھىد بولدى. ھېچ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئەلنى ياۋغا چاپتۇردى. تۆرەسىدىن ئايرىلدى ۋە پادىشاھىدىن ئىنى ياكى ئوغلى قالمىدى. ئۈچ ئۇمىدسىزلىك قوشلاپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن، يان-يانىشا ئولتۇرغان خەلق ئۆزگە تۆرىلەرگە كەتتى. ئاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، ئوردا ئىشىكىگە كەلدى. خانىمغا كىشى كىرگۈزدى...... خانىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە قوماللىرى كۆپ ئىدى. (خانىمگە

كىرگۈزۈلگەن كىشى دېدىكى) بۇنى ياخشى سۈرۈشتۈرسۇن، ئەگەر بىرسىنىڭ بويىدا بولسا، بىز كەتمەيلى، بالا تۇغۇلغانغىچە بۇ يەردە ئولتۇرايلى، خانىم: مېنىڭ ئۈچ ئايلىق ئوغلانىم بار، دېدى. بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئوردا بىلەن بىللە تۇردى...... ئالتە ئايدىن كېيىن ئوغۇل تۇغۇلدى، ئېتىنى يادىكار قويدى...... ئاندىن كېيىن، ئاتىسىدىن قالغان نەۋكەرلىرى ئۇمىدلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئىشكتە (سارايىچىقتا) بېشى پۈتۈن، يەڭلىك-ياقلىق ئەل ئۇيغۇر بىلەن نايمان بولدى". بۇ يەردە دېيىلگەن ئــۇيغۇر خەلقى 14-ئەسىردىن ئىلگىرىلا، شۇ رايوندا ياشاپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئــوتــتــۇرا ئاسىيانىڭ فەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدا ئىلگىرى ماكانلاشقان ۋە ئۆزگە خەلقلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن باشقا، 13-14-ئەسىرلەردە، "موغۇلىستان"[①]ياكى "قەشقەرىيە"دىن غەربكە ئۇيغۇر قەۋمىدىن ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى، بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمىدىن تۈركۈملەپ كۆچكەن.

13-ئەسىردە، چىڭگىزخاندىن يېڭىلىپ، موڭغۇل يايلىقىدىن قېچىپ كەلگەن نايمانلار باشلىقى كۈچلۈك قاراكىتان-گورخانىنىڭ تەختىنى (ئوردۇ بالىقنى) ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سىياسىي-دىنىي جەھەتتە قاتتىق زوراۋانلىق قىلغان؛ ھەتتا خوتەن ۋىلايىتىدە دىنىي مۇجادىلە تۈپەيلىدىن مىڭلىغان زىــيــالــيــينى قەتلى ئام قىلغان. شۇ دەۋردە، بىرمۇنچە كىشىلەر غەربكە

① چاغاتاي ھايات چېغىدا، ئۇنىڭ ئۇلۇشى (ئۇلۇسى) "خانلىق" دەپ ئاتالمىغان. ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى موڭغۇل قــەۋمــىگە مەنسۇپ تەبىقە نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇلۇشنىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى ھاكىمىيەت مەركىزى جايلاشقان قىسمى باشقىلار تەرىپىدىن "موغۇلىستان" دەپ ئاتالغان.

ــــتۈركىستانغا ھىجرەت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن (چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزى بەگ-ئۆزى خان بولۇشۇپ، خانلىق تالىشىپ، جەڭ-جېدەل قىلدى. جۇملىدىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونى يەنە "پۈتمەس-تۈگىمەس جېدەل-ماجرا مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى؛ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە ۋەيران بولۇشقا باشلىدى".

ئاھالىنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىدىن ئۇرغۇن كىشىلەر "موغۇلىستان"دىن "تۈركىستان"غا ھىجرەت قىلدى. بۇلار كۆپىنچە فەرغانە رايونىدا ئەنجان ۋىلايىتىگە (بېلىقچى، ئەسەكە، قاراسۇ، ئاقتاچى، ئۇيغۇر قىشلاق، شەرىخان ناھىيىلىرىگە)، ئىسسىق كۆل بويىغا (قارا قول، قاراسۇ، نارىن، ئوش، توختۇكۆل قاتارلىق جايلارغا)، ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق كەتكەنلەر خارەزمغا، خوراسانغا، ھىرىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

بۇ ئۇيغۇر "مۇھاجىرلىرى" شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت-مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مەلۇم رول ئوينىغان؛ ھەتتا تۆمۈرىي سۇلالىسىدە ھەربىي-مەمۇرىي مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن. چىڭگىزخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەۋرىلىرى زامانلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممە مۇشاۋۇرلىرى ۋە بىتىكچىلىرى ھەم دەپتەردارلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان. ئەبۇلغازى خان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىكرى» دېگەن بابىدا مۇنداق يازغان: "ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىل بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى، دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلۇرلەر ئەردى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. چىننىڭ يۇرتلىرىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتەردارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويۇپ ئەردىلەر. چىڭگىزخاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئوگاداي خان خوراسان، مازاندىران

ۋە گىلاننى ئۇيغۇر كۆركۈز دېگەنگە ئاپشۇرۇپ ئەردى. ئول ياخشى ھسابدان ئەردى......".

"ئەمىر تۆمۈر مەھكىمىلىرىدە ئىش ئالاقە قەغەزلىرى تامامەن ۋە باشتىن ئاخىر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى. ئۆمەر شەيخنىڭ مەرغىلانىدىكى مىرسەئىدكە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ چۈشۈرۈلگەن يارلىقى 1456-يىلى تۈزۈلگەن" («توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى» نەزەردە تۇتۇلىدۇ).

بۇ زامانلاردا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مۇمتاز ئەدىب-شائىرلار فەرغانە، خارەزم ۋە ھىراتلاردا مەشھۇر ئىدى. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىي ئۇزۇن بولىغاسىنىڭ مەلىكۇل كەلامى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز پادىشاھى) دەپ تەۋسىيلىگەن مەشھۇر شائىر لۇتفى «نەرگىس كۆزۈڭ» دېگەن غەزىلىدە:

"يالغۇز ھىيرىدا يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،<br>شېئىرىڭ شىئارى، لۇتفى، خىتاۋۇ خوتەندە بار"

دېگەن بېيىتى بىلەن ئەسلى يۇرتىدىن بىشارەت بەرگەن. شۇنىڭدەك يــاركەنتنىڭ سەككىچى (ھازىر پەكىچى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) يېزىسىدىن ھىجرەت قىلغان سەككاكىيلەر ئائىلىسى ئاۋۋال خارەزمدە، كېيىن ئالمالىق ھەم سەمەرقەنتتە ياشىغان. شائىر سەككاكىنى نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە "ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چېچەنلىرىدىن مەۋلانا سەككاكى" دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدەك "كاشغەر ئەدەبىي تىلى" ئەنئەنىسى بويىچە ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدە ئىجاد ئەتكەن شائىر سەيفى (ھاجى ئەمىر سەيفۇددىن) قاتارلىق ئەدىبلەر ئۆتكەن.

تۈركىيە تىلشۇناسلىرىدىن ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ يازغان ئەسەرلىرىدە: "ھۇلاكۇ ۋە تۆمۈر زامانىدىن باشلىنىپ، شاھرۇخ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يېتىشىپ تۈركىيچە شېئىر يازغان ھەيدەر

www.uyghurkitap.com

خارەزمى، ئەتايى، سەككاكى، مۇقىمى، يەقىنى، ئەمىرى، گەدائى، لۇتفى ۋە باشقا شائىرلار"نى ساناپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا پاكىتلار ئاساسىدا تۆۋەندىكىچە ئىزاھ بەرگەن:

ھەيدەر — «مەخزەنۇل ئەسرار» («سىرلەر خەزىنىسى»)نىڭ مۇئەللىپى. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان 32 بېيىتى رەشىت رەخمەتى ئارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان(TDED. XⅡ).

سەككاكى — بۇ شائىرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى غەزەللىرى ئوسمان ف. سىرتقايا تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان (TDED. XX ئىستانبۇل).

ئەمىرى — «دېھنامە»سىنىڭ دەسلەپكى قىسمىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان 23 بېيىتى ر.ر. ئارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان (ئىستانبۇل. 1953).

لۇتفى غەزەللىرىدىن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىرى ئوسمان ف. سىرتقايا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان (TDED. XI).

بۇ زامانلاردا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئەدىبلەر ئادەتتە مەھمۇد قەشقەرى زامانىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ قايسى ئۇلۇس-ئېلەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئانچە ئىزاھلاپ تۇرمىغان. پەقەت "تۈركىي تىل"نى ئانا تىل دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ مىللىي خاسلىقىنى "ئۇغۇزچە" ۋە "تۈركچە" دەپ ئىككى قولغا بۆلۈنگەن تىل پەرقىنى ئاساس قىلىپ، قايسى قولغا مەنسۇپ تىلدا يازغانلىقىغا قاراپ ئايرىش مۇمكىن.

## IV خۇلاسە

ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلغان ئەدىبلەرنىڭ پېشۋاسى، تۈركىي جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ قويۇلغان ئىسمى (ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا — غىياسىددىنغا ئەگەشتۈرۈپ) نىزامىددىن؛ مەكتەپتە

ۋە جەمئىيەتتە قوللىنىپ ئادەتلەنگەن ئىسمى ئەلشىر (بەزىلەر بۇ ئىسمنى نەۋائى بالىلىقىدىلا چىچەن، ئاق كۆڭۈل ۋە جۈرئەتلىك، مۇرتەزا يەنى تەكتۈشلىرى ئارىسىدا كۆزگە چېلىقارلىق بولغىنى ئۈچۈن، چھار يارلاردىن "ئاللاھنىڭ شىرى" دەپ تەۋسىپلەنگەن ھەزرىتى ئەلىگە تەشبىھ قىلىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ) . سۇلتان ھۇسەين بايقاراغا ئۇن يىللاپ ئەمىر بولغىنى ئۈچۈن، ئەمىر ياكى مىر دېگەن نامنى قوشۇپ ئاتىغان. شۇڭا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلشىر ياكى ئەمىر (مىر) ئەلشىر دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. تۈركىي ئىجادىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى "نەۋائى" پارسىي غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى "فانىي"، تولۇق ئىسمى نىزامىددىن ئەلشىر نەۋائى، ئائىلىۋى نەسەب جەھەتتىن "ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن" كىچىك باھادىر غىياسىددىن باخشىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىدۇر.

بۇ مەشھۇر زات — نەۋائى، زەھىرىددىن بابۇرنىڭ ئېنىق بېرىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۆز ئەسەرلىرىنى "ئەنجان تىلى" بىلەن يازغان؛ ئەنجان "ئېلى تۈركدۇر، ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىلەن راستدۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، مىر ئەلشىرنىڭ مۇسەننىفاتى باۋۇجۇدكىم ھىرىدە نەشئۈنەما تاپىپدۇر، بۇ تىل بىلەدۇر". ئەنجاننىڭ شەرقىي "كاشغەر"، "ئەنجان تىلى" بىلەن "كاشغەر تىلى" تۈركىي تىلىنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسى (تىلشۇناسلىقتا تۈركولوگلار ئادەتلەنگەن نام بويىچە ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسى) خاقانىيە تىلىنىڭ ئېمىلداش شۆبىلىرىدۇر.

دېمەك "ئۇيغۇر ئەسلىلىك" نىزامىددىن ئەلشىر نەۋائى XV ئەسىر-دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساس بولغان "تۈركىي تىل" سەنئەتكارىدۇر. نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ تىلى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى چوڭقۇر-لاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئەلشىر نەۋائىنىڭ ھاياتى ـ پائالىيىتى

نىزامىددىن ئەلشىر ھىجرى 844-يىلى رامىزاننىڭ 7-كۈنى (مىلادى 1441-يىلى فېۋرالنىڭ 9-كۈنى) ھىراتتا تۇغۇلغان. شۇ كەمگىچە ئېنىقلانغان مەلۇماتقا كۆرە، ئەلشىر غىياسىددىن باخشىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، دەرۋىش ئەلى دېگەن ئىنىسى بولغان. «م - ن»نىڭ بەشىنچى مەجلىسىدە، نەۋائى: "مىر ئىبراھىم — سۇلتان ھۇسەيىن (شەيخ بەھلۇلبەگنىڭ ئوغلى) نىڭ ئوغلىدۇر ۋە فەقىرنىڭ ئاغاسىنىڭ نەبىرەسىدۇر. فەقىر ئانى ئوغۇلچىلاي ئاسراپمەن" دەپ قەيت قىلغىنىغا قارىغاندا، ئەلشىرنىڭ ئاكىسى بولغان.

ئــاتــىسى غىياسىددىن باخشى مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىمگە ۋە ئەدەبىياتقا قــىزىــقىدىغان زات ئىدى. ئەلشىرنىڭ ئىككى تاغىسى بولغان. نەۋائى «م - ن» نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە يېزىشىچە: "مىر سەئىد — ئەل ئاراسىدا كەبۇلى لەقەبى بىلە مەشھۇردۇر. فەقىرغە تاغايى بولۇر. ياخشى تەبئى بار ئەردى. تۈركچەگە مەيلى كۆپرەك ئەردى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئىلكىدە سەرەخس قورغانىدا شەھىد بولدى". "مۇھەممەد ئەلى — غەرىبى تەخەللۇس قىلۇر ئەردى: ئول ھەم فەقىرغە تاغايى بولۇر ئەردى. مىر سەيىد كەبۇلىنىڭ ئىنىسىدۇر. خۇش مۇھاۋەر ۋە خۇش خۇلق ۋە خۇش تەبئى ۋە دەردمەند يىگىت ئەردى ۋە كۆپرەك سازلارنى ياخشى چالار ئەردى. ئۈنى ۋە ئــۇســۇلى خوب ئەردى. ئىلمى مۇسىقىدىن ھەم خەبەردار ئەردى.

خوتۇنى خوب بىتەر ئەردى. ئەگەرچە بۇ فەقىرنىڭ قەۋم ۋە خەيلى سۇلتان ساھىب قىران (ھۇسەين بايقارا) نىڭ بايرى (سىنالغان) قۇللارى ۋە مەۋرۇسى (مىراس قالغان) بەندەلەردۇرلەر... سۇلتان ساھىب قىران خىزمەتىدە غۇربەت ئىختىيار قىلىپ، سەمەرقەندىدە قالغاندا، ئاغاسىنىڭ قاتىلى ئانى ھەم شەھادەت مەرتەبەسىغە يەتكۈزدى".

دېمەك، ئەلىشىرنىڭ ئىككى شائىر تاغىسى بولغان. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسى مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە ئەدىبلەر ئائىلىسى ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدىنلا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ھەممەتلىك ئاتىسى ئالىملار، شائىرلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ سۆھبەت-مۇكالىملىرىگە ئەلىشىرنى بىللە ئېلىپ بارغان. سۆھبەتچىلەرنىڭ پايدىلىق سۆزلىرى ۋە خوش ئەدەبلىرى گۆدەك ئەلىشىردە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان. شۇڭا، ئۇ ئۆزلىكىدىنلا شېئىر-نەزم ئۆگىنىشكە بېرىلگەن. «م - ن» نىڭ بىرىنچى مەجلىسىدە، بۇنى ئەسلەپ مۇنداق يازغان: "بۇ فەقىر ئاۋۋال نەزمكىم ئۆرگەنىپمەن... ھە مانا ئۈچ ياش بىلەن تۆرت ياشنىڭ ئاراسىدا ئەردىم. ئەزىزلەر ئوقۇماق تەكلىفى قىلىپ، بەئزى ھەيرەت ئىزھارى قىلۇرلەر ئەردى ۋە مەسنەۋىلەرى ھەزرەتى مەۋلانا جەلالىددىن رومى مەسنەۋىسى ۋەزنىدىكىم رەمەلى مۇسەددەس دەرلەر، ۋاقىئ بولۇپتۇر...".

ئەلىشىر سەبى-باللىق چېغىدا، شاھزادە-ئەمىرزادىلەر بىلەن بىللە تەربىيىلەنگەن. بۇ مۇھىتتا ياشىشىغا ئۇنىڭ ئائىلىۋى نەسەبى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئەلىشىرنىڭ باباسى - ئاتىسى تۆمۈرىي ھۆكۈمدارلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن تۆمۈرىيلەردىن مىرزا بايقارانىڭ ئوغلى مەنسۇر بىلەن ئېمىلداش بولغان. ئەلىشىرنىڭ مومىسى مەنسۇرنىڭ ئېمىك ئانىسى ئىدى، مىرزا مەنسۇر ھۇسەين بايقارانىڭ ئاتىسىدۇر. شۇ مۇناسىۋەت ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئەلىشىر ھۇسەين بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلىق چىغىدىن يىقىن ئۆتكەن، بىر مۇددەت بىللە ئوقۇپ، بىللە تەربىيىلەنگەن.

ئەلشىر تۆت يېشىدا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرغان. ئەمما، ئوقۇشى ئۈزۈلۈپ قالغان، چۈنكى بۇنىڭغا زامان مالىمانچىلىقى سەۋەب بولغان.

ئەلشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن باخشى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شاھرۇخ مىرزا سەلتەنەتىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ئەلشىر ئالتە-يەتتە ياش چېغىدا، يەنى 1447-يىلى شاھرۇخ مىرزا ئۆلۈپ، تۆمۈرىي شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت-تاج تالىشى تۈپەيلىدىن جەڭ-جېدەل كەسكىنلىشىپ، يۇرت مالىمان بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تەرەپ-تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ قاتاردا غىياسىددىن ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئىراققا كۆچۈپ بارغان. بۇ توغرىدا ئەلشىر «م - ن»نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە مۇنداق ئەسلىگەن: ”شاھرۇخ سۇلتان بۇزۇقلۇغىدا، فەقىرنىڭ ۋالىدى جەمائەتى كەسىر بىلە روزگار ھەۋادىسى ۋە فىتنەسىدىن خوراساندىن قاچىپ، ئىراققا بارۇردا يەزدقەكىم... يارىم كېچەدە يېتىپ تۈشتىلەر... تەخمىنەن ئالتە ياشىمدا بولغاي ئەردىم“. ئاندىن كېيىن ئەلشىر مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى خانەقاھىغا تاڭ ئاتقاندا باشقىلار بىلەن كىرگەنلىكى، مەۋلانانىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەنلىكى ۋە مەۋلانا ئۇنىڭ زەكىلىكىدىن خۇرسەن بولۇپ فاتىھە ئوقۇغانلىقى، بۇ زاتنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا ئۆزىدە شۇئۇر (چۈشۈنچە) ھاسىل بولغانلىقىنى يازغان.

ئەلشىرنىڭ ئائىلىسى ئىراقنىڭ تەفت شەھرىدە ئۈچ يىلچە تۇرۇپ قالغان. ئەمما ئەلشىر ئوقۇشنى تەرك ئەتمىگەن. خوراساندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بېسىققاندىن كېيىن، غىياسىددىن ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن؛ ئەبۇلقاسىم بابۇر ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغان. ئۇزۇن ۋاقىت

ئۆتمەي ئەبۇلقاسىم بابۇر ئۇنى سەبزەۋارغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەلىشىر ھىراتتا قېلىپ ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرغان. مەكتەپتە ۋە ئائىلىدە، تېگىشلىك دەرسلەرنى بېرىلىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ قىزىقىپ ئوقۇغان. ئۇ شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» كىتابلىرىنى، فەرىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» («قۇشلار مەنتىقىسى») ئەسىرىنى تەكرار ئوقۇپ، يادلىۋالغان. نەۋائى 60 يېشىدا يازغان «لىسانۇت تەير» («قۇشلار تىلى») ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ بالىلىق چېغىنى مۇنداق ئەسلىگەن:

”بۇ ۋاقىئە يادىمغا شۇنداق كېلىدۇكى: بالىلىق چېغىمدا... بالىلار دەرسنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن بىر نەۋدۇ ئاۋاز چىقىرار ئىدى. دەرسنىڭ ئازابىدىن، ’يا، خۇدا‘ سۆزىنى تەكرار ئېيتىشتىن بەزگەنلىرىدە، مۇدەررىس ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىسىنى جانلاندۇرۇش، ساۋادىنى راۋان قىلىش نىيىتىدە، شېئىر ئوقۇتار ئىدى. بەزەن، «گۈلىستان» ، «بوستان» قىسسىلىرىنىمۇ ئوقۇتار ئىدى. ئول چاغدا، مېنىڭ ھەۋەسمەن تەبىئىتىم «مەنتىقۇت تەير»نى ئىستەر ئىدى. «مەنتىقۇت تەير»نى ئاستا-ئاستا تەكرارلاش نەتىجىسىدە، ساددا كۆڭلۈم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەھر ئالدى. تەبىئىتىم بۇ سۆزلەرگە ئاشىنا بولغاچقا، باشقا سۆزلەرگە مەيلىم قالمىدى. كىتابنىڭ ھېكايىلىرىگە ۋە قۇش تىلى بىلەن قىلىنغان كىنايىلىرىگە كۆڭۈلكۈپ كەتتىم. بىرەر سۆزدىن تەبىئىتىم ئېچىلسا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېيمىلىكىنى تېپىشقا ئىنتىلدىم. ئۇ كىتابنى ئوقۇش زەۋقى مېنى خۇش قىلار ئىدى. بىراق بۇنى ئىزھار قىلالماس ئىدىم. ئۇ كىتاب يالغۇزلۇق چاغلىرىمدا دوست بولدى. كىشلەرنىڭ ئاددىي سۆزلىرىنى ياقتۇرماس بولدۇم. بۇنداق ئەھۋالىمنى بايقىغان بالىلار چۇۋۇلدىشىپ، گەپ-سۆز قىلىشقا باشلىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاتا-ئاناممۇ ئىشىتتى. ئۇلار كۆپ ئەنسىرەپ، گويا بىلىمسىز كىشلەردەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار مېنى ئېلىشىپ قالمىسۇن

دېگەن ئەندىشە بىلەن، كىتابنى يوقىتىۋەتتى-دە، بۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى مەھرۇم قىلدى... مەن ئۇ شېئىرلارنى يادلاپ ئالغانىدىم، ھەر ۋاقىت ئۇلارنى يوشۇرۇنچە تەكرار قىلىۋر ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم ئاز بولۇپ، «قۇشلار مەنتىقىسى» بىلەن سىرداش ئىدىم».

ئەمما، ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، بارچە ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بەرگەن. ئاتىسىنىڭ ئۆمرى پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى ئىستېئدادىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان. ئەلىشىر 12-13 ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسى — غىياسىددىن باخشى ۋاپات بولغان. بۇ ھادىسە ئەلىشىرغا قاتتىق تەسىر قىلغان. ئۇ كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ھىراتىدىن ئەگەر ئوت تۇشسە سەبزەۋارغەچە،
بولاي سەمەندەرۇ تارتاي ئۆزۈمنى يارغەچە...

ئەمەسچۇ ئۆمر ئىشى مەئلۇم، ھەر نېچۈك بولسا،
ئۆزۈمنى يەتكۈرەيىن يار ئولۇر دىيارغەچە...

نەۋائى، غەمىم ئۆلتۈردى، غەمزەدە مەي بەر،
يوق ئەرسە باشلا مېنى يارى غەمگۇسارغەچە.

(«ف-ك»)

ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال دەرۋىش سۈپەت شاھ مۇھەممەد سۇلتان ئەلىشىرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئەبۇلقاسىم بابۇر قولىدا قالغان. ئەبۇلقاسىم

ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ھەر جەھەتتىن مەدەت بەرگەن. ئەلشىر بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. 15 ييشىدىلا شائىر سۈپىتىدە داڭقى چىققان. ئەسلىدە، 12 ياش چېغىدىلا، ئەلشىر ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلار بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئۇلار ئەلشىرنىڭ تالانتىدىن ھەۋەسلەنگەن. مەسىلەن، مەشھۇر شائىر لۇتفى خېلىلا ياشىنىپ قالغان چېغىدا، ئەلشىرنىڭ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ، يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەلشىرمۇ ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. تارىخچى خاندەمىر «مۇكارەمۇل ئەخلاق» كىتابىدا بۇ توغرىدا مۇنداق يازغان:

"مەۋلانا لۇتفى سۆز لۇتفىدە يېگانەئى دەۋران ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئېيتالمىغان. ئالىھەزرەت نەۋائى ئەمدىلا يېتىلىپ، يىگىتلىك دەۋرى باشلانغان پەيتلەردە، بىر كۈنى لۇتفى خىزمىتىگە باردى. لۇتفى: 'نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر غەزەلنى ئوقۇش بىلەن، بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز، دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئول ھەزرەت (نەۋائى) بىر غەزەل ئوقۇدىكى، ئۇنىڭ مەتلەئى مانا بۇدۇر:

ئارەزىڭ ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بويلەكىم پەيدا بولۇر يۇلدۇز نىھان بولغاچ قۇياش.

مەۋلانا جانابلىرى بۇ ئوتلۇق غەزەلنى ئىشىتىش بىلەن، ھەيرەت دېڭىزىغا چۆمۈپ، شۇنداق دېدى: "ۋەللاھ، ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون-ئون ئىككى مىڭ فارسىي ۋە تۈركىي بېيتىمنى شۇ غەزەلگە تېگىشەر ئىدىم ۋە بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى چوڭ مۇۋەپپىقىيەت ھېسابلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىم".

نەۋائى 15 يېشىدا، ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئەبۇلقاسىم بابۇر ھـۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىشقا كىرىشكەن. 1456-يىلى ئەبۇلقاسىم بابۇر مـەشـھـەدكـە يۆتكەلگەندە، ئەلىشىر ئۇنىڭ بىلەن مەشھەدكە كەتكەن. 1457-يىلى ئەبۇلقاسىم بابۇر ئۆلگەن. ئەلىشىر مەشھەددە قېلىپ ئوقۇۋەرگەن. ئەمما، ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا مەنسەپ ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىكى بىلەن، ئوقۇشنى تاشلاپ، مەرۋىگە كەتكەن ۋە ئۇ يەردە كۈچ توپلاشقا كىرىشكەن.

ئەلىشىر مەشھەددە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، پارسىي ۋە تۈركىي تىللاردا داڭقى چىققان شائىرلاردىن فىردەۋسى، نىزامى، خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە ئاتايى، لۇتفى، سەككاكىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇپ ئۆگىنىشكە باشلىغان.

نەۋائى بۇ ھەقتە «م - ن»دە مۇنداق يازغان:

"... مەلىكۇل قەلەم فىردەۋسى تۇسىي ۋە قۇدۋەتۇل مۇھەققەقىن شەيخ نىزامى گەنجەۋى ۋە سۇلتانۇس شۇئەرا ئەمىرۇل ئۇمەرا ھەزرەتى خاجە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى... بىز فەقىرلەر كىم ئۆزىمىزنى بۇ جەمائەتنىڭ رىزە چـىـنى خانى خۇشەچىنى خىرمەنى تۇتارمىز (داستىخىنىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋالغۇچىلار ۋە ئىلىم خامىنىدىن باشاق تەرگۈچىلەر ئورنىدا تۇتىمىز)، بەلكى ئول ھۈنەر ۋە قابىلىيىتىمىز ھەم يوقتۇر".

مەشھەددە ئىلىم تەھسىل قىلغان مەزگىللەردە، ئەلىشىر گۈزەل ئەخلاقى ۋە كـەمتەرلىكى بىلەن ئىلىم ۋە كامالەت ئەھلىنىڭ ھۆرمىتىگە سەزاۋەر بولغان. سەيىد ھەسەن ئەردەشىر، شەيخ كەمال تۇربەتى، مەۋلانا مۇھەممەد مۇئەممائى ۋە باشقا مۆتىۋەرلەر نەۋائىغا كۆپ مېھرىبانلىق بىلدۈرگەن. ئەلىشىر كېيىن «م - ن»نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە بۇ توغرىدا مۇنداق يازغان:

"شـەيـخ كـەمـال تـۇربـەتـى... خوراساننىڭ مۇئەييىنى رەڭگىن زۇرەفاسىدىن ئەردى (كۆزگە كۆرۈنگەن — تاللانغان ئوقۇمۇشلۇقلىرىدىن

ئىدى). فەقىر ئانى كۆرەرگە كۆپ ئارزۇم بار ئەردى. ئاشنالىغ بۇ نەۋئ ۋاقىئ بولدىكىم، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زەمانىدا، مەشكەمەددە غەرىب ۋە خەستە بىر بۇقئەدە (خانىقاھ ياكى ھويلا) يىقىلىپ ئەردىم، قۇربان ۋەقفەسى بولدى ... جەمائەتى مەۋلىۋەس ئەل (بىر توپ مەۋلىۋى سۈپەت كىشىلەر) سەيرى قىلىپ مەن ياتقان جايغا كېلىپ، تامغا بىتىلگەن ئەبياتنى ئوقۇپ، بىر بەيت ئۈستىدە بەھسغە تۈشتىلەر. بىر ئۇلۇغراق كىشىكىم، ئول جەمائەت ئاڭا تابىئ ئەردىلەر. ئول جەمائەتنى ئىلزام قىلدى (يېڭىۋالدى). فەقىر زەئىپ ھالدا ئول جەمائەت جانىبىدىن سۆز ئايتدىم. ئاڭا (جەمائەت) دېدىلەر كىم، بىمار يىگىت ھەم بىر سۆز ئايتادۇر. ئول ئۇلۇغراق كىشى شەيخ كەمال ئەرمىشكىم، زىيارەتكە كەلگەن ئەرمىش. باشىم ئۈستىگە كېلىپ، مەبھەسنى ئاراغا سالدى (بەھس تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى). ئول ھەم فەقىرنى ئىشتكەن ئېركەندۇر ۋە كۆرەر ھەۋاسى بار ئېركەندۇر... مەنزىلغە بارىپ (تۇرالغۇسىغا قايتىپ) تۆھفە ۋە تەبەررۇك سوۋغات يوسۇنى بىلەن يۇبەردى ۋە تا ئاندا ئەردى، دائىم كېلۇر ئەردى".

شۇ چاغلاردا ئەلىشىر ئابدۇراھمان جامى بىلەن تونۇشقان. بۇ تونۇشۇش ئەلىشىرنىڭ ھاياتىدا ۋە ئىجادىيىتىدە چوڭ رول ئوينىغان. ئەلىشىر جامىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئەلىشىرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى قابىلىيىتىدىن مەمنۇن بولغان جامى ئۇنى ئۆزىگە شاگىرت ھەم پەرزەنت ھېسابلىغان. ئەلىشىر يازغان ئەسەرلىرىنى جامىغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن پىكىر-مەسلىھەت ئېلىپ تۇرغان.

نەۋائى 18 — 19 ياشلىرىدا، مەشھەددىن ھىراتقا قايتقان. بىراق ھىراتتا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. ھىجرى 863-يىلى (مىلادى 1458-يىلى) ئاخىرلىرىدا، ھىراتنى ئىگىلىگەن ئەبۇسەئىد مىرزا جاھىل ۋە رەھىمسىز ھۆكۈمران ئىدى. ئەبۇسەئىد ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغبەكنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى قەتلى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆمەر شەيخ، شاھرۇخ ۋە ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال-مۈلكەتلىرىنى دىۋانى قىلىپ (مۇسادىرە قىلىپ)، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى زىندانغا تاشلىغان ياكى سۈرگۈن قىلغان. خەلققە بولسا، ھەرخىل ئالۋاڭ-ياساق سالغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى تالان-تاراج قىلىپ تۇرغان. بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەردىن ئەلشىرمۇ ئامان قالمىغان: ئۇنىڭمۇ ئاتا مىراسى دىۋانى قىلىنغان. بۇ ھەقتە نەۋائى «ھالاتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

"سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھەر كىشىدە جەۋاھىر بولسا ئالىپ، بولماسا تەفەھھۇسىدە (قورقۇتۇشتا) مۇبالىغەلەر قىلىپ، ئەنۋارى ئىزا ۋە زەرەر يەتكۈزەر ئەردى". شۇنىڭدەك، ئەبۇسەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندىكى قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەتلەرنى مەشھەددىكى ئۇستازى ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان شېئىرىي مەكتۇبىدا روشەن تەسۋىرلىگەن.

ئەبۇ سەئىد مىرزا ئەلشىرگىمۇ دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىغان. بىرىنچىدىن، ئەلشىر بولسا ئەبۇسەئىدكە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھۈسەين بايقارانىڭ ساۋاقداش دوستى ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئەلشىرنىڭ تاغىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ئەبۇسەئىد ئۇنىڭدىن ئۆزىگە قارشى ۋە قىساسكار دەپ خەۋپسىرەيتتى. دېمىسىمۇ، ئەلشىر ئەبۇسەئىدكە قارشى جاي-جايلاردا كۆتۈرۈلگەن خەلق ھەرىكەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئەبۇسەئىد مىرزا ئەلشىرنى تەخمىنەن 1458-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھىراتتىن سەمەرقەنتكە سۈرگۈن قىلىۋەتكەن.

ئەلشىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «م - ق» ناملىق ئەسىرىدە مەشھەددە ۋە ھىراتتا ئەنە شۇ يىگىتلىك مەزگىلىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق يازغان: "گاھ شەھرىم ئېلى سىتەمىدىن غۇربەتقە تۈشتۈم

ۋە گاھ ئەزىزلەر خىزمەتىدىن ئۆزۈمنى بەھرىمەند ۋە سۆزۈمنى دىلپىسەند تاپتىم".

ئەلىشىر پارسىي تىلنىمۇ خۇددى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندەك پىششىق بىلگەن. شۇڭا ئۇ "زۇللىسانەيىن" (ئىككى تىل ئىگىسى) دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئەلىشىر تۈركىي تىلدا يازغان ئەسەرلىرىگە "نەۋائى" سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان. "نەۋائى" — "نەۋا" سۆزىدىن ئېلىنغان، نەۋانىڭ مەنىلىرى — ئاۋاز، ئۈن-سادا؛ كۈي، ئاھاڭ، مۇڭلۇق ئۈن؛ بايلىق؛ نەسىب، بەھرە. پارسىي ئەسەرلىرىگە "فانى" سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان، فانىنىڭ مەنىسى — يوقالغۇچى، تۈگىگۈچى، ئۆتكۈنچى، يەنى "باقى" (مەڭگۈ، ئەبەدى) نىڭ ئەكسى.

ئەلىشىر ھىراتتا ئىككى جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىغان: بىرى، ئەبۇسەئىد مىــــرزا ئــۇنــى ماددىي بايلىقىدىن مەھرۇم قىلىپ، يوقسۇللۇق ھالىتىگە چۈشۈرگەنلىكى ئۈستىگە، تەقىپ ئاستىغا ئالغان؛ يەنە بىرى، ۋەدىلەشكەن مــەشۇقى ئۆز دۆلەتمەن ئائىلىسىنىڭ تەسىرىدە، ۋاپاسىزلىق قىلىپ، يۈز ئۆرۈگەن، مۇھەببەتتىكى بۇ مەغلۇبىيەت ئەلىشىرگە قاتتىق زەربە بولغان.

نەۋائى ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان شاھى — ئەبۇلقاسىم بابۇردىن ئايرىلغان ھەم ماھى — يارىدىن ئايرىلىپ يىغان چەككەن ھالىتىنى ئەسلەپ غەزەللەر يازغان، جۈملىدىن:

چەرخ ئايرىدى تېز ئېتىپ نالەمنى ھەم، ئاھىمنى ھەم،
مېھرىبان شاھىمنى ھەم، نامېھرىبان ماھىمنى ھەم.

ھەر كىشى دىلخاھۇ دىلجويۇم ئىدى، سالدى يىراق،
شاھى دىلجۇيۇمنى داغى، ماھى دىلخاھىمنى ھەم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاندا شاھىم يادى، كۆڭلۈم ئىچرە ماھىم فۇرقەتى،
دەڭ ئاڭا قۇللۇق، بۇ بىرگە شايەلىللاھىمنى ھەم...

ئەي فەلەك، شاھۇ مەھىم شەمئى رۇخىدىن غەم تۈنى،
يارۇتۇپ ئۆي، يولغا كەلتۈر بەختى گۇمراھىمنى ھەم...
(«ف-ك»)

دېگەن غەزەللەرنى يازغان.

سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋائى تەربىيىچى ۋە ياردەمچىلەرگە ئېرىشىپ، ياشاش ۋە بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. سەمەرقەنت بېگى ۋە ئاتىسىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان ئەھمەد جامى بەگ ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئەلىشىر نەۋائى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن دەسلەپتە خوجا جەلالۇددىن ئەبۇللەيس خانىقاسىغا ئورۇنلاشقان. نەۋائى كېيىن يازغان «م - ن» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ سەمەرقەنتتىكى ھاياتىغا كېپىللىك قىلغان شەخسلەر توغرىسىدا مۇنداق تەۋسىپلىگەن:

"ئەھمەد جامى بەگ سۇلتان مەلىك كاشغەرىيىنىكىم، — زەمانەسىنىڭ بېــبەدەللىرىدىن (تەڭدىشى يوقلاردىن) ئەردى، — ئوغلىدۇر. ۋەفائى تەخەللۇس قىلۇر. سۆرەتى خۇش ۋە سىيرەتى دىلكەش، ئەخلاقى ھەمىيدە ۋە ئەتۋارى پىسەندىدە يىگىتدۇر. خوراساندا تەربىيەت تاپتى. ھىرات دارۇس سەلتەنەسىدە ئون يىلغا يېقىن ھۆكۈمەت قىلدى ۋە سەمەرقەند مەھفۇزەسىدە مۇددەتى ھاكىم ئەردى ۋە بىر قەرنە بولار باردىكىم، ئىستىقلال بىلەن ئەمارەت ۋە ئىستىقرار بىلەن پادىشاھىغا نەيابەت قىلادۇر. باۋۇجۇد بۇ بەگنىڭ سىپاھىيلىغىدا جەلادەت ۋە بەھادۇرلۇغىنى ھەر كىشى تانۇر، مۇسەللەم تۇتار، تەبئى بەغايەت خوب ۋاقىئ بولۇپدۇر ۋە نەزمغە كۆپ ئىلتىفاتى بار".

نــەۋائــى «ساقىينامە» سىدىمۇ ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان كىشلەرنى

ئەسلىگەندە، ۋەفائى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

بىرىنكىم قالدى، بەسى كۆپ قالسۇن،
ئۆمر كامىنى جەھاندىن ئالسۇن.

چۇن ۋەفائى بىلە بولدى مەشھۇر،
ئەيلەسۇن ئۆمرى ۋەفا بىرلە زۇھۇر.

كۆڭلى چۇن تاپتى ۋەفا ئىچرە سەفا،
دەكى، مۇنداق دىبدىلەر ئەھلى ۋەفا.

كىم، ۋەفا ساغەرىدىن ئالساڭ كام،
ئىچ، ۋەفا ئەھلىنى ياد ئەيلەپ جام.
(«ف-ك»)

نەۋائى «م - ن»دا، خوجا فەزلۇللاھ ئەبۇللەيس توغرىسىدا مۇنداق يازغان: ”سەمەرقەند ئەكابىرىدىندۇر. فەقىھ ئەبۇللەيس ئەۋلادىدىندۇر. فىقىھدە ئانى ”ھەنەفەئى سانى“ (ئىككىنچى ئەبۇھەنىفە — ئىمام ئەئزەم) دەرلەر ئەردى ۋە ئەرەبىيەدە ئىبنى ھاجىب كەففەسىغە تۇتارلار ئەردى...... فەقىر ئىككى يىل ئانىڭ قاشىدا سەبەق ئوقۇدۇم، ئانچە ئىلتىفاتى بار ئەردىكىم، فەرزەند دەر ئەردى، شېئىر ۋە مۇئەمماغا داغى مايىل ئەردى“.

نەۋائى سەمەرقەنددە ناھايىتى بىرىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىللە، شېئىرىي ئىجادىيەتتىمۇ ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقان. بۇ چاغدا يازغان غەزەللىرىنىڭ تېماتىكا دائىرىسى ئاساسەن، ئىشق-مۇھەببەت فىراقى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھىجرانلىقتىن ئىبارەت بولغان. نەۋائىينىڭ سەمەرقەندتىكى ھاياتى بىلىمدە ۋە ئىجادىيەتتە ئۆسۈپ-يېتىلىش ھاياتىدۇر.

سەمەرقەند — ئۇ زاماندا مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ يەرگە كۆپ ئۆلۇمالار، ئەدىبلەر يىغىلغانىدى. مەسىلەن، مىرزا بەگ، مىرزا ھاجى سوغدى، مەۋلانا يەھياسىبەگ، مەۋلانا سەيفى، سەيف قۇتب سەمەرقەندى ۋە باشقىلار. بۇ شەھەرگە فەرغانە، تاشكەنت، بۇخارا، ھىراتلاردىن كىشىلەر كۆپلەپ كېلىپ ئوقۇيتتى. سەمەرقەندتە، ئەلىشىر فەزلۇللاھ ئەبۇللەيس ۋە ئۇلائى شاشى مۇدەررىسلىك قىلغان مەدرەسەدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر مۇھاكىمىلەرگە، شېئىرىيەت توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرگە ۋە ھەرخىل ئىلمىي سۆھبەتلەرگە قىزغىن قاتناشقان. جۇملىدىن، ئاتائى، سەككاكى، يەقىنى، مۇقىمى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ بەدىئىي مىراسلىرىنى ئۆگەنگەن. رەسمىي دەرسلەردىن تاشقىرى بۇ پائالىيەتلەر ئەلىشىرنىڭ ئىجادىي ۋە ئىلمىي ھاياتىدا كۈندىن-كۈنگە پەللىمۇ پەللە يۈكسىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەلىشىر مەيلى ھىرات ياكى مەشھەد ۋە ياكى سەمەرقەندلەردە بولسۇن، تۈرلۈك ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئۆزىنىڭ كۈنلۈك ھاياتىدا زۆرۈرىيەت دەپ بىلگەن. تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، فىقھشۇناسلىق، ئىلمىي ئەرۇز ۋە سەنايىئ (شېئىرىيەت بىلىملىرى)، ئىلمىي ھەيئەت (ئاسترونومىيە) قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىللە، خەتتاتلىق، مۇزىكىشۇناسلىق جەھەتلىرىدىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ بىلىم ھاسىل قىلغان. بۇ جەھەتتە ئۆزىگە ئۇستاز بولغۇچىلاردىن بەزىلىرىنى ئۆز ئەسىرىدە ئەسلەپ ئۆتكەن:

"مەۋلانا يەھياسىبەگ — خوراسان مۇلكىنىڭ رەڭگىن فازىلى ئەردى. كۆپ ئۇلۇم ۋە فۇنۇندا ماھىر ئەردى. سەنايىئ ۋە ئەرۇز فەنىدە بارچە ئەل ئانى مۇسەللەم تۇتار ئەردىلەر... بۇ فەقىر ئەرۇز فەنىدە ۋاستە بىلە

مەۋلانانىڭ شاگىردىمەن".

"دەرۋىش مەنسۇر — دەرۋىش ۋە پەرھىزكار ۋە مۇرتاز كىشى ئەردى ... ۋە ئەرۇز ۋە سەنايىئدە مەۋلانا يەھيا سىبەگ شاگىردىدۇر... ۋە فەقىر ئەرۇزنى دەرۋىش قاشىدا ئوقۇپمەن".

"خوجا يۇسۇف بۇرھان — فەقىر مۇزىكا فەنىدە ئانىڭ شاگىردىمەن".

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىمۇ بىرقانچە كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان، تۈرلۈك چالغۇلارنى چېلىشنى بىلگەن. شۇڭا، ئەلىشىر شائىر بولۇش بىلەن بىللە كومپوزىتور ئىدى. موللا ئەسمەتۇللا «تارىخى مۇسىقىيۇن» دا، نەۋا مۇقامىنى نەۋائى تەسنىف قىلغان (تۈزگەن) دەپ يازغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائى سەمەرقەندتە بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئەلىشىر نەۋائى سەمەرقەندتە، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات مەشغۇلىيىتىدىن باشقا، ماۋەرائۇننەھرنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى، سۇ مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆگەنگەن.

نەۋائى سەمەرقەنددىكى تۇرمۇش خاتىرىلىرىنى ئۆمۈر بويى ئېسىدە ساقلىغان.

ئەلىشىر نەۋائى سەمەرقەندتە ئون ئىككى يىل ياشىغان. 1469-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ھۆسەيىن بايقارا ھىراتقا كىرىپ، تەختنى ئىگىلىگەن ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەنىدى. ئاندىن، ھۆسەيىن بايقارا سەمەرقەندكە — ئەھمەد جامى بەگكە نەۋائىنى ھىراتقا يولغا سېلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ خەت يازغان. نەۋائى 1469-يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا ھىراتقا كەلگەن. تەختكە يېڭى چىققان ھۆسەيىن بايقارا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا قابىلىيەتلىك ھەم ساداقەتلىك كىشىلەرگە بەك موھتاج بولغان. نەۋائى ھىراتقا كېلىپ بىر مەزگىل قەدىناسلىرى بىلەن قايتىدىن دىدارلىشىپ،

تۇرمۇش-مەئىشىتىنى يىگىدىن باشلاشقا كىرىشكەن. ھۇسەين بايقارا ئۇنىڭ ئاتا مۈلكى-مىراسىنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ يىگىدىن ھەدىيىلەر بەرگەن. ھۇسەين بايقارا ئۇنى ئوردىغا جەلب قىلغاندا دەرھال كۆنمىگەن. ھۇسەين بايقارانىڭ قايتا-قايتا دەۋەت قىلىشى ۋە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، نەۋائى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرگەن ۋە مۆھۈردارلىققا تەيىنلەنگەن. نەۋائى «م - ن»نىڭ تۆتىنچى مەجلىسىدە، مەۋلانا بۇرھان توغرىسىدا بايان قىلغىنىدا ۋاقىتنى مۇنداق قەيت قىلغان: "بۇ فەقىرغە پادىشاھ مۆھر تەكلىفى قىلغاندا، تەئرىخى ئايتىپ ئەردى، بەغايەت خوپ ۋاقىئ بولۇپ ئەردى: تا ُربخش اين بدكى عليشير موهرزد". بۇ پارسچە سۆزلەردىن "عليشير موهرزد"نى ئەبجەد ھېسابى بىلەن سانغا ئايلاندۇرغاندا، ھىجرى 876-يىلىغا (مىلادى 1471-يىلى) توغرا كېلىدۇ. نەۋائى بۇ مەنسەپتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن. بىراق ئوردىنىڭ ئىش-كۈشلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىغا چوڭ تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن نەۋائى مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن. زەھىرىددىن بابۇرنىڭ يېزىشىچە نەۋائى ئىلگىرى بەگلەردىن ئەمەس ئىدى، يەنى بارلاس، دوغلات كەبى خانلار-ئەمىرلەر نەسەبىدىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھۇسەين بايقارا ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن. ئۇ زاماندا بۇ مەنسەپتىكىلەر ئەمىر دەپ ئاتالغان.

نەۋائى ۋەزىرلىك قىلىۋاتقاندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردىمۇ مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان؛ ھۇسەين بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش ۋە ئۆچ-ئاداۋەتلەرنى ھەل قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان. ئەل يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشى يولىدا ھارماي ئىشلىگەن. نەۋائى ھۇسەين بايقارانى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئەدلۇئادالەت بىلەن ئىشلەشكە ئۈندىگەن. ئاھالىگە ئېغىر باج-سېلىق ۋە

ئالۋاڭ-ياساق سېلىۋېرىش ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىنى يامانلاشتۇرىدۇ، پۇقرانىڭ قارشىلىقىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە مەملىكەتنى خاراب قىلىش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىغان، ئەمەلدارلارنى ئىنسابقا چاقىرغان ۋە خەلققە زۇلۇم سېلىشنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە چەكلىگەن. نەۋائىنىڭ بۇ تەشەببۇس ۋە ھەرىكەتلىرى ساراي مەمۇرلىرىنىڭ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە بېرىپ تاقالغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم مەمۇر-ئەمەلدارلار نەۋائىغا نارازى ھەم ئۆچمەن بولۇپ، ھۆسەيىن بايقاراغا تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن نەۋائى ئۈستىدىن بوھتان توقۇپ، چېقىمچىلىق قىلغان.

نەۋائى ئىجادىيەت ۋە ئەلگە ساخاۋەت ئىشلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بەرگەن. بۇ ھەقتە ئابدۇراھمان جامى «نەفەھاتۇل ئۇنس» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: ”881-يىلدا (مىلادى 1476-يىلى)، دەرۋىشلەر دوستى ۋە ئۇلارنىڭ مۇخلىسى، ھەممە مەشغۇلاتتىن توق، فەقىرلىق يولىغا باتۇر ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر — بۇ كىشى ئۆز خاھىشى ۋە ئىختىيارى بىلەن، دەرىجە ۋە ئېتىبارنىڭ ئەلا مەرتىبەسىدىن يۈز ئۆرۈپ، تەسلىم ۋە رازىلىق قەدىمى بىلەن، فەقىرلىق ۋە فانىلىق يولىنى قوبۇل قىلغان — بۇ فەقىردىن، كۆڭۈلدىن ئۆتكەن ۋە خاتىرىدە قارار تاپقان شەكىلدىكىدەك ئىلتىماس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئارزۇ پىكىلاندى ۋە بالدۇرقى مەيىل كۈچلەندى ۋە تەكىد دەرىجىسىگە يەتتى. چىن ھىممەت ۋە خالىسانە نىيەت بىلەن شۇ ئىستەكنى ئۆتەشكە ۋە تاپشۇرۇقنى بېجىرىشكە كىرىشىلدى“. لېكىن نەۋائى ئوردا خىزمىتىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزمىگەن. تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئايرىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ تۇرغان.

نەۋائى ئوردىنىڭ ئېغىر يۈكىدىن — روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بەك ھاردۇرۇۋەتكەن ۋەزىپىسىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئاساسەن ئۇلۇغ ئۈچ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان. بىرى، ئەدەبىي-ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن كىچە-كۈندۈز مەشغۇل بولغان. نەۋائىينىڭ ئالەمشۇمۇل دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن پەن-سەنئەت ساھەسىدىكى ئاجايىپ ئەسەرلىرى ئاساسەن شۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان. مەشھۇر «خەمسە»سى، بىرقانچە ئۇنلىغان ئىلمىي-ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى 1481 — 1501-يىللار ئارىلىقىدا ۋۇجۇدقا چىققان. يەنە بىر ئۇلۇغ ئىشى — ئەل-ئۇلۇسنىڭ پاراۋانلىقى ۋە مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن قىلغان ھىممەت-ساخاۋەتلىرىدۇر. ئۈچىنچى ئۇلۇغ ئىشى — پەن-مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدە نۇرغۇن كىشىلەرگە مۇرەببىي ۋە ھامىي بولۇپ، تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەن. جۈملىدىن ئىلىم-پەننىڭ ھەر ساھەسىدە ئاجايىپ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىغا تەشەببۇسچى ھەم تەشكىلاتچى بولغانلىقىدۇر.

نەۋائىي ئوردا-ھۆكۈمدارلىق تەشۋىشى ۋە مەنسەپدار-جەمەتلەر ماجىرالىرىدىن بىر مەزگىل بولسىمۇ ئارام تېپىپ قالغانلىقىدىن ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ غەزەللەر يازغان:

ئەي نەۋائىي، پىرى ساقىيۋەشقە ئانداق مەن خەراب
كىم، ئۇنۇتمىشمەن جەھان تارخان ئىلە بارلاسىدىن.
(«ۋ - ك»)

يەنە، پادىشاھ ۋە شاھزادىلارنىڭ تەرەپبازلىق قىلىپ، ئۇرۇغ-ئايماق سۈرۈشتۈرۈپ، مەملىكەتنىڭ پارچىلىنىشىغا يۈزلەنگەنلىكىدىن ئەنسىرىگەن نەۋائىي، غەزەللىرىدە بۇ كەيپىياتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئەي نەۋائىي، چۇ گەداسەن، سەنۇ بىر لولىۋەش،
شەھغە مىرزايۇ مىرەك، خانغا قىياتۇ قوڭرات.

ئەي نەۋائى، مېنى زار ئەيلەدى بىر لولىۋەش
كىم، ھەم ئارلات ئۈنۈت بولدى ماڭا ھەم بىلگۈت.

ھەتتا خان جەمەتىدىن — بارلاس ۋە تارخان ئىسىلزادىلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان:

سالماق ئوت بارلاسۇ تارخان ئارەزى نەسۇدكىم،
بىزنى كۆيگەن چېھرە بىرلە بىر ياساقى كۆيدۇرۇر.
(«ف - ك»)

ھۇسەين بايقارا ھاكىمىيىتىدە زىددىيەتلەر بارغانسېرى كەسكىنلەشكەن. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا، ۋىلايەت ھاكىملىرى بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدا، شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي-ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد شەيبانىخان تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكىتىگە ئۆتۈپ ماۋەرائۇننەھرگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. ھۇسەين بايقارا ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە قارشى پات-پات قوشۇن تارتىپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ تۇرغان. بۇ ئەھۋاللار مەملىكەتتە ۋە ئاھالە ئىچىدە پاراكەندىچىلىك ۋە نارازىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەملىكەتتە تەسىرى زور ۋە جەمئىيەتتە ئىناۋىتى يۇقىرى ھەم ھەر تەبىقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان نەۋائىدىن ھۇسەين بايقارا ئىمكان قەدەر پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولغان. نەۋائىنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئىلتىماسلىرىنى پادىشاھ غەربىي ئۆلكىلەردە تىنچسىزلىق ۋە يوللاردا ئەنسىزلىك ئېغىر دېگەن باھانە بىلەن رەت قىلغان. ھۇسەين بايقارا مەملىكەتنى ئىدارە

www.uyghurkitap.com

قىلىشتا نەۋائىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نەۋائىنىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئەلىنى ئوردا مۆھۈردارلىقىغا تەيىنلىگەن. مەملىكەتنىڭ غەربىي رايونىدا ۋالىي-ھاكىملاردىن بەزىلەر يۈز ئۆرۈشكە باشلىغان ۋە خەلقنىڭ نارازىلىقى قوزغالغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ رايوننى تىنچىتىش مەقسىتىدە، ھۆسەيىن بايقارا ھىجرى 892-يىلى (مىلادى 1487-يىلى) نەۋائىنى ئاستىرابادقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. نەۋائى تېز پۇرسەتتە مازاندىران ۋىلايىتىدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، ئاھالىنى خاتىرجەم قىلغان. ھەتتا، ھۆسەيىن بايقاراغا قارشى چىققان جۇرجان ۋە مازاندىران ھاكىملىرى نەۋائىنىڭ ئاستىرابادتا قوللانغان سىياسىي تەدبىرلىرىدىن رازى بولۇپ، ھىرات پايتەختىگە قايتىدىن تەۋەلىكىنى بىلدۈرگەن. نەۋائى ھىراتقا قايتىشنى شۇنچە ئىلتىجا قىلسىمۇ، ھۆسەيىن بايقارا رۇخسەت قىلمىغان. ئاخىر نەۋائىنىڭ قاتتىق ئىلتىماسى بىلەن، پادىشاھ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە رازىلىق بىلدۈرگەن. نەۋائى ھىجرى 893-يىلى (مىلادى 1489-يىلى) يەنى "ساق كۆڭۈللۈك ئەمىر ئۇ مەملىكەتتە ئىككى يىلغا يېقىن ئادالەت مەسنەدىدە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئىتەك يىغىشتۇرۇپ ھىراتقا قايتىدۇ" («مۇكارىمۇل ئەخلاق»).

نەۋائى ھىراتقا كېلىپلا يەنە ئىجادىيەت ۋە مەرىپەت-ساخاۋەت ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ ئىجادىيەت ساھەسىدە، نۇرغۇن ئىلمىي-ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى ئاساسەن ئاستىراباد سەپىرىدىن كېيىن يېزىلغان. ئاندىن، ئاممىۋى پاراۋانلىق ئۈچۈن نۇرغۇن ئىنشائاتلارنى قۇردۇرغان.

ھىجرى 904-يىلى (مىلادى 1498 — 1499-يىللىرى)، ھۆسەيىن بايقارا مەرۋىدە لەشكەرگاھ قۇرۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. نەۋائى ئۆزىنىڭ ھەج قىلىش ئۈمىدىنى بىلدۈرۈپ، مەۋلانا نىزامىددىن ئابدۇلھەي تەببىنى رۇخسەت

سىــوراش ئۈچۈن لەشكەرگاھقا ئەۋەتكەن. لېكىن پادىشاھ نەۋائىينى كۆپ ماختاپ ئۇزۇن خەت يېزىپ، ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن رۇخسەت بەرمىگەن. نەۋائىي پادىشاھ بىلەن ئۆزى كۆرۈشمەكچى بولۇپ، سەرەخسكە بارغاندا، ھۈسەيىن بايقارامۇ شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ۋە بۇ قەدىناس دوستلار قايتىدىن مۇلاقەتتە بولغان. ئەلىشىر نەۋائىي ”ئۇلۇغ قارارگاھتا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، شۇ كــۈنلىرى پادىشاھقا، شاھزادىلارغا ۋە ھەرەم ئەھلىلىرىگە ئاجايىپ چاپقۇر ئاتلار، يۈك توشۇيدىغان تۆگىلەر، ھېسابسىز مالۇ مەبلەغ تارتۇق قىلدى... ئاندىن ئالىي ھەزرەتكە ئەرز قىلدى: ... سىزنىڭ ۋەكالىتىڭىز بىلەن، قالغان ئــۆمرۈمنى ئەنسارىي ئاستانىسىنى سۈپۈرۈشكە سەرپ قىلسام، مۇلازىملىق ئىشلىرىدىن تامامەن ئازاد بولسام، چۈنكى قېرىلىق مادارسىزلىقى ۋۇجۇدۇمغا تەسىر كۆرسىتىپ، ماغدۇر كەتكەن، بەدەن زەئىپلەشكەن...... ساھىبقىران بۇ ئىلتىماسنى ياخشى قوبۇل قىلىپ... شۇ ئاندا ساپ كۆڭۈل ئەمرىنىڭ قابىل قامەتىنى تۆگىلىرى ئالتۇن، زەردار تاشلىق، قارا قۇندۇز جۇۋا، مەزكۇر مەنسەپكە مۇناسىپ باشقا قىممەتباھا تونلار بىلەن بېزىدى ۋە پايتەخت ھىراتقا قايتىشقا ئىجازەت بەردى“ («مۇكارىمۇل ئەخلاق») .

ئاندىن، شەيخۇل ئىسلام ئابدۇللاھ ئەنسارى مازىرىدا، ئەلىشىر نەۋائىي ناھايىتى چوڭ يىغىن قىلىپ، يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئاھالىدىن پاتىھە ئېلىش ئــۈچــۈن مــەرىــكە ئۆتكۈزگەن. ھىجرى 905-يىلى (مىلادى 1499 — 1500-يىللىرى) ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قايتا-قايتا قىلغان ئىلتىماسىنى پادىشاھ قــوبــۇل قىلىپ، ھەج سەپىرىگە رۇخسەت بەرگەن. ”نەۋائىي 906-يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرقى چارشەنبە كۈنى (1500-يىل 25-ئاۋغۇستتا) ئــاتــلانــدى ۋە شۇ يۈرۈش بىلەن ئەينۇل ھاياتقا چۈشۈپ، مەشھەدكە كەلگەن“. ئەمما، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىنى توسۇپ، ھازىر خوراساننىڭ تىنچسىزلىقى، پادىشاھنىڭ باشقۇرالمايۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ ئۆزبېك پادىشاھى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەيبانىخان ماۋەرائۇننەھرنى ئىستىلا قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، نەۋائىنى سەپەردىن قايتۇرغان.

نەۋائىي ھىراتقا قايتىپ، پاراۋانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھۈسەيىن بايقارا مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدا تىنچلىق ئورنىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھۈسەيىن بايقارانىڭ پايتەختكە قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان نەۋائىي ساقلىقىنىڭ بۇزۇلۇپ بەدىنىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىگە قارىماي، پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىققان. 1501-يىلى 1-يانۋار كۈنى نەۋائىي شاھ مەلىك رابانىغا كېتىۋاتقىنىدا بېشى ئايلانغان. بۇ كېسەل سەكتىگە ئايلىنىپ (مېڭىسىگە قان چۈشۈپ)، قىمىرلاشقا ۋە سۆزلەشكە ماجالى قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كېلىنگەن. ھىجرى 906-يىلى 12-جۇمادىيەل ئاخىر (1501-يىلى 3-يانۋار) يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە جان ئۈزگەن. ئۆزىنىڭ جامە مەسچىتى يېنىغا ئىلگىرى شۇ ھادىسە ئۈچۈن ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە دەفنە قىلىنغان.

نەۋائىي ناھايىتى چوڭ مۈلۈك ئىگىسى ئىدى. ئاتا مىراس مۈلكىدىن باشقا، ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەر-زېمىنلىرى كۆپ ئىدى. نەۋائىي بىر مەزگىل ئالىي مەنسەپ ئىگىسى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ شاھ خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان يۇقىرى مائاشى بار ئىدى. شۇڭا، نەۋائىينىڭ تاپاۋىتى نۇرغۇن ئىدى. ئەمما، نەۋائىي بايلىقىنى باشقا مەنسەپدارلار ۋە زەردارلاردەك، شەخسىي ئەيش-ئىشرەتلىرى ۋە كەيپ-ساپاسى ئۈچۈن بۇزۇپ چاچماستىن، ئەل-يۇرتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا، خەير-ساخاۋەتكە، مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن ئىلىم-مەرىپەت، مەدەنىيەت-سەنئەت ئەھلىگە ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلغان.

ئالدى بىلەن، نەۋائىينىڭ ئۆز ئەسىرى «مەجالىسۇن نەفائىس» ۋە

تارىخچى خاندەمىرنىڭ «خۇلاسەتۇل ئەخبار»دا قەيت قىلىنغان مەلۇماتلار بويىچە، نەۋائىنىڭ تەربىيىتى ۋە ياردىمى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن، قابىلىيەت ئىگىسى بولۇپ يېتىشكەن ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرغان ياكى نەۋائىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئالىملار، مۇدەررىسلەر، شائىرلار، تېۋىپلار، سەنئەتكارلاردىن بىر قىسمىنى تونۇشتۇرىمىز.

تىلشۇناسلار:

سەيفىددىن ئەھمەد، شەيخ ھۇسەين؛

ئەدەبىياتشۇناسلار:

دەۋلەتشاھ — «مەجمۇئەتۇش شۇئەرا»نىڭ مۇئەللىپى.

كەمالىددىن ھۇسەين ۋائىز — "ئۇنىڭ بەلاغەتئاياتلىق ۋە فەساھەتسىغەتلىك كىتابلىرى كۆپ ھەم ھېسابسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئەمىر ئەلشىرنىڭ ئاتاغلىق نامى بىلەن زىننەتلەنگەن".

ئەتائۇللاھ — "ئەلشىرنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدە «رەۋزەتۇل ئەھباب» ناملىق كىتاب يازغان".

بۇرھانىددىن ئەتا ئۇللاھ — "شېئىر سەنئىتى، شەرافەتلىك قاپىيە ئىلمىدە ماھىر" (خاندەمىر).

تارىخچىلار:

مىرخاند خاۋەندشاھ ئوغلى — "ئىنشا ۋە تارىخ فەنىدە تەڭدىشى يوق" (نەۋائى). ئۇنىڭ ئوغلى مىرخاندنىڭ يېزىشىچە: "... ئەمىر ئەلشىر خەلاسىيە خانىقاھىدا ئۆزىنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان خانەنى ئۇل جانابقا بېرىپ، «رەۋزەتۇس سەفا»نى يېزىشنى بۇيرۇدى... جانابى ئاتام ... قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەتتە ئىقلىمدا تېڭى يوق پايدىلىق كىتابنىڭ ئالتە جىلدىنى يېزىپ تاماملىدى... يەتتىنچى دەپتىرى... تۇرلۇك ئەھۋال تۇپەيلى تامام بولماي مۇسەۋۋىدە ھالىدا قىلىپ قالغانىدى..."

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شائىرلاردىن:

شەيخ ئەھمەد سۇھەيلى — "... دائىم فەساھەتلىك بەيتلەر ۋە بەلاغەت ئەسەرلىك شېئىرلار يېزىپ تۇردى. ئۇنىڭ قەسىدىلىرى، غەزەللىرى ۋە دىۋانى مەشھۇردۇر".

ئابدۇللاھ جامى — "زاماننىڭ چوڭ شائىرلىرى ۋە دەۋرنىڭ مەشھۇر فازىللىرى جۈملىسىدىندۇر... «خەمسە»غە تەتەببۇئ باغلاپ، رەڭگىن مەنىلىك ئاجايىپ شېئىرلارنى نەزم يىپىغا تىزغان".

شەھاب — "مۇئەممما فەننىدە تەڭدىشى يوق، زامانداشلىرىدىن مۇمتاز"؛

مەشھۇر مۇدەررىسلەردىن:

مىركەمالۇددىن ھۇسەين — "... گازۇرگا مازارىنىڭ شەيخى ھەم مۇتەۋەللىسى".

ئەمىر ئىبراھىم مەشھەدى — "سۇلتانىيە مەدرەسەسىدە ھەم پەزىلەتلىك خەلاسىيە خانىقاھىدا دەرس بېرىش بىلەن مەشغۇل".

ئەمىر شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەمىر يۇسۇف — "... شەرافەتلىك ئىخلاسىيە مەدرەسەسىدە ئوقۇپ كەمالەتكە يېتىشكەن".

ئەمىر نىزامۇددىن مەشھەدى — "فەزىلەتلىك ئەمىرنىڭ ئىخلاسىيە مەدرەسەسى ۋە خەلاسىيە خانىقاھىدا تەلىم ئالغان".

ئەمىر مۇرتەزا — "كۆپ ۋاقىت ئىخلاسىيە مەدرەسەسىدە فەزلۇكەمال كەسىپ ئەتتى. شۇ يەردە دەرس بېرىدۇ".

مەۋلانا خەلىلۇللاھ ۋە باشقىلار.

مەشھۇر تېبىبلاردىن:

غىياسۇددىن مۇھەممەد تەبىب — "شەرافەتلىك تىب ئىلمىدە زور ماھارەت ھاسىل قىلغان... ئىلاقىينىڭ «داۋا ئۇسۇللىرى» كىتابىغا غايەت

ئېنىق ۋە لەتاپەت بىلەن شەرھ يازغان".
دەرۋىش ئەلى تەبىب — "مەھدىئۇليا ملكەت ئاغا دارۇششىفاسىنىڭ مۇدەررىسى".
مۇھەممەد تەبىب — "... غەرىبلەرنى دارىۋار ئوتلار بىلەن داۋالاشقا بەك ھېرىس كىشى... ئەلىشىرنىڭ دارۇششىفاسىدا ئۆز ئىشى بىلەن بەند ...".
نەۋائىينىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن بەزى خۇشخەت كاتىبلار:
سۇلتان ئەلى مەشھەدىي — "نەستەئلىق خېتىنى يېزىشتا مەۋلانا جەفەردىن كېيىن ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان كىشى يوق... ئەلىشىر يازغان ھەربىر كىتابنى نەيقەلەمدە ئوخشىتىپ كۆچۈرگەن".
خـوجـاھافىز مۇھەممەد — "خەتتاتلار يېتەكچىسى ۋە كۆپچىلىك خۇشنەۋىستلەرنىڭ دەناسى. ئالتە خىل خەت ئۇسلۇبىنىڭ ھەممىسىدە ياخشى يازىدۇ".
سـۇلـتـانئەلى كائىلىي — "نەستەئلىقنى بەغايەت تازا ۋە ياخشى ئۇسلۇبتا يازىدۇ".
سۇلتان مۇھەممەد — "ھۆسنخەتتە يېتەكچىدۇر. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىلھام بايان ئاغزىدىن كۆپ قېتىم: نەستەئلىق يېزىشتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، دېگەن" ۋە باشقىلار.
بەزى نەققاشلار ۋە مۇھەندىسلەر:
مـىـرخـانـد ئـۆزىـنـىـڭ كـىتابىدا: "زەمانە نەققاشلىرى ۋە دەۋر مـۇھـەنـدىـسـلـىـرىـنـىڭ كۆپچىلىكى ئول ھەزرەت ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تەلىم-تەربىيىتى ئاستىدا بۇ فەننى ئىگىلەپ ئالغانلار ۋە تۆت ئەترابقا مەشھۇر بولغانلار" دەپ، تۆۋەندىكى سەنئەتكارلارنى تونۇشتۇرغان:
خوجامىرەك نەققاش — "كىتاب بەتلىرىگە زەر بېرىش، كىتابلارغا

سۈرەت سىزىش ۋە تۆپلەش ھۈنىرى ساھەسىدە، تەڭداشسىز، ھۆسنىخەتتىمۇ پېشقەدەم".

ھاجى مۇھەممەد — "ماھىر ھۈنەرمەن، ھەممىشە غارايىپ ئويلار ۋە ئاجايىپ ئىشلارنى سۈرەتكە كەلتۈرىدۇ".

مۇھەممەد ئىسفەھانى — "مۇھەندىسلەر جۈملىسىدىن. بۇمۇ ساندۇق سائىتى ياسىغان".

ئۇستاز بىھزاد — "زامانىنىڭ كامىل سۈرەتكەشلىرىدىن، بۇ ئىشنى ناھايىتى كامالەتكە يەتكۈزگەن".

قاسىم ئەلى چېھرەكۇشا — "زامانىنىڭ يېتۈك مۇسەۋۋىرى، نەفىس سەنئەتلىك نەققاشلار يېتەكچىسى".

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەربىيىسىدە يېتىشكەن سازەندىلەر:

"ئەمىر ئەلىشىر نەۋائى مۇسىقە ئىلمىدىمۇ شۇنچە ماھارەت ھاسىل قىلغانىكەنكى، ئەگەر مۇئەللىمى سانى ئەبۇ نەسىر فارابى ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭغا شاگىردلىق سىرغىسىنى قۇلىقىغا تاقىۋالغان بولاتتى. قانۇن ۋە ئۇددا چېـىق تـەلىم ئالغان. سازەندە ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئالىي ھەزرەتنىڭ مۇلازىمىتىنى قىلىدۇ".

ھاپىز قازاق — "ئەلىشىر خىزمىتىگە كىرىپ، قانۇن چېلىشتا تېگى يوق كىشىگە ئايلاندى. ئاۋازىمۇ ياخشى ئىدى".

سەيىد ئەھمەد — "غىجەكنى بەك ياخشى چالاتتى".

شاھقۇلى — "غىجەكچى... ئۇد ۋە باشقا مۇسىقە ئەسۋابلىرىنى مەشق قىلدى... قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنى ئىگىلەپ بولدى. بىر كۈي تەسنىف ئەتتىكى پېشرەۋى پۇركاردۇر... ئۇد، غىجەك، قوبۇزنى غايەت ئۇستىلىق بىلەن چالىدۇ".

ھۈسەين — "... ئەمىر ئەلىشىرنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئۇد

چىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى... ئاۋازى ئۆز ئاۋازىغا ناھايىتى ماس تۇشىدۇ ... بىر تۇغقىنى مۇھەممەدمۇ قانۇن چىلىشتا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن".

شەيخ نايى — "... ئەمىر ئەلشىر... ئۇنى نەي چىلىشقا تەرغىب قىلدى... بۇ فەندە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈچى يوق".

ئەلشىر نەۋائى پەرزەند ئورنىدا كۆرۈپ تەربىيىلىگەن كىشىلەر:

مىر ھەيدەر — "سەبۇھى تەخەللۇس قىلغۇر ئەردى. ئاتا-ئاتادىن بۇ دەرگاھنىڭ بايرىسى بەلكى تۇغماسىدۇر. بۇ فەقىرغە شىددەتى قەرابەتدىن (ئىنتايىن يېقىنلىقىدىن) فەرزەندلىغ نىسبەتى بار" (نەۋائى: «م - ن»).

مىر ئىبراھىم — "سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ئوغلىدۇر ۋە فەقىرنىڭ ئاغاسىنىڭ نەبىرەسىدۇر. فەقىر ئانى ئوغۇلچىلاي ئاسراپمەن" (نەۋائى: «م - ن»).

كەمالۇددىن ھۇسەين ئەلى جەلايىر — "ئەمىر ئەلشىر كۆپ مېھرىبانلىقىدىن ئۇنى فەرزەند دەپ ئاتىغان" (خاندەمىر «خۇلاسە تۇل ئەخبار» ۋە باشقىلار).

خاندەمىر «مەكارىمۇل ئەخلاق» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئىككىنچى مەقسەت، ئىلمىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئالىملارنىڭ مەرتىۋىسى» دېگەن بابىدا: "ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ نامى شەرىفلىرىگە ئاتاپ، زامان ئالىملىرى تەسنىف قىلغان كىتابلارنىڭ ئىسمىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز" دەپ يېزىپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن:

«شەرھى فەرائىز» — سەيفۇددىن ئەھمەد تەفتەزانى ئەسەرى.

«رەۋزەتۇل ئەھباب فى سىيەرۇن نەبى ۋەل ئەھباب» (پەيغەمبەر ۋە ئەسھابلار تەرجىمىھالى ھەققىدە دوستلۇق بېغى) — ئىككى جىلدلىق، مەجالۇددىن ئەتا ئۇللاھ ئەسلىي ئەسىرى.

«تەفسىرى فارسىي» (پارسچە تەپسىر) — كەمالۇددىن ھۇسەين ئەل

ۋائىزەل كاشفىي ئەسرى.

«شــەرھى ئەربەئىن» (قىرىق ھەدىس شەرھى) ـــ ئىمام نەۋاۋى ئەسرى.

«ھــاشــيــەئى مۇختەسەر»، «ھاشيەئى چەغمىنى»، «ھاشيەئى شــەرھــى»، «ھىدايەئى ھېكمەت»، «ھاشيەئى شەرھى ئەشكال» (پال شــەكــلــلــىرى شەرھى)، «تەسىس شەرھى بىست بابى ئۇستۇرلاب» (ئــۇســتۇرلابنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى شەرھى) ۋە باشقىلار ـــ مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامى ئەسەرلىرى.

«شەرھى مىشكات» ـــ ئىمامۇددىن ئابدۇلئەزىز. ئەبھەرى ئەسرى.

«ھــاشــيــەئــى شەرھى ھېكمەتى ئەينى» (ھېكمەتلەر بۇلىقىنىڭ ھاشيەشەرھىسى) ـــ كەمالۇددىن مەسئۇد شىرۋانىي ئەسرى.

«رىسالەت دەر ئىلمى فەراسەت» ـــ ئابدۇرەززاق كىرمانىي يازغان.

«تەرجىمەئى ئەدەبىياتى نەفەھات» (خۇشبۇي ئەدەبىيات تەرجىمىسى) ـــ نىزامۇددىن ئەھمەد پىرشەمس ئەسرى.

«تەزكىرەتۇل نۇقۇس» (تەن-ۋۇجۇد تەزكىرىسى) ـــ دەرۋىش ئەلى تەبىب تۈزگەن.

«ھاشيەئى مىفتاھ» (كىلىت ناملىق كىتابنىڭ شەرھى) ـــ خوجا خاۋەند ئەبۇللەيىس ئەسرى.

خاندەمىر كىتابىنىڭ ئىككىنچى مەقسەد «شېئىر ۋە شائىرلار ھەققىدە» دېگەن بابىدا، يەنە ”ئۇل ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغ نامى بىلەن تاماملانغان باشقا كىتابلارنىڭ ئىسملىرى“ بايان قىلىنغان:

«رىسالەئى قافىيە» ـــ بۇرھانۇددىن ئەتائۇللاھ ئەسرى.

«لــەيــلــى ۋە مــەجــنۇن»، «خىسرەۋ ۋە شىرىن» كىتابلىرى ـــ شىھابۇددىن ئابدۇراھمان جامى ئەسرى.

«مەسنەۋىيات» ـــ ئەھلىي شىرازى ئەسىرى.
«قەسىدەئى مەسنۇ» ـــ ئەھلىي شىرازى ئەسىرى.
«يۇسۇف ۋە زىلەيخا» ـــ مەسئۇد گۇلىستانى.
«سىھىرلىك ھىلال» ـــ غىياسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مەۋلانا جەلال ئەسىرى.

«رىسالەئى مۇئەمما» ـــ شەمسۇددىن مۇھەممەد بەدەخشى ئەسىرى.

شۇنىڭدەك، نىزامۇددىن ئەھمەد سۇھەيلى، كەمالۇددىن ھۈسەين ئەلى جالايىر، نىزامۇددىن ئاسترابادى، فەسىھۇددىن ساھىبدارا ۋە باشقا شائىرلار مەدھىيە-مىننەتدارلىق يۇزىسىدىن ئەلشىرغا بىرقانچە قەسىدىلەر بېغىشلىغان.

نەۋائى مال-مۈلكىنىڭ زور بىر قىسمىنى ئىلىم-مەرىپەت يولىدا، چوڭ مەدرىسلەر (ھازىرقى تېخنىكوم ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىغا توغرا كېلىدۇ)، خانىقالار، خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار باغلار، راباتلار ۋە شىپاخانىلار، ھاممامالار سېلىشقا سەرپ قىلغان. نەۋائى ئالاھىدە «ۋەقفنامە» يېزىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئورنى، ئىھاتىسى ۋە بۇ ئورۇنلارغا تەيىنلەنگەن ئىلىم ئىگىلىرى، تالىپلار، شەيخ-مۇتەۋەللى، جارۇبكەش، ئىمام-مەزىنلەر ۋە باشقا خادىملارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئېنىق ۋەزىپە-مائاش ئۆلچەملىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن.

مەدرەسە ۋە خانىقالار:

ئىخلاسىيە مەدرەسەسى ـــ ھىراتنىڭ ئىنجىل ئېرىقى بويىغا زىننەتلىك قىلىپ ياسالغان چوڭ مەدرەسە.

خەلاسىيە خانىقاسى ـــ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەدرەسەنىڭ ئۇدۇلىغا ناھايىتى گۈزەل ۋە كۆركەم سېلىنغان مەرىپەت ئورنى.

شىفائىيە ـــ مەزكۇر مەدرەسىنىڭ غەرب تەرىپىدە ناھايىتى چىرايلىق ياسالغان شىپاخانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىزامىيە مەدرەسەسى ــــ ھىرات شەھىرى ئىچىگە سېلىنغان ئوقۇش يۇرتى.

خۇسرەۋىيە مەدرەسەسى ــــ مەرۋ شەھىرىگە بىنا قىلىنغان. خۇسرەۋىيە سۆزى جۇمەل ھېسابى بىلەن ئۇنىڭ سېلىنغان يىلى تارىخىنى بىلدۈرگەن، يەنى ھىجرى 891-يىلى (مىلادى 1487-يىلى).

"ئىخلاسىيە مەدرەسەسى بىلەن خەلاسىيە خانىقاسى بىنا قىلىنغان زاماندىن تا شۇ كۈنگە قەدەر يىگىرمە يىل مۇددەت ئىچىدە (خاندەمىر كىتاب يازغان ۋاقىتقىچە)، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپ ۋە ھەر بۇرجىكىدىن بۇ ئىككى مۇبارەك جايغا مىڭلاپ تەلەبەلەر كېلىپ، ئاز پۇرسەتتە تولۇق ئىلىم ۋە پەنلەرنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، ئالىمشلار ۋە ماختاشلار بىلەن ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتقان" («مەكارىمۇل ئەخلاق»).

جەمائەتخانا خانىقاسى ــــ ھىرات خىيابانىدا شەمسۇددىن مۇھەممەد تەبادكانىي سەرمازارىدا.

فەنائىيە ــــ مەزكۇر مازار دائىرىسىدىكى دەرۋىشخانا.

ھەۋزى ماھىيان ئىمارىتى ــــ خوراسان خەلقىنىڭ سەيرگاھى ۋە دەرۋىشلەر ھەم پەقىرلەر تۇرالغۇسى.

پىرى مۇجەررەد خوجا ئابدۇلۋەلىد ئەھمەدنىڭ مازارى ئىمارىتى ــــ كەڭلىكى ۋە ھەشەمىتى بىلەن مەشھۇر سەيرىگاھ.

شەيخ مۇھسىي مازىرى لەنگىرى ــــ ھەيۋەتلىك ياسالغان.

ئەمىر ئابدۇلۋاھىد ئىبنى مۇسلىم مازارى ئىمارىتى ــــ خۇمچەئى بادقا سېلىنغان.

زىيارەتگاھ خانىقاسى ــــ پەقىر-مىسكىنلەرگە غىزا بېرىلىدىغان جاي.

خوجا يۇسۇف ھەمەدانى مازىرى ئىمارىتى.

دارۇلھۇففەز ــــ مەشھەددە ئىمام رىزا باغچىسىدا ياسالغان. بۇ جاي

كۆك تاش ۋە ئالتۇن بىلەن مۇسۇلمانچە ۋە چىنچە ئۇسلۇبتا ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ نەقىشلەنگەن. بۇ باغچىدا غايەت ئېگىز ۋە ئىنتايىن زىننەتلىك بىر ئايۋان بىنا قىلىنغان. ھەر كۈنى پەقىر، زەئىپ ۋە يېتىملەرگە غىزا بېرىش ئۈچۈن غەلۋۇرخانا قۇرۇلغان.

شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتار مازىرىدىكى خانىقا — خۇش مەنزىرىلىك جاي. نەۋائى ھىجرى 902- يىلى (مىلادى 1496 — 1497-يىللىرى) نىشاپۇرغا بارغىنىدا ياساتقان.

مەۋلاناسىررى لەنگىرى — مەرۋ شەھرىدە بىنا قىلىنغان.

يوللارغا سالدۇرغان راباتلار 54 كە يەتكەن؛ 15 يەرگە كۆل قازدۇرغان. 15 جايدا كۆۋرۈك ۋە توغان ياساتقان. توققۇز ھاممام سالدۇرغان.

نەۋائىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خۇلاسىلىغان:

"ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ ئىمارەتلىرى ۋە خەير-ئېھسانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېساب-كىتابىغا يەتكىلى بولمايدۇ".

قوشۇمچە:

## نەۋائى ۋە ئىشق-مۇھەببەت

كىمگە يەتكەي ئىشق دەردى داغىدىن ئافەت ئاڭا،
داغى مېھرى سەلتەنەتدۇر دەرد ئېرۇر سىھھەت ئاڭا.
ئىشق كويى تۇفراغى بىر كىميادۇر كىم، ئېرۇر،
يۈز قۇياش ئەكسەرىچە، بەلكىم فۇزۇن قىممەت ئاڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشق دەيرى بەزمىنىڭ سىنغان سافالى ئىچرە مەي
كىم، ئىچەر جەمشىد جامىنى تانلا ماس ھىممەت ئاگا...
چۈن تۈشەر ئاشىق تەنىغە ئىشق ئوتىنىڭ شۇئلەسى،
ئويلە شاھدۇر كىم، ئېرۇر زەربەفتىدىن خىلئەت ئاگا...
تاجۇ دەۋلەت بەرسە ئىشق ئوتىدىن ئالىپ بىر شەرەر،
بۇكى ئۆرتەر ئۆزلۈكىن، يەتمەسمۇ بۇ دەۋلەت ئاگا...
(«ن - ش»)

نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن غەزەللىرىدىلا ئەمەس، ئىشق-مۇھەببەت داستانلىرىدىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭرى تەبىر بەرگەن. بۇ تەبىرلەر ئادەتتىكى ئىشق ماجراسىدىن تۇغۇلغان يۈزەكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتكە باغلىق بولغان ئەخلاقىي يوسۇنلار ۋە ئۆز زامانىسىدىكى تۈزۈمگە يېتەكچى بولغان غايىلەرنى تەشرىھ (ئوپېراتسىيە) قىلىش ئاساسىدا، شەخسىي سەرگۈزەشتىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى تەتبىق قىلىش ئارقىلىق، پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن.

نەۋائىمۇ ئىنسان، ئىنسانلار ئىچىدىن ئۆزۈپ چىققان كامىل ئىنسان ۋە مۇتەپەككۇر شائىر؛ ھەقىقىي ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىدە مۇجەسسەم ئىدى؛ ئۇ جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر ۋە ھاياتىي ھادىسىلەرنى تەرپلەشتە ئەقلى ئۆتكۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي ھەسساس شائىر دەپ ئاتالغان. ئىنسان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىشق-مۇھەببەت بولغاچقا، نەۋائىدىمۇ ئىشق-مۇھەببەت قىسمىتى بولغان، بۇ قىسمەت سەۋەبىدىن ئىشق-مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى شەخسەن تېتىغان ۋە دەردۇ

جاپاسىنى يېتىپ ئاشقىچە تارتقان. نەۋائىنىڭ شەخسىي ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ بۇ مەزمۇنى تولۇق تەتقىق قىلىنغان ئەمەس. بۇ ھەقتە، ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن نۇرۇللا ئەخمىدوۋ «نەۋائىي ھاياتىغا ئائىت بەزى تەپسىلاتلار» دېگەن ماقالىسىدا ياندىشقان. [«ئەدەبىي مىراس» (43) 1، تاشكەنت، 1988]

كۆپلىگەن كلاسسىكلار ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىشقان. ئۇلاردىن بەزىلىرى ۋاستىلىق كەچۈرمىشلەرنى (جەمئىيەتتىكى ئىشق ۋەقەلىرىنى) ياكى رىۋايەت-چۆچەكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۇ ياكى بۇ شەكىللىرى ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. نەۋائىي بولسا، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشق سەرگۈزەشتىسىنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ غەزەل ۋە داستان ژانىرلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرىگە ئالاقىدار قىلىپ، ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن. شۇڭا، نەۋائىينى ئاشىق شائىر دېيىشمۇ ئاساسسىز ئەمەس.

مېھىر ئاڭلاپ ئاشىق ئولدۇم، سوڭرە يەتسە كوھى غەم،
نە ئەجەب، ئىشق ئىبتىداسى ئەين ئېرۇر، بايانى قاف.

(مەنىسى: مېھىر-مۇھەببەتنى چۈشىنىپ، ئاشىق بولدۇم، ئاخىرىدا غەم تېغى يەتسە، ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى، ئىشقنىڭ باشلىنىشى ئەين [ئەرەبچىدە "ع" ھەرپى] يەنى "كۆرۈش"، "قاف" [ئەرەبچىدە "ق" ھەرپى] يەنى "قاف تېغى" — ئىشق باشتا كۆڭۈلنى يورىتىدۇ. ئاخىرىدا تاغدەك غەم كەلتۈرىدۇ.) نەۋائىنىڭ ئىشق توغرىسىدىكى بۇ تەسۋىرى ئەرەب ئەدىبلىرىدىن ئەس سالىبىينىڭ مۇنۇ تەرىپىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: "ئىشق يېپىشقاق شارابدۇر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىم، ئۇنىڭ تەبىئىتى زەھەرى قاتىلدۇر".

ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېسسىي ۋە ئىدراكىي چۈشەنچىلىرى ھەم شەخسىي كەچۈرمىشلىرىدىن ئالغان ھاسىلاتنى ئەلشىر نەۋائىي مۇنداق تەسۋىرلىگەن: "ئىشق-ئەختەردۇر دەرەخشەندە ۋە بەشەرىيەت كۆزى نۇرۇ زىياسى ئاندىن، گەۋھەردۇر رەخشەندە ئىنسانىيەت تاجىنىڭ زىبۇ بەھاسى ئاندىن. (ئىشق-پارلاق يۇلتۇزدۇركى كىشىلىكنىڭ كۆزىگە نۇر-زىيا شۇنىڭدىن كېلىدۇ، يالتىراق گۆھەردۇركى ئىنسانىيەت تاجىسىنىڭ زىننىتى-باھاسى شۇنىڭدىن بولىدۇ)... بەھرىدۇر ۋەسئەھەر ئىگرەمى يۈز ئەقلۇھۇش كېمەسىن چومۇرغان ۋە تاغدۇر رەفى ھەر تىغى مىلك زۇھدۇ تەقۋاباشىنى ئۇچۇرغان (كەڭ دېڭىزدۇركى ھەربىر قاينىمى يۈزلىگەن ئەقىل-ھوش كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن ۋە ئېگىز تاغدۇركى ھەر بىر تېغى مىڭلىغان زاھىد-تەقۋانىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىۋەتكەن)" (نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب»).

نەۋائىينىڭ نۇرغۇنلىغان غەزەللىرىدە، ئۆز ھاياتىدا تارتقان دەرد-ئەلەملىرى بىۋاستە ئىپادىلەنگەنلىكى، يەنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن پاكى ئۆزىگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان بىرەر ۋەقە تۈپەيلىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق بىلىنىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەردە شائىرنىڭ ھايات يولىغا دائىر دېتاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىئوگرافىك ئىپادىلەر روشەن چېلىقىدۇ. بۇ توغرىدا نەۋائىنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىغا دىققەت قىلايلى. نەۋائىي «خەزايىنۇل مەئانى» نىڭ دىباچەسى (كىرىشمىسى)دە مۇنداق يازغان:

"ئاندىن سوڭرە خۇد خاتىرىگە كەلمەس ئەردىكىم، بىر غەزەل ھۆسن بەھرى غەزالەلەرى تەئرىفىدە يا ئىشق ئاتەشكەدەسى شارارەلەرى تەۋسىفىدە تۈگەتكەيمەن، بەلكى بىر بەيت شوخىنىڭ جەمالى دىلفۇرۇزى بابىدا يا ئۆز كۆڭلۈمنىڭ دەردۇ سۆزى شەرھىدە قەلەم سىلكىگە كىۋۈرە ئالغايمەن يا

خەيالىمغا كەچۈرە ئالغايمەن" (ئومۇمىي مەنىسى: ئاندىن كېيىن خۇددى ئويلىمىغاندەكلا، بىر غەزەلنى گۈزەللىك دېڭىزىنىڭ كېپىكلىرىنى تەرىپلەش ياكى ئىشق ئاتەشخانىسى يالقۇنىنى سۈپەتلەش بىلەن تۈگىتىمەن. بەلكى شوخ — گۈزەلنىڭ يۈرەكنى كۆيدۈرىدىغان جامالى توغرىسىدىكى ياكى ئۆز كۆڭلۈمنىڭ دەرد ئوتىنى شەرھلەيدىغان بېيىتلەرنى قەلەم تىزىقىغا ئۆتكۈزىمەن ياكى خىيالىمغا كەلتۈرىمەن). شۇنىڭدەك، نەۋائى «غەرايىبۇس سىغەر» دىكى بىر غەزىلىدە مۇنداق دەيدۇ:

چۇن نەۋائى نەزمىنىڭ ھەر ھەرفىدۇر شەرھى غەمىڭ،
دېسە، بولۇر كىم، ئېرۇر ھەر بەيتى بىر بەيتۇل ھەزەن.

نەۋائىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا، تۈركولوگلار، بولۇپمۇ نەۋائىشۇناسلار كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتلەردىكى جىق مەسىلىلەرنى يېشىپ بەردى. لېكىن، شائىرنىڭ كۈلپەتلەر ۋە تاسادىپلار بىلەن تولغان شەخسىي تۇرمۇشىغا دائىر مەسىلىلەر تېخى تولۇق يېشىلمىدى. بۇ مەسىلىلەردىن بىرى ئۇنىڭ ئۆمرىنى تەنھا ئۆتكۈزگەنلىك مەسىلىسىدۇر. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شۇنداق يازىدۇ: ئەلىشىر "ئوغۇل ۋە قىز ۋە ئەھلۇ ئەيال يوق، ئالەمنى تەۋرى فەرد (يالغۇز ھالەتتە) ۋە جەرىيدە (تەنھا) ئۆتكۈزدى". بۇ توغرىدا ئۆز زامانىسىدا، نەۋائىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدىغان (بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان خوتۇن-قىزلار ئوتتۇرىسىدا) ھەرخىل سۆز-چۆچەكلەر تارقالغان. بەزى ئەدىبلەر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ باقمايلا، ئاشۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرنى تارقىتىشتا سۇخەنچى خوتۇنلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان. زەيىنىددىن ۋاسفىي «بەدايىئۇل ۋەقايە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق

www.uyghurkitap.com

ۋەقەنى بايان قىلغان: ”بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئەمىر ئــەلــــشىرنىڭ پارسالىقى (يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچى) ۋە تاھارىتىنى بـــۇزماسلىقى تەرىپىنى قىلىپ دېدى: بۇ جاناب دۇنياغا كېلىپ، ھايات خىلئەتنى (كىيىمنى) كىيگەندىن بۇيان ئېتەكلىرىگە شەھۋەت چىركىنى تەگكۈزمىگەن. فۇتۇۋۋەت ۋە جۇمەردلىك (يىگىتلىك ۋە مەردلىك) ياقاسى لەئلى تۈگمەسىنى خوتۇنلار ھاۋايۇ ھەۋىسىگە تۇتقۇزمىغان“.

زامـان بـــلـــقىسى، دەۋران زۇبەيدەسى خەدىچە بېگىم (ھۈسەيىن بايقارانىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى) بۇ گەپكە ئىشەنمىگەن. ھەتتا، مەشھۇر ئالىم ۋ.ۋ. بارتولدمۇ نەۋائىينىڭ ئائىلىسىز ۋە بالا-چاقىسىز ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا ئۇنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدىغان پىكىرلەرنىمۇ دەپ تاشلىغان.

ئەلىشىر نەۋائى بىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋە خەلقپەرۋەر زات بولغاچقا، يۇقىرى تەبىقە دائىرىسىدىلا ئەمەس، خەلق ئاممىسى ئىچىدىمۇ ئىناۋىتى يــۇقىرى ۋە تەسىرى زور ئىدى. نەۋائىينىڭ بەزى ھەددى-ھەرىكەتلىرىنى دوراشنىمۇ كىشىلەر ئۆزىگە شەرەپ دەپ بىلەتتى. «بابۇرنامە» دە يېزىلىشىچە: ”ھەر كىشىكىم ھەر ئىشتە بىر نېمە پەيدا قىلدى، ئول نېمەنىڭ رىۋاجى ۋە رەۋنــەقــى ئۈچۈن ئەلىشىرىي دەر ئىدى. بەزى زەرافەت (گۈزەللىك، نــازۇك-پــەملىك) بىلە ئەلىشىر بەگنى ئىسناد (نىسبەت-تەئەللۇق) قىلۇر ئىدى. نېچۈككىم، ئەلىشىر بەگ قۇلاق ئاغرىقىدا ياغلىق باغلىغانلىقى ئۈچۈن خوتۇنلار كۆك ياغلىقنى قېيىق باغلىغانىنى ئەلىشىرىي ئات قويدىلەر“.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەھلى ئايالسىز، بالا-چاقىسىز يىگانە ئۆتۈشىنىڭ شەخسىي ۋە سىياسىي سەۋەبلىرى بار ئىدى. ئەلىشىر مەشھەددىن ھىراتقا كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە ئۇزاق ياشىيالمىغان، چۈنكى نىزامىددىن ئەلىشىر 18 ياش چاغلىرىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان.

«بابۇرنامە» دە يېزىلىشىچە: ”بىلمىدىم، نەجەرىمە (گۇناھ، جەرىمانە)

بىلەن، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا (نەۋائىينى) ھىرىدىن ئىخراج قىلدى (چىقىرىۋەتتى). سەمەرقەنتكە باردى... نىچچە يىلكىن سەمەرقەنتتە ئىدى. ئەھمەد ھاجىبەك مۇرەببى ۋە مۇقەۋۋىسى (تەربىيىچىسى ۋە مەدەتكارى) ئىدى". سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (مىلادى 1458-يىلى) پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، شاھرۇخ ۋە ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر جايغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا، ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، سەمەرقەنتكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەلىشىر يىگىتلىك چېغىدا، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

نەۋائىينىڭ "سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھەر كىشىدە جەۋاھىر بولسا ئالىپ، بولماسا تەفەھھۇسىدە (قورقۇتۇشتا) مۇبالىغىلەر قىلىپ، ئەنۋايى ئىزا ۋە زەرەر يەتكۈزەر ئەردى..." دېگەن سۆزى ئەنە شۇ دىشۋارچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلىشىر ھىراتتا تۇرغان مەزگىللىرىدە (18-19 ياش چاغلىرىدا)، دۆلەتمەن ئائىلىلەردىن بىر كىشىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ۋە يىگىت-قىز ئوتتۇرىسىدا ئىشق-مۇھەببەت رىشتىسى باغلانغان. بۇ ھەقتە، ئەلىشىر بىر غەزىلىدە ئىشارەت قىلغان:

ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندەدۇر،
نە ئەجەب، چۇن سەرۋىنازىم ئۇن سەككىز ياشىندەدۇر.
دېسە بولغايكىم، يەنە ھەم ئۇن سەككىز يىل ھۆسنى بار،
ئۇن سەككىز ياشىندە مۇنچە فىتنە كىم باشىندەدۇر.
ئۇن سەككىز يىل دېمە يۈز سەكسەن يىل ئولسا، ئول دۇرۇر،

هۆسن شاھى، ئول بەلالاركىم كۆزۈ قاشىندەدۇر.
(«ب - ۋ»)

بۇ ئاشىق-مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدا خەت-ئالاقە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرغان. ئەلشىر ئۆز ئىشقىنى، ۋەسل بېغىغا ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى ئىنتايىن پاساھەتلىك تىل بىلەن تەسۋىرلەپ، مۇنداق غەزەل يازغان:

نە خۇش بولغاي ئىكۆلەن مەست بولساق ۋەسل باغىدا،
قولۇم بولسا ئانىڭ بويىنىدا ۋە ئاغزىم قۇلاغىدا.
دەمى ۋەسل ئىچرە ۋالەلىغ رۇخسارىم ئىگىنىدە،
يەنە بىردەم نىيازۇ ئەجز ئىلە باشىم ئاياغىدا.
تۇتۇپ گاھى زىنەخدانىن مۇكەررەر ئەيلىسەم پات-پات،
كۆرۈپ گۈللەر ئاچىلغان بادەدىن رۇخسار باغىدا.
(«ن - ش»)

بىراق، ئەلشىر ۋىسال بېغىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئۇ ئىشق كويىغا كىرگەن شۇ مەزگىللەردە، ھىراتتا، ئىگە-چاقسىز، باش-پاناھسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يېقىرلىك ھالىتىدە ئىدى، بۇ غۇربەت ئۇنىڭ ئىشق ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا چوڭ توسقۇنلۇق قىلدى. باي-باينىڭ قاياشى بولغان ئۇ زاماندا، ئاتىسىنىڭ ئىززىتىدىن ۋە مال-مۈلكىدىن مەھرۇم بولغان كەمبەغەل يىگىتنى باي-دۆلەتمەن ئائىلە ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىشنى مۇناسىپ كۆرمىگەن. نەسەپ-مەرتىۋە سۈرۈشتۈرۈدىغان ئائىلىدە ئۆسكەن ۋە فېئوداللىق-مۇتەئەسسىپلىك روھىدا تەربىيىلەنگەن قىز — نەۋائىنىڭ مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش دۆلەتمەن ئائىلىگە ياتلىق

بولۇشنى راۋا كۆرگەن. بۇ ئەھۋال نەۋائىينىڭ مۇنۇ غەزەللىرىدە ئىپادىلەنگەن:

يۈز بەلا تاشى ئەگەر ياغدۇرسا دىلبەر باشىمە،
شاد بولۇرمەن بارچەسى گەر تەگسە يەكسەر باشىمە...
ئىككى باشىم بولماسا، ئىككى كۆڭۈللۈك يارنى
سېۋمەگەيمەنكىم بەلا ئۈرسۈن مۇكەررەر باشىمە...

يەنە بىر غەزىلىدە:

ۋاي، يۈزىمىڭ ۋايكىم، تەركى مۇھەببەت قىلدى يار،
بىلمەيىن قالدىم مەنۇ قىلماي خەبەر ئايرىلدى يار.
باردى ئۇقتەك تېزۇ يادەك قامەتىم ياد ئەتمەدى،
ئىشق ئارا گويا مېنىڭ ئەگرىلىكىمنى بىلدى يار.
چۇن گەدالار بىرلە شاھلار قىلماس ئەرمىش يارلىغ،
مەن گەدانى كۆرگە بەس نە چۇن بۇرۇندىن ئىلدى يار.
(«غ - س»)

ئۆز مەشۇقىنى مەرتىۋە-دۆلەتمەنلىكتىن كۆرە، ساداقەتمەن بولۇش ۋە ئەقىدىسىنى ساقلاشقا، يەنى ۋاپادار بولۇشقا ئۈندەپ غەزەللەرمۇ يازغان.

نە بولدى دەردىمە، بى ۋەفا، داۋا قىلساڭ،
ۋەفاغا ۋەئدە قىلىپ، ۋەئدىگە ۋەفا قىلساڭ.
(«ب - ۋ»)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەشۇقىنىڭ يەنىلا باياشادلىقنى ھەقىقىي ئىشق-مۇھەببەتتىن ئۈستۈن قويۇپ، ئەلشىرنى پەقىر كۆرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بەتتامغا قالغانلىقنى نەۋائىنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇ.

دەپ ئىمىش سەن تەرك ئېتىپ ئىشق-مۇھەببەت شىۋەسىن،
ئات چىقارمىش سەن سەلاھ ئىچرە زىھى بەدناملىغ.

نەۋائى مەشۇقىنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە نىدا قىلىپ، مۇنداق غەزەل يازغان:

ياردىن ھېچكىم مېنىڭدەك زار-مەھجۇر ئولماسۇن،
جۇملەئى ئالەمدە رەسۋالىقغە مەشھۇر ئولماسۇن.
مەن بولاي ئەۋارە ئىشقىمدىن ئەيلەپ گۇفتۇگۇ،
ئاتى ئانىڭ ھەر كىشى ئاغزىغە مەزكۇر ئولماسۇن...
پەند ئىلە كۆڭلۈم ئۆيىن قىلما ئىمارەت ئەي رەفىق،
بىزنى بۇزدى ھەرگىز ئول، يارەبكى، مەئمۇر ئولماسۇن...
يار ۋەسلىغە قۇۋۋاندىم قوۋدى كويىدىن مېنى،
ئەي نەۋائى ھېچ كىشى دەۋلەتغە مەغرۇر ئولماسۇن.
(«غ - س»)

شۇنىڭدەك مۇھەببەت ۋەقەسىدىن كۆرگەن دەرد-ئەلەم تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، كۆڭۈلنىڭ كەيىنگە كىرمەسلىك، ھاۋايۇ ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرنى بايان قىلغان. لېكىن نەۋائى ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، ھايات گۈلىنى

دەرد-ئەلەمدىن ئۈستۈن قويغان:

خۇش تۇرۇر باغى كائىنات گۈلى،
بارچەدىن ياخشىراق هايات گۈلى.

يەنە بىر غەزىلىدە:

قايدا كىم هۆسن ئەهلىدىن ئالەمغە تۇشتى ئافەتى،
ئىشقىدىن قىلدىڭ مېنى رەسۋايى ئالەم، ئەي كۆڭۈل...
ئۆتكەن ئۆتتى، بارى، ئەمدى ئەيلە بۇ پەندىم قەبۇل
كىم، يەنە قىلما هەۋايى جىنسى ئادەم، ئەي كۆڭۈل.
(«ن - ش»)

نەۋائى يارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن زارلانغان بولسىمۇ، ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن، بىرى بىۋاپا بولغىنى بىلەن، يەنە بىرەر مېهرىبان يار تېپىلىشىغا ئۈمىد باغلىغان:

گەر ئانىڭدەك شوخى شەهر ئاشۇبى ئافەت تاپماساق،
بىر فەقىرى مېهرىبانى غەمگۇسارى كۆزلەلى.

نەۋائى بىرىنچى قېتىم ۋەدىلەشكەن مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە "فەقىرلەر"دىن "مېهرىبان غەمگۇسار" ئىزدىگەن. ئاخىر، هەمدەرد بولارلىق بىر لايىق تاپقان. ئەپسۇسكى، نىكاھلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان، تۇيۇقسىز تەگكەن كېسەل بىلەن بۇ لايىقى ۋاپات بولغان. بۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەۋائىنىڭ بەزى غەزەللىرىدىكى ئىما-ئىشارەتلەردىن پەرەز قىلىش مۇمكىن:

هەيىهاتكىم، ھىراۋ غەمىدىن زارمەن يەنە،
فەريادكىم، بەلاغە گىرىفتار مەن يەنە.

يەنە «ئىدى» رەدىفلىك غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

گوييا شۈكر ئەتمەدىمكىم ئانىسىز ئۆلمىشمەن بۇ دەم،
ئۇل قوياشمىنى ياشۇرغان چەرخى كاجرەفتار ئىدى.
چەرخ بىلمانىكىم ماڭا بۇ ئۆزرىنى تۇتتى رەۋا،
يوقسە مېهر ئەھلىگە ئۇل تابار ئىدى، غەددار ئىدى...
(«غ - س»)

ئەلىشىر نەۋائى ئىنسان ۋاپاسىزلىقى ۋە پەلەك ۋاپاسىزلىقىدىن تۇغۇلغان ئەنە شۇنداق مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىشق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى خۇلاسىلاپ، غەزەللەر يازغان. مەسىلەن:

كىمكى ئاشىق بولسا زارۇ خەستە هال ئولماق كېرەك،
رەشكىدىن ئالەم ئېلىگە بەد خەيال ئولماق كېرەك.
ۋەسل تاپماغلىغكى ئىشق ئەھلىغە ئەمردۇر مەهال،
هەجر ئارا گاھ نالەدىن ئانداقكى نال ئولماق كېرەك.
ۋەسل مۇمكىن يوق، ۋەلى هىجراندا هەردەم يۈز بەلا،
مۇنداق ئافەت مۇپتەلاسى ماھۇسال ئولماق كېرەك.
ئىشق كويىدا زىلالى ۋەسل ئىچمەيدۇر كىشى،

دەير سارى تالىبى جامى زىلال ئولماق كېرەك.
زۇلم كۆركىم، چەرخ ئېتىپ ئىككى سىپەھنى كىنەۋەر،
مورلار خەيلى ئارادا پايمال ئولماق كېرەك.
ئەي نەۋائى، ئىستەسەڭ مەخلەس كۇدۇررەتتىن ساڭا،
خانىقاھدىن دەير سارى ئىنتىقال ئولماق كېرەك.
(«غ - س»)

نەۋائى غەزەللىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تەھلىلى بويىچە، ئادالەتپەرۋەر جامائەتچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى دىققەت نەزەرىدە تۇتۇپ، ئىشقتا ئىمتىياز بولماسلىق چۈشەنچىسىنى ئالغا سۈرگەن، نەۋائى ئىشق مەسىلىسىدە، ئاشىق-مەشۇقلار مەيلى يۇقىرى تەبىقە ياكى تۆۋەن قاتلامدىن بولسۇن، ئۇلاردىن ھېچقايسىسى ئىمتىيازلىق بولماسلىقى، يەنى ئاشىق مەشۇقنى ياكى مەشۇق ئاشىقنى پەقىرلىقىدىن ھەقىر كۆرمەسلىكى ۋە ئۇلار يۇقىرى-تۆۋەنلىك، باي-گادايلىق پەرقلىرىگە پىسەنت قىلماسلىقى، پەقەت تەڭ ئورۇندا، تەڭ مۇناسىۋەتتە، بىر-بىرىگە ھەمدەم-ھەمنەپەس بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئاشىق ئېرسەڭ، كۆرمەگىل، ئەي شاھ، گەدالارنى ھەقىر
كىم، بەلالىغ ئىشق فەرق ئەتمەس گەدايۇ شاھنى.

يەنە بىر غەزەلىدە:

ھۆسن چۇ جىلۋە قىلۇر، ئاقۇ قارادا يوق فەرق،
كىشگە كەلسە بەلاخاھى خىتا، خاھى ھەبەش.

نەۋائى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئىشق زىكرىدە» دېگەن بابىدا، بۇ پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شۇنداق دەيدۇ:

”ئىنادى ئالدىندا تەڭ ھەم پادىشاھ، ھەم گەدا، بىدادى قاشىدا بىر ھەم فاسىق ھەم پارسا“ (قىيىقلىق ئالدىدىمۇ پادىشاھ بىلەن گادا تەڭ، جـەۋرە قـىـيـنـاـشـىـدىمۇ يامان ـ ئىشلارنى قىلغۇچى بىلەن يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچىمۇ ئوخشاش).

نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشق-مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي تەبىرى بېرىلگەن ۋە ئىشق ئىزھار قىلىش ھەم يارنى ھەقىقىي ئىشققا دەۋەت قىلىش ماۋزۇلىرى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن، مەشۇقنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان ”ۋەفا“ ماۋزۇسى، يەنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋەدىسىدە تۇرۇش بىلەن تۇرماسلىقتەك چوڭ زىددىيەت مەسىلىسى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتكەن.

«ۋەفا» سۆزى توغرىسىدا شەرھلىگەن بىر غەزىلىدە:

ۋەفا شەخسىنىڭ فەرقىنى چەرخ تىغى،
ئىكى بۆلدى ۋەھكىم بىرى كەم بولۇپتۇر.

يەنى، ”ۋەفا“ ئۆزى بىر سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپلىمە مەنىگە ئىگە سۆز — ”ۋەدە“ بىلەن ”ۋەدىدە تۇرماسلىق“تىن ئىبارەت ئىككى يۈزلۈك سۆز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

نـەۋائـى كـىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن تۈرلۈك ۋەقـەـھـادىـسـىـلەرنى كۆزىتىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ھاسىل قىلغان چـۈشـەنـچـىـلـىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ”ۋەفا“ پەقەت ئاشىق-مەشۇق ئوتتۇرىسىدىكىلا مەسىلە ئەمەس، بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. ئىنسانىيەتتە شاھ باشلىق ھۆكۈمران تەبىقىگە ”ۋەفا“ پەزىلىتى

بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ”ۋەفا“ سۆزىمۇ يات ئىكەنلىكىنى، ئىنسان تۇگۇل پەلەك-زامانىمۇ ۋەفانىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېنىق ۋە كونكرېتراق ئىپادىلەشكە ئۆز ماھارىتىنى بېغىشلىغان. «كۆڭۈل» رادىفلىق غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

ئالەم ئەھلىغە ۋەفا كۆپ قىلدىمۇ، كۆردۇم جەفا،
ئۆلفەتىڭ بۇ خەيلىدىن سەن بارى قىل كەم، ئەي كۆڭۈل.
(«ن - ش»)

«ئىستەدىم» رادىفلىق غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

بىلمەدىم ئالەم ئېلىدە يوقتۇرۇر مۇتلەق ۋەفا،
ۋەھكى ئۆمرۈم ئولچە يوقتۇر ساغىنىپ يار ئىستەدىم.

«كۆرمەدىم» رادىفلىق غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفاكىم، يۈز جەفاسىن كۆرمەدىم،
كۆرگۈزۈپ يۈز مېھر، مىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمەدىم.
(«ب - ۋ»)

«ۋەفا» رادىفلىق غەزىلىدە ئالەم ئەھلىغە نەسىھەت قىلغان:

كىمسە ھەرگىز كۆرمەدى چۇن ئەھلى دەۋراندىن ۋەفا،
ئولكى دەۋران ئافەتىدۇر نە تەمەئ ئاندىن ۋەفا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەر ۋەفا قىلساڭ ئېرۇر ئاندىنكى باردۇر سەن بەرى،
يوقسە كىم ئالەمدە كۆرمىش نەۋئى ئىنساندىن ۋەفا.
(«ب - ۋ»)

سەمەرقەنتتە ياشىغان دەسلەپكى مەزگىللىرىنى ياش ئەلشىر ھىجرانلىق ھالىتىدە ئۆتكۈزگەن. شۇڭا ئەسەرلىرىدە، «ۋەفا» ئىمىسىغا ئۇلاپ «ھىجران»، «فىراق» ئىملىرى يورىتىلغان.

نەۋ بەھار ئەيىامى بولمىش، مەن دىيارۇ يارسىز،
بۇلبۇل ئولغاندەك خەزان فەسلى گۇلۇ گۇلزارسىز...
تاڭ ئەمەستۇر گەر دىيارۇ يارسىز ئازۇردەمەن
كىم، ئەمەس بۇلبۇل گۇلۇ گۇلزارسىز ئازارسىز...
(«غ - س»)

دېمەك، شائىرنىڭ سەمەرقەنتتە يېزىلغان شېئىرلىرىدە «ھىجران»، «فىراق»، «غۇربەت» تەسەۋۋۇرلىرى ئۆز قەلبىنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. «ئۆرتەندى» رادىفلىق غەزىلى بۇ ھالنى ئېنىقمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ:

ۋەھكى ھەجرىڭ ئوتى جىسمى ناتەۋانىم ئۆرتەدى،
ناتەۋان جىسمىمغە تۇشكەن شۇئلە جانىم ئۆرتەدى.
قوزغابان كۆڭلۇم ئالاخانۇ ئالامان ئەيلەدى،
نە ئالاخانۇ ئالامان، خانۇمانىم ئۆرتەدى.
(«ب-ۋ»)

نەۋائىنى مۇنداق كۆلپەتلەرگە سالغان مەشۇقىنىڭ نامۇ نىشانى — كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتچىلار ئىزدەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق نەتىجە ھاسىل قىلالمىغان. چۈنكى نەۋائى ”يارنىڭ ئىشقىدىن مەنلا سۆزلەپ ئاۋارە بولاي، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر كىم ئاغزىغا ئېلىپ يۈرمىسۇن“ دېگەن مەزمۇندا «ئۇلماسۇن»، «ئىمىش» رادىفلىق غەزەللىرىنى يازغان:

مەن بولاي ئاۋارە تا ئىشقىمدىن ئەيلەپ گۇفتۇگۇ،
ئاتى ئانىڭ ھەر كىشى ئاغزىغە مەزكۇر ئۇلماسۇن.
(«غ - س»)

يار ئاتى جاندىن چىقارىپ، تىلغا مەزكۇر ئەيلەمەك،
ئاشىقى پەرۋانە ئالىندا قاچان مەھسۇپ ئىمىش.
(«ف - ك»)

لېكىن، تەتقىقاتچىلار نەۋائى ئۆز مەشۇقىنى ”گۈل“ بىلەن تەۋسىف قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ مەشۇقى ”گۈل“ بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ. ئومۇمەن ”گۈل“ ۋە ”بۇلبۇل“ كلاسسىكلىرىمىز ”ئاشىق“ بىلەن ”مەشۇق“نىڭ تىمسالى سۈپىتىدە كۆپ قوللانغان سۆزلەر. گاھىدا شائىرلار ئۆزىنى ”بۇلبۇل“غا، يار-مەشۇقىنى ”گۈل“گە ئوخشىتىدۇ. نەۋائىمۇ مەزكۇر ئىستىئارىدىن كۆپ پايدىلىنىپ، ئۆز مەشۇقىدىن بىشارەت بەرگەن. نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتىدە ”گۈل“ لىرىك قەھرىمان نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ يېزىلغان شېئىرلار كۆپ.

گۈلنى ئوخشاتقان ئۈچۈن يارىمغا گويا باغ ئارا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇزتەرىپ كۆڭلۇم قۇشىدۇر، بۇلبۇلى شەيدا ئەمەس.
(«غ - س»)

نەۋائى ھەققىدە تەتقىق قىلغۇچىلار، نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى يېزىشىدا ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت ۋە ئەدەبىي رىجىلىرىدىن باشقا، بەختسىز مۇھەببىتىمۇ چوڭ تۈرتكە بولغان، شائىرنىڭ مۇرادىغا يېتەلمىگەنلىكى فەرھادنىڭ تەقدىرىگە قىسمەن ئوخشاپ كېتىدۇ، دېيىشىدۇ. دەرۋەقە نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىكى مۇنۇ بېيىت بۇنىڭغا پاكىت بولىدۇ:

چۇ تاپتىم ئىشق ئارا فەرھادۋەشلىق،
قىلاي ئول جامىنى فەرھاد كۇشلۇق.

چۈنكى نەۋائى بىرمۇنچە غەزەللىرىدە فەرھادنى ھەمدەرد، ئەسلىگۈچى، ھالىنى بىلگۈچى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. گاھىدا ئۆزىنى ئىشق دەردى مۇبتەلاسىدا فەرھاددىن ئۆتە دەردمەن قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئىشق ئەھلى گۆرىستانىدا قەبرىم چۇ زاھىر بولغۇسى،
فەرھاد ئانىڭ تاشىن يۇنۇپ، مەجنۇن مۇجاۋىر بولغۇسى.
(«غ - س»)

ئىشق ئارا قازدىم بەلا تاغىنى تىرناغىم بىلە،
ئويلە ساغىنماڭكى، شىرىن ئاشىقى فەرھادمەن.
(«ن - س»)

تاش ئۇرارلار مەنى مەجنۇنغەكى، قازمىش فەرھاد،
ئىشق ئارا مەنچە قاچان ئەردى ئىكىن شىددەت ئاڭا.
(«ب - ۋ»)

نە چاغلىق تاشكىم فەرھاد ئۇشاتتى،
فەلەك بارىن يىغىپ باشىمغا ئاتتى.
مېنىڭ ئەفسانەم ئەردى بول ئەجەبراق،
نېچە مەجنۇن سۆزىنى راۋى ئۇزاتتى.
(«ب - ۋ»)

بــەزى تــەتــقىقاتچىلارنىڭ قىياسىچە، ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئىشقىنى شەرھلەپ، ئۆزىنى مەپتۇن ۋە مەھزۇن قىلغان مەشۇقىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئايرىم داستان يازماقچى بولغان. لېكىن بۇ داستان رېچە ھالىتىدە قالغان. ئېھتىمال، «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەر ۋە ئوخـشــتــىشلار ھەم ئاشىق بىلەن مەشۇقىنىڭ ۋىسال ئۈچۈن تارتقان كۆلپەتلىرىنىڭ تەسۋىرى بىلەن كېپايىلەنگەن بولسا كېرەك.

نــەۋائى ئەللىك ياشتىن ئاشقاندا، دوست-يارەنلىرىنىڭ تەرغىبى ۋە شەخسىي ئائىلىۋى يالغۇزلۇق سەۋەبى بىلەن ئۆزىگە بىر ھەمراھ تېپىشنى ئويلىغان. لېكىن بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچكەن. بۇ ھەقتە ئۆمۈر بايانى تەرزىدە مۇنداق غەزەل يازغان:

ئاقارا باشلادى باش، تۆكۆلە باشلادى تىش،
سەفەر ياراغىنى قىلغىلكى، تۈشتى باشگە ئىش.
يىگىتلىكىم باربان، كەلدى باشمە قېرىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فەنا يولىدا بۇ ياڭلىغ ئىمىش بارىشۇ كېلىش.
يۈز ئۆلكى قىرىقدىن ئەللىككە قويدى يۈز، قىلسا
مىڭ ئىشىدىن بىرىگە ياخشىلىق مەھال ئەرمىش.
يىگىتلىك ئۆلدى بەھارۇ كۈھۇلەت ئۆلدى خەزان،
دېگەن بۇ سۆزنى — قېرىلىقنى قىشقا ئوخشاتمىش.
نە قىش نىشاتى ماڭا قالدى نە خەزان، نە بەھار،
نەھارىمە چۇ خازان قويدى يۈز، خەزانىمە قىش.
نە تۇرفە ئىشكى، بىراۋچۇن تارىقتى ئۆمرىدىن،
دېسە «ئۆزۈن ياشا»، قارغىشدۇر ئاڭا بۇ ئالقىش.
نەۋائىيا، تۇتار ئەھلى فەنا نەجاد يولىن،
ئېرىشمەك ئىستەر ئېسەڭ ئىشدە، ھەم ئالارنى ئېرىش.
(«ف - ك»)

دېمەك، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئۆمرىنى تەنھا-بويتاق ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ شەخسىي سەۋەبلىرى ئەنە شۇ ئەھۋاللاردىن بولسا كېرەك. نەۋائىي ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ئىجادىيەتكە، ئەلنىڭ پاراۋانلىقىغا بېغىشلىغان.

# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتى

ئەلىشىر نەۋائى ”چاغاتاي ئەدەبىياتى“نىڭ داھىيانە ۋەكىلى، ئۇ ئۆز ئانا تىلىدا ”ئەڭ كۆپ يازغان ۋە ئەڭ خوب يازغان“ مۇتەپەككۇر شائىر؛ شۇنداقلا XV ئەسىر كلاسسىك شېئىرىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن شائىرلارنىڭ پېشۋاسى.

نەۋائىي ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئاساسلىق ساھەلىرىدە، خىلمۇخىل ژانىرلاردا چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەسەرلەر ياراتقان ئېنسىكلوپېدىك ئەدىب. نەۋائىنىڭ ئومۇمىي ئىجادىي مىراسىنى يەتتە تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى: «خەزايىنۇل مەئانى»، «خەمسە»، «لىسانۇت تەير»، «ھىلالىيە»، «تۇھفەتۇل ئەفكار»، «ھەسبى ھال»؛

2. ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت: «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مۇفرەدات»؛

3. تىلشۇناسلىققا ئائىت: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»؛

4. تارىخ — تەزكىرە ھەم ۋەسىقەشۇناسلىققا ئائىت: «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن»، «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» («زۇبدەتۇل تەۋارىخ» دەپمۇ ئاتالغان)، «ھالاتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر»، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»، «مۇنشىئات»، «ۋەقفىيە»، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»؛

5. پەلسەپىگە ئائىت: «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6. ئىجادىي تەرجىمىگە ئائىت: «نەسايىمۇل مۇھەببەت» — ئابدۇرەھمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۈنس» دېگەن ئەسىرىنىڭ قوشۇمچە ۋە ئىلاۋىلەر بىلەن تولۇقلاپ قىلىنغان تەرجىمىسى؛ «نەزمۇل جەۋاھىر» — ھەزرەت ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ توپلىمى — «نەسرۇرلەئالى» («لەئلىلەر چاچقۇسى») دېگەن ئەسىرىنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسى؛ «ئەربەئىن ھەدىس» («قىرىق ھەدىس») نىڭ جامى تەرىپىدىن قىلىنغان پارسچە تەرجىمىسىنىڭ تۈركىيچە تەرجىمىسى؛ فەخرىددىن ئىراقىينىڭ «لەمەئات» ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى؛ نەزمىي ۋە نەسرىي — ئىككى ساھە بويىچە نۆۋەتتە بۇ ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

## I نەزمىي ئەسەرلەر

نەۋائىنىڭ دىۋانلىرى، «خەمسە»، «لىسانۇت تەير» — بۇ ئۈچ چوڭ ئەسەرلىرى ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ؛ قەسىدىلىرى بىلەن بىللە باشقا نەسرىي ئەسەرلىرىدىمۇ شېئىرلىرى كۆپ. نەۋائىنىڭ زامانىدىشى ۋە نەۋائى "پىر ئۇستاز"، "ئەۋلىيا" دەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئەدىب ئابدۇرەھمان جامى مۇنداق دېگەن: "ئەگەرچە ئاڭا تەبىئەت قۇۋۋىتى ۋە قابىلىيەت كەڭلىكى جەھەتتىن تۈركىي ۋە فارسىي — ئىككى تىلدا شېئىر مۇيەسسەر بولسىمۇ، ئەمما تەبئىنىڭ مەيلى فارسىدىن كۆرە تۈركىيگە ئارتۇقراقدۇر ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى ئۇ تىلدا ئون مىڭدىن زىيادە بولسا كېرەك. نىزامى «خەمسە» سى مۇقابىلەسىدە ئېيتقان مەسنەۋى (ئىككىلىك) لىرى ئوتتۇز مىڭغا يېقىن. دېگەندەك، ئۇ تىلدا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم ئۇنچىلىك شېئىر ئېيتمىغان ۋە نەزم گۆھىرىنى تەشمىگەن". جامى ۋاپات قىلغاندىن (1492-يىلىدىن)

كېيىن نەۋائى ئۆزى ۋاپات قىلغانغىچە، نەسرىي ئەسەرلەردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن شېئىر يازغان. نەۋائى «دىباچە» (كىرىش سۆز)دە مۇنداق دېگەن: "ئاندىن سوگرە يىغىلغان ئەشئارنىڭ ۋە نەزم رىشتەسىغە تارتىلغان دۇررى شەھۋار (ئەڭ ئەلا دۇر-ئۈنچە)نىڭ ئەدەدى بۇرۇنقى دىۋانلاردىن ئارتۇق چاغلىقدۇر"، شۇڭا ئەدەبىياتشۇناسلار نەۋائىنىڭ لىرىك مىراسلا 50 مىڭ مىسرادىن ئاشىدۇ، دەپ مۆلچەرلەشكەن.

## 1. دەسلەپكى دىۋانلىرى

ئەلىشىر 7-8 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ھىرات، مەشھەد، تەفت شەھەرلىرىدە ئوقۇپ يۈرگەن چېغىدىلا قولىغا قەلەم ئالغان. بولۇپمۇ سەمەرقەنددە ئىلىم تەھسىل قىلىش داۋامىدا، ناھايىتى نۇرغۇن نەزمىي ئەسەر يازغان. نەۋائى 25 ياش چېغىدا بىر دىۋانى تۈزۈلگەن. نەۋائى بېيىتلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر دىۋانغا «تۆھپەتۇس-سەلاتىن» («سۇلتانغا تۆھپە») دەپ نام بېرىلگەن.

«بەدايىئۇل بىدايە» («بەدىئىيلىك باشلانمىسى»). بۇ — نەۋائىنىڭ ئۆزى تۈزگەن بىرىنچى دىۋانى. بۇ دىۋان نەۋائى 1469-يىلى سەمەرقەنددىن ھىراتقا قايتقاندىن كېيىن تۈزۈلگەن. تەخمىنەن نەۋائى 35 ياش چاغلىرىدا (1476-يىلى) تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ دىۋان 12 ژانىردا يېزىلغان 842 پارچە شېئىردىن تەركىب تاپقان.

«نەۋادىرۇن نىھايە» («نادىرلىق چوققىسى»). نەۋائى بۇ دىۋاننى تەخمىنەن 41 يېشىدا تۈزگەن بولۇشى مۇمكىن؛ دىۋانغا 1476 — 1486-يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان سەككىز ژانىرغا مەنسۇپ كۆپچىلىك شېئىرلىرى (693 شېئىر) كىرگۈزۈلگەن. بۇ يىللاردا، نەۋائى تولا چاغلاردا خانلىق-ئوردا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ئاساسەن غەزەل ژانىرىدا شېئىر يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئــەلــشىر نەۋائى بۇ دىۋانلىرى توغرىسىدا مۇنداق يازغان: ”... بــۇخاكسار پەرىشان روزگار كىچىك ياشدىن ئۆزۈمنى شېئىرنىڭ پەرىشان سـەۋداســىغە گىرىفتار بولغانىمنى ۋە توفۇلىيەت (گۆدەكلىك) زاماندىن كۆڭلۈمنى نەزمنىڭ پەراكەندە ۋەسۋەسىغە مەشغۇل ۋە شىفتەۋار (مەپتۇن) بولغانىن ۋە مۇتەقەددەم شۇئەراسى مەلىكۇل كەلامىلىرى (ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار، سۆز پادىشاھلىرى) دەستۇرى بىلەن جەمئ ۋە تەرتىبىدە سەئى قىلغانىمنى... ھەر سىنىف شېئىرغە زىب ۋە تەزيىن ۋە ئارايىش ۋە ئايىن بەرگەنىمنىڭ كەيفىيەتىن بۇرۇنقى دىۋانىم فىھرەستىدە كىم (مۇندەرىجىسى) «بەدايىئۇل بىدايە»غە مەۋسۇمدۇر. شەرھ بىلە ئەرز قىلىپ ئەردىم. ئاندىن سوڭ داغى ئول جەمئ ۋە تەرتىبىدىن باشقا يەنە بىر تەقرىب بىلە بىر نەۋئ ئەبياتكىم ئېيتىلىپ ئەردى ۋە ھەرنەۋئ غەزەلىياتكىم يىغىلىپ ئەردى. ئول خەيال شەبستانىنىڭ دۇرەخشان ئەختەرلەرىن ۋە ئول كۆڭۈل گۈلشەنىنىڭ دۇرەخشان گەۋھەرلەرىن داغى ئىككىنچى دىۋانىمغە كىم «نەۋادىرۇن نىھايە»غە مەشھۇردۇر...“.

**2. «خەزايىنۇل مەئانى»**

ئــەلــشــىــر نــەۋائى بالدۇرقى ئىككى دىۋانىدىكى شېئىرلارنى ۋە 1486-يىلىدىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى (كېيىن يازغانلىرى 1597 پارچە) قـوشـۇپ چـوڭ لىرىك توپلام تۈزۈپ، «خەزايىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خــەزىــنىسى») دەپ ئات قويغان. بۇ دىۋانىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا، «خــەمــســەتــۇل مۇتەھەييىرىن» ۋە «مۇنشىئات» دېگەن ئەسەرلىرىدىمۇ توختالغان. بۇ دىۋانى خەلق ئارىسىدا «چاھاردىۋان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى بۇ دىۋان تۆت توپلامدىن تەركىب تاپقان.

نەۋائى بۇ دىۋانغا يازغان «دىباچە»سىدە مۇنداق قەيت قىلغان، رۇبائىي:

بۇ بەھرىكى، گەنجلەر مەكانى دېدىلەر،
ھەر قەترەسىن بىر زىندەگانى دېدىلەر.
شەھ مەخزەنى تەبئىدىن نىشانى دېدىلەر،
كىم، ئانى «خەزايىنۇل مەئانى» دېدىلەر.

"... تۆرت فەسلىنىڭ مۇقابىلەسىدىكىم، تۆرت دىۋان ۋاقىئ بولۇپتۇر، ھەرقايسىغە بىر مۇناسىپ ئات دەربايىست ئىدى. ئول سەبەبدىن ئەۋۋەلقى دىۋانىكىم، تۇفۇلىيەت بەھارى غۇنچەسىنىڭ ئەجىب گۇللەرى ۋە سىغەر گۇلزارىنىڭ باغچەسىنىڭ غەرىب چېچەكلىرى بىلە ئاراستە بولۇپ ئەردى، «غەرايىبۇس سىغەر» دېيىلدى. ئىككىنچى دىۋانىكىم، يىگىتلىك ئاشۇفتەلىغ ۋە شەباب ئالۇفتەلىغ يازى ۋە دەشتىدە يۈزلەنگەن نادىر ۋەقايىئ بىلە پىيرەستە بولۇر ئەردى، «نەۋادىرۇش شەباب» ئاتالدى ۋە ئۈچىنچى دىۋانىكىم، ۋىسەتۇل ھەيات مەيخانەسىدە ئىشق بىلە شەۋق پەيمانەسىدىن يۈزلەنگەن بەدىئ نىشاتلار كەيفىيەتىن يازىلىپ ئەردى، «بەدايىئۇل ۋەسەت» ئات قويۇلدى ۋە تۆرتۈنچى دىۋانىكىم، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلەرىدە يۈزلەنگەن ئىشق دەردۇرەنجى فايدەلەرىكىم، جانسۇز ئاھ ئۇرماق ۋە جان تاپشۇرماقدۇركىم، ئاندا سەبت بولۇپتۇر، «فەۋايىدۇل كىبەر» لەقەپ بېرىلدى".

ئەلىشىر نەۋائى يىلنىڭ تۆت پەسلىگە ئوخشىتىپ ئۆمرىنىمۇ تۆت پەسىلگە ئايرىغان، "يەتتە-سەككىز ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە" بولغان دەۋرىنى "تۇفۇلىيەت ئاۋانى" ("بالىلىق چېغى") ۋە "ئۆمۈر فەسىللىرىنىڭ نەۋ باھارى ۋە ھايات گۇلشەنىنىڭ گۇلزارى" دەپ ئاتىغان، بۇ چاغنى مەدھىيىلىگەن شېئىرلىرىنى «غەرايىبۇس سىغەر» («بالىلىق غارايىبلىرى ») دىۋانىغا توپلىغان. "يىگىرمەدىن ئوتتۇز بەشكىچە شەباب زەمانى" (يىگىتلىك زامانى) بولۇپ، ئۆمۈرنىڭ ياز پەسلى ۋە "يىگىتلىك بولىقى" دەپ تەرىپلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يازغان شېئىرلىرىنى «نەۋادىرۇش شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى») دىۋانىغا توپلىغان. ”ئوتتۇز بەشتىن قىرىق بەشكىچە“ ”كۆھۇلەت ئەييامى“ (ئوتتۇرا ياشلىق كۈنلىرى) ”قىياس قىلىپ“، بۇ ئۆمۈرنىڭ خازان فەسلى يەنى ”تىرىكلىك باغىنىڭ بەرگرېزىنىڭ نىشانىسى“ (يوپۇرماق تاشلايدىغان چېغى) دەپ تەرىپلەپ يازغان شېئىرلىرىنى «بەدايىئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق بەدىئىيلىكى») دىۋانىغا توپلىغان. ”قىرىق بەشتىن ئاتمىش ياقىنىغىچە“ ئۆمۈرنىڭ قىش پەسلى بولۇپ، ”كىشىنىڭ ... ئەدەم (يوقلۇق) يولىغا كىرىپ، زامان ئەھلى بىلەن خەيرلىشىدىغان“ چېغى دەپ ھېسابلاپ، بۇ ھەقتە دۇئا تەرىقىسىدە يازغان شېئىرلىرىنى «فەۋايىدۇل كىبەر» («قېرىلىق پايدىلىرى») دىۋانىغا توپلىغان.

نەۋائى مۇمكىن قەدەر بارلىق شېئىرلىرىنى توپلاپ، ئۆمرىنىڭ تۆت پەسلىگە توغرىلاپ تۆت دىۋانغا ئايرىغان. لېكىن مۇتلەق خرونولوگىيىلىك ئاساستا تۈزۈلگەن دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى «غەرايىببۇس سىغەر» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئىچىدە يېشى ئەللىككە يەتكەندە يازغان شېئىرلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «غ — س»دە مۇنداق يازغان:

> ياشىڭ ئەللىك بولدى يۈز قويغىل فەنا تۇپراغىغە
> كىم، شەباب ئەييامى ئەيشۇبىئەدەبلىغ چاغى بەس.

«خەزايىنۇل مەئانى» دىۋانى سىممېترىك قانۇنى ئاساسىدا، خۇددى نەۋائى ئۆزى دېگىنىدەك ”غەزەلىياتنى 32 ھەرپ تەرتىپى بىلەن مۇرەتتەپ قىلىنغان“. يەنى ھەر دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ قاپىيىلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە مۇتەناسىپ ھالدا تۈزۈلگەن.

دىۋانغا 3132 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن ۋە ھەربىر ھەرپكە بىردىن ماۋزۇ قويۇلغان. تەخمىنەن 44 مىڭ 901 مىسرادىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار 16 خىل ژانىردا (غەزەل، مەسنەۋى، قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، رۇبائىي، قىتئە، ساقىنامە، مۇستەزاد، فەرد، مۇئەمما، لۇغز يەنى تېپىشماق، تەركىببەند، تەرجىبەند، تۇيۇق شەكىللىرىدە) يېزىلغان. ئەمما تۆت دىۋاندا لىرىك ژانىرلار تەكشى ئەمەس، مەسىلەن، بىرىنچى دىۋاندا تۆت ژانىر، ئىككىنچى دىۋاندا 13 ژانىر، ئۈچىنچى دىۋاندا سەككىز ژانىر ۋە تۆتىنچى دىۋاندا 12 ژانىر بار. 3132 پارچە شېئىرنىڭ 2600 پارچىسى غەزەل بولۇپ، غەزەللەر تۆت دىۋانغا 650 دىن تەڭ تەقسىم قىلىنغان.

پەقەت غەزەل ژانىرىنى ئالساق، تېما جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن پەلسەپىۋى-دىداكتىكىلىقى ۋە ئىجتىمائىيلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئىشق-مۇھەببەت، مەي، ساقىي، تەسەۋۋۇپ، ئەل-ۋەتەن، ۋەفا، ئادالەت، زامان، ئەمگەك، تەبىئەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەۋائىشۇناسلارنىڭ تەرىپىچە، بۇ دىۋان — نەۋائىي لىرىك مىراسىنىڭ ھەقىقىي كۆزگۈسى ۋە پوئېتىك ئېنسىكلوپېدىيەدۇر.

### 3. «خەمسە»

«خەمسە» نەۋائىينىڭ ئېپىك ئەسىرى، «خەمسە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "بەش"، "بەشلىك" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەدەبىياتتا، بەش داستاننىڭ توپلىمى «خەمسە» دەپ ئاتالغان.

نەۋائىي خەلق فولكلورى، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رىۋايەتلەرنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى «خەمسە» يازغان شائىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىلياس يۇسۇف ئوغلى نىزامى — گەنجەۋى ۋە ئەمىر خىسرەۋ دېھلەۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، بەدىئىي ۋە غايىۋى جەھەتلىرىدىن ئۆزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

خاس ئۇسلۇب بىلەن، كەينى كەينىدىن بەش داستان يازغان. خاندەمىر «مۇكارىمۇل ئەخلاق»تا يېزىشىچە: ”گۈزەل سىپەتلىك ئەمىرنىڭ مەنزۇم ئەسەرلىرىدىن بىرى تۈركىي «خەمسە» بولۇپ، يىگىرمە يەتتە مىڭ بېيتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ“. نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەرى» دىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇ بەش داستاننى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

## «ھەيرەتۇل ئەبرار»

«ھەيرەتۇل ئەبرار» — «ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى» — پەلسەپىۋى-تەربىيىۋى داستان، نەۋائى بۇ داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق كۆرسەتكەن:

ھەيرەتى ئەبراز كۆرۈپ زاتىنى،
«ھەيرەتۇل ئەبرار» دېدىم ئاتىنى؛
نۇكتەئى تارىخكى ئەھسەن ئىدى،
سەككىزۇ سەكسىز يۈزۈ سەكسەن ئىدى.

يەنى ھىجرىنىڭ 888-يىلى (مىلادى 1483-يىلى) يېزىلغان.

داستان كىرىش، تۆت مۇناجات، بەش نەئت (پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا)، نىزامى-گەنجىۋى ھەققىدە مەدھىيە، جامى توغرىسىدا، سۆز — تىلنىڭ تەئرىپى ۋە سۆزنىڭ مەنىسى، سۇلتان ھۈسەين بايقارا ھەققىدە مەدھىيە، كۆڭۈلنىڭ تەئرىپى، ئۈچ ھەيرەت، بەھائىددىن

نەقشەبەندى ھەققىدە مەدھىيە، 20 مەقالەت (ھەر مەقالەت ئاخىرىدا بىردىن ھېكايەت)، مۇھەممەد پارسا ھەققىدە، نەۋائى ئۆزى ھەققىدە (قوشۇمچە قۇلنىڭ ھېكايىتى) بولۇپ جەمئىي 64 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن 20 مەقالەت داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھەر مەقالەتتە بىردىن مەسىلە (ئىمان، ئىسلام، پادىشاھ، سېخىيلىق، ئەدەب، قانائەت، ۋاپا، ئىشق ئوتى، راستچىللىق، ئىلىم، قەلەمكەشلەر، پايدا يەتكۈزگۈچى، پەلەك-زامان، مەيخورلۇق، خۇنسىلارنىڭ ھىيلىگەرلىكى، يىگىتلىك باھارى، ھاياتنى قەدىرلەش، ھىراتنىڭ ئاۋادلىقى، لەتىپىلەرنىڭ مەجمۇئى) گۈزەل-فاساھەتلىك سۆزلەر، ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، تەبىئەت ۋە گۈزەللىك تەسۋىرلىرى بىلەن بايان قىلىنغان. نەۋائى بۇ داستاندا، خەلق چۆچەكلىرى، مەسەللىرى، ماقال-تەمسىللىرىدىن كەڭ پايدىلانغان ۋە ئۆزىمۇ نۇرغۇن ھېكمەتلىك ماقاللارنى ئىجاد قىلغان. شائىر ئۆزىنىڭ پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى ھەر مەقالەت ئاخىرىدا بىردىن قىسقا ھېكايە بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. شائىر بۇ مەسىلىلەر ئارقىلىق زالىملارنى، رىياكار روھانىلارنى، جاھىللىق، مۇناپىقلىق، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇق ئىللەتلىرىنى ئەيىبلەيدۇ؛ ئادالەت، ئىنساپ، ۋاپادارلىق، سېخىيلىق، ئەدەب-ئەخلاق، ئەمگەكچانلىق، راستچىللىق پەزىلەتلىرىنى تەرغىپ قىلىدۇ. مەسىلەن، 11-مەقالەتتە، ئىلىم-ئالىم پەزىلىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىدە، ئىلىم ئىزدىگۈچى مۇساپىرلارنىڭ تارتقان جاپالىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

زۇلمدۇرۇر ئۈشبۇكى بىرناتەۋان،
ئىلىم تەلەپ شەھەردىن ئۇلغاي رەۋان.

ئەينى فەلاكەتدىن ئاياغى يالاڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونى يوقىدىن تەنى داغى يالاڭ.

تىيىۋرەپ ئاياغىنى ئانىڭ ھەر تىكەن،
ھەر تىكەن ئۈستىدە مۆكەررەر تىكەن...

ئەسكى سەپچى باشىدا كۆلكۆلۈك،
دام كەبى باشىدىن ئاياغى تۆرگۆلۈك.

ئەگنىدە ئەۋراق كىتابى ئانىڭ،
قىلغالى تەھسىل شىتابى ئانىڭ...

ئاچ ئىبتىبان قارنىنى موھتاجلىق،
تۇئمەغە موھتاج ئىبتىبان ئاچلىق.

ھەرنە يېتىپ قانىدىن ئولۇپ يول يۆرۈپ،
تا ئۆزىن ئۆز مەقسەدىغە يەتكۈرۈپ...

سەير ئېتىپ ئاقشامغەچە بىتۆشەئى،
چۈن بولۇپ ئاقشام تۇتۇبان گۇشەئى...

تاڭلا قىلىپ سەير مەدارىس ئارا،
مەدرەسەلەر ئىچرە مەقالىس ئارا...

غۇربەت ئارا ھالى ياماندىن يامان،

ھەرنە يوق ئاندىن يامان ئاندىن يامان.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلىمنى مەنسەپ ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ، جاھىل ھۆكۈمرانلارغا، ئەمەلدارلارغا خۇشامەت-تەخسىچىلىك قىلىدىغانلارنى قاتتىق قامچىلىغان:

جاھىل ئەگەر ئولدۇرۇر، ئالىم بۇدۇر،
ئالىم ئەمەس ئۆزىگە زالىم بۇدۇر.

ئىلمنى كىم ۋاستەئى جاھ ئېتەر،
ئۆزىنىيۇ خەلقنى گۇمراھ ئېتەر.

ئالىم ئەگەر جاھ ئۈچۈن ئولسا زەلىل،
ئىلمى ئانىڭ جەھلىغە بولغاي دەلىل

چۈنكى تاپىپ ئىلىم رىياسەت ئۈچۈن،
خىلئەت ئېتىپ ھۆللە نەجاسەت ئۈچۈن.

ئاندىن، ئالىمنى ئۆز ئىلىمگە ئەمەل قىلىشقا، ئۆز ئىلىمنى قەدىرلەپ، مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىككە دەۋەت قىلغان:

ئالىم ئەگەر قەتتە ئەمەل ئەيلەسە،
ئىلمىغە شايەستە ئەمەل ئەيلەسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالماسا كۆز جىنەئى دۇنيى سارى،
باقماسا تۇز دۇنيىنى فانى سارى.

ئانى شەرەف گەۋھەرىنىڭ كانى بىل،
گەۋھەرى كان ھەرنە دېسەڭ ئانى بىل.

تۆتىنچى مەقالەتتە، جەندە كىيىۋېلىپ خەلقنى خۇراپاتلىققا باشلايدىغان، خانىقا ياساپ كىشىلەرنى مۇرىد قىلىپ ئالدايدىغان رىياكار سوپىلارنى دىنغا خىيانەت قىلغۇچى مۇشرىكلار دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن:

خىرقە ئۈزە بەخيەكى ھەريان چېكىپ،
زۇھدۇ رىياۋۇ ھۇللەلەردىن تىكىپ...

ئەسكى ئەمامەكى بولۇپ پېچ-پېچ،
پېچىدىن ئۆزگە نىمە يوق ئاندا ھىچ...

تۇرفە ساقالىن ئاسبان كۆلگۈدەك،
ئىككى يىغاچ ئۈزرە چىقىپ ئەچكۈدەك.

ئەچكۈچە ھەم يوق ئىشىدە توغرىلىق،
ئول تۇتۇپ ئوغرى، بۇ قىلىپ ئوغرىلىق...

مەفسەقەئى تاپىبان ئىلتىپ پەناھ،
ئاتىنى مەئبەد ئاتاپ ۋە خانەقاھ...

خىلۋەت ئارا قىلغۇچى مەھرەم ئۆزىن،
خىزرى بىلە تۇتقۇچى ھەمدەم ئۆزىن...

ئەرز نىياز ئەيلەبان ئولغاي مۇرىد،
پايەلەردىن ھەرنەفەس ئەتكەي مەزىد.

باتىن ئولۇپ فاسىد، زاھىرسەلاھ،
تاشى مۇسەللاھۇ ئىچى مۇستەراھ.

بۇ ئەل ئىرۇر بارچە ياماندىن يامان،
كىمكى يوق ئاندىن يامان ئاندىن يامان.

ئالتىنچى مەقالەتتە، ئەدەب ۋە ھەددى ھەرىكەت توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئاتا-ئانىنى قەدىرلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ۋە كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىش، مىننەت ۋە كىبرى قىلماسلىق زۆرۈرلىكىنى تەۋسىپلىگەن:

ئەلگە شەرەف بولمادى جاھۇ نەسەب،
لېك شەرەف كەلدى ھەياۋۇ ئەدەب.

بولماس ئەدەبسىز كىشىلەر ئەرجۇمەند،
پەست ئېتەر ئول خەيلنى چەرخى بەلەند...

رۇتبەدە سەندىن كىشىكىم بولسا پەست،
كۆرسەڭ ئۆز ئۆز ئالىڭدا ئانى زىردەست...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرى ئېرۇر مەكرەمەتى ۋالىدەيىن،
بىلكى مۇنىڭ قىلماغىدۇر فەرزى ئەيىن...

باشنى قىدا ئەيلە ئاتا قاشىغە،
جىسمنى قىل سەدەقە ئانا باشىغە...

كىمكى ئۇلۇغراق ئاڭا خىزمەت كېرەك،
كىمكى كىچىكرەك ئاڭا شەفقەت كېرەك.

ئۇنىنچى مەقالەتتە، نەۋائى راستچىللىقنى تەرىپلەپ، كەكلىكنىڭ يالغانچىلىقى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى مەسەلنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىمۇ ئاگاھلاندۇرغان:

سۆزدە نەۋائى نە دېسەڭ چىن دېگىل،
راست نەۋا نەغمەغە تەھسىن دېگىل.

## «فەرھاد ۋە شىرىن»

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىنىڭ گۈل تاجى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسىرىنى نەۋائى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى خېلى تېتىغان، جەمئىيەت ماھىيىتىنى ۋە قىياپىتىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، كۆپ مەسىلىلەردە ئەقلىي خۇلاسە چىقارغان چېغىدا، يەنى يېشى قىرىقتىن ئاشقاندا يازغان. داستاننىڭ تۈگەنچە بابىدا:

چۇ تارىخى يىلىن ئەيلەي دىدىم تۈز،
سەككىز يۈز سەكسەن ئەردى داغى توققۇز.

دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن داستاننىڭ ھىجرى 889-يىلى (مىلادى 1484-يىلى) يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نەۋائى بۇ داستاننى يېزىشتا، ئۆزىدىن ئىلگىرى بۇ تېمىدا يېزىلغان داستانلارنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، بولۇپمۇ نىزامى-گەنجىۋى (1141 — 1203-يىللىرى) يازغان «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ، خۇسرەۋ دىھلەۋى (1253 — 1325-يىللىرى) يازغان «شىرىن ۋە خۇسرەۋ» داستانلىرىدىكى تەجرىبىلەر ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ ۋە بۇ داستانلارغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراپ، خۇسرەۋنى باش قەھرىمان قىلغانلىقلىرىنى كەمچىلىك دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما لىرىك-ئېپىك ئەسەر يېزىشتا ”زور پىل“ دەپ تونۇلغان بۇ ئىككى مەشھۇر شائىرنىڭ پەنجىسگە پەنجە ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق...
نىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق...

نىزامى ئەردى ئانداق پىلى ۋالا،
كى چەكتى گەنج گۆھەر مەيلى بالا...

بۇگۈن ئول پىل بۇ ھىندۇ ئېرۇر بىل،
كىچىكرەك بولسا ھەم لېكىن ئېرۇر پىل.

نەۋائىغا داغى شەۋكەت يېتۇرگىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى يىلدىن قۇۋۋەت يېتۈرگىل.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تارىخىي ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى، خەلق چۆچەكلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىدىن ئىجادىي پايدىلىنىدۇ:

بۇرۇن جەمىئ ئەت نىكىم بولسا تەۋارىخ،
بارىدىن ئىستە بۇ فەرخۇندە تارىخ...

ئانى نەزم ئەتكى تەرھىڭ تازە بولغاي،
ئۇلۇسقا مەيل بىئەندازە بولغاي...

خۇش ئەرمەس ئەل سوڭىچە رەخش سۈرمەك،
يولىكىم ئەل يۈگۈرمىشدۇر يۈگۈرمەك...

قىلىپ بۇ كۆڭلۈمنى بۇ ئەندىشە پەيدا،
تەۋارىخ ئەيلەدىم ھەر سارى پەيدا.

دېمەك، نەۋائى بۇ داستاننى يېزىشتا، كىشىلەر ماڭغان يولدىن ماڭماي، ئۆز ئالدىغا يول ئاچىدۇ ۋە داستانغا ۋەقەلىكنى ۋە باش قەھرىماننى چىن دىيارىدىن تاللايدۇ:

بۇ گۈلشەننىكى رەشك نەقش چىندۇر،
نەسىمى ھەم گۈلى ھەم ئاتەشىندۇر.

نىزامىغا دېھلەۋى ئەگىشىپ، پادىشاھ خىسرەۋنى باش قەھرىمان قىلغان بولسا، نەۋائىي ئۇلار ياراتقان ئەپسانىدىن ئۆزگىچە بولغان ۋەقەلىكنى تاللاپ، فەرھادنى باش قەھرىمان قىلىدۇ:

نىزامىغە چۇ خىسرەۋ بولدى پەيرەۋ،
ئەگەر ئول شاھ ئىدى بۇ ئەردى خىسرەۋ.

تەناسىپ تاپىپ ئول ئىككى يېگانە،
دېدىلەر بارى خىسرەۋدىن فەسانە.

مەنى مەھزۇنغا كىم ئىشق ئەتتى بىداد،
سالىپ غەم تاغىدا ئانداقكى فەرھاد.

مۇناسىبدۇر ئەگەر تارتىپ نەۋانى،
دېسەم فەرھاد مەھزۇن داستانى.

نەۋائىينى تەتقىق قىلغۇچىلار نەۋائىينىڭ بۇ داستانىنى يېزىشىغا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە باغلىق بولغان ئۆز ھاياتىي كەچۈرمىشلىرى، بولۇپمۇ مۇھەببەتتىكى بەختسىزلىكى سەۋەب بولغان ۋە نەۋائىي بۇ جەھەتتىكى قايغۇ-ئەلەملىرىنى "مەھزۇن فەرھاد"نىڭ تەقدىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن دەپ قارىشىدۇ:

بۇ رەنگىن سەفھە بەلكىم دەردى باغى،
ئەيان ھەر لالەسىدە ئىشق داغى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يانا بائىس بۇ كىم ئىشقى بەلاشور،
بىر ئوتدىن ئەيلەپ ئەردى جانىمە زور...

تىلىم خۇد بار ئانىڭ تەئرىفىدە لال،
قىلاي خامەم تىلىدىن شەرھى ئەھۋال.

داستان باشلانما، دىباچە، مۇناجات، نەئت، قەلەم سۈرمەك ۋەسفىدە، جامى، يېزىشقا كىرىشمەك ۋە فەرھاد بىلەن ھەمئاۋاز بولماق، تارىخ ئەفسانىلىرىنى ئۆگەنمەك، ھۆسەيىن شاھ مەدھى، بەدىئۇززەمان مەدھى قاتارلىق كىرىشمە بابلاردىن باشقا، چىن مەملىكىتى، فەرھادنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ھەرخىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىشى، تىلسىمنى ئېچىشى، سەپەر مۇشەققەتلىرى، شاپۇر بىلەن ئۇچرىشىشى، ئەرمەنگە بېرىشى، تاغ تېشىپ ئۆستەڭ ئېلىشى ۋە شىرىن بىلەن مۇناسىۋىتى، خىسرەۋ بىلەن ئېلىشىشى، مۇھەببەت قۇربانى بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر 40 بابتا بايان قىلىنغان؛ ئاخىردا تۆگەنچە بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان. نەۋائى بۇ داستاندا باش قەھرىمانى — فەرھادنى دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلىرىدىن بولغان "چىن مۇلكى"دىن تاللايدۇ. فەرھادنىڭ ۋەتىنى بولغان چىننى نەۋائى چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئاجايىپ پاساھەتلىك تىلى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ھەتتا، داستاندا چىن توغرىسىدا مەخسۇس باب يازىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇزۇندىلەر:

بۇ چىننى ھۆللەغە بولغان رەقەمكەش،
يۇزىن بۇ تەرھ ئىلە قىلدى مۇنەققەش...

كى چىن مۇلكى كى رەشك نەقشى چىندۇر،

سەۋادى غەيرەتى خۇلد بەرىندۇر...

ئىكى ئالەمچە مۇلكى ۋۇسئەت ئىچرە،
يەتى گەردۇنچە تەختى رىفئەت ئىچرە.

سىپاھى يەر يۈزىدە قۇم ھىسابى،
نە قۇم، گەردۇن ئۈزە ئەنجۇم ھىسابى.

تەجەممۇل ئاندا ئەفرىدۇنچە يۈزمىڭ،
خەزانە مەخزەنى قارۇنچە يۈزمىڭ...

زەمانە تاق ئافاق ئەيلەپ ئانى،
بارى خانلار ئارا تاق ئەيلەپ ئانى.

بۇ تەسۋىرلەر بىلەن چىن مەملىكىتىنىڭ قۇدرەتلىك — زور مەملىكەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، تۆۋەندىكى بېيتلىرى ئارقىلىق، بۇ مەملىكەتنىڭ پەن، مەدەنىيەت-سەنئەت جەھەتلىرىدە ئاجايىپ كەشپىياتلار ياراتقان مەرىپەتلىك ئەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن:

خىتا مۇلكىدە ھەر نەۋئى غەرايىب
كى، مۇمكىن بولماغاي ئانداغ ئەجايىپ.

سۇ مەنبەرلەر بارى زىباۋۇ نازۇك،
ھۈنەرۋەرلەر بەغايەت چۇستۇچابۇك...

قىلىپ تۈننى يورۇق، كۈننى قاراڭغۇ،
سۇدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئوتتىن سېپىپ سۇ.

كۆكەرتىپ شۆئلەلىق ئوتتىن سىپەندان،
ئاسىپ ئۆرگەمچى تارى ئىبرلە سەندان.

ئۇ زامانلاردا، ئىران-خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدىبلىرى خوتەننى چىن مەملىكىتىنىڭ كۆزنىكى دەپ ھېسابلايتتى ۋە ئىچكىركى چىن دىيارىنى خوتەن ئارقىلىق تونۇيتتى. شۇڭا خوتەننى ''ماچىن'' دەپمۇ ئاتاشقانىدى. ئەدىبلەر گۈزەل ئوخشىتىشلار ئۈچۈن خوتەن رەنالىرى، خوتەن كېيىكلىرى، خوتەن خاۋەرى-قوياشى دېگەندەك تىمساللارنى كۆپ قوللىناتتى. نەۋائىمۇ خوتەننى خۇددى ئانا يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدەك، ئوتلۇق ئىشتىياقى ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتى بىلەن ئاجايىپ تەشبىھ ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، فەرھاد ئالەم بىلەن خوشلاشقاندا، بەھرامغا يەل ئارقىلىق يوللىغان سالامدا خوتەننى ئەسلەپ مۇنداق تەرىپلىگەن:

خوتەن مۈلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.

ھەم ئاندا تۆرت باغى رەۋزە ئايىن،
ئىچىندە تۆرت قەسرى خۇلد تەزيىن.

كى بولمىش ئەردى ھۆكمىدىن مۇھەييا،
گۇلۇ ئەسمارى ئانداقكىم سۇرەييا.

ئۆتەردە جىلۋە گاھىڭ بولغۇسىدۇر،
ياناردا خاكراھىڭ بولغۇسىدۇر.

نەۋائىينىڭ ئۆزىگە قىسمەتداش دەپ تونۇغان باش قەھرىمانىنى چىنى ماچىندىن تاللىشى سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك. نەۋائى نۇرغۇن غەزەللىرىدە، خوتەننى مېھر-مۇھەببەت بىلەن كۈيلىگەن.

نەۋائى بۇ داستانىدا، فەرھاد، شىرىن، مېھىنبانۇ، شاپۇر، بەھرام، بىناكار — بانىي، نەققاش — مانى، تاشچى — قارۇن ۋە ئۇن كەنىزەك قاتارلىق ئىجابىي ئوبرازلار ئارقىلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئادالەت، مەرىپەت، ئەمگەك ۋە مۇھەببەتنى ئاجايىپ تەشبىھلىك تەسۋىرلەر، ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، خىلمۇخىل ئېپىزوتلار بىلەن كۈيلىگەن؛ خىسرەۋ، شىرۇيە، مەككار دەللە، بۇزرۇك ئۇمىد قاتارلىق سەلبىي ئوبرازلار ئارقىلىق زالىملىق-زوراۋانلىق، جاھالەت، رەزىللىك، مەككارلىق، مۇناپىقلىقنى تىل تىغى بىلەن جازالىغان.

**فەرھاد ئوبرازى**

فەرھادنىڭ ئەسلى-نەسەبى ۋە ئىسمى توغرىسىدا نەۋائى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كى ئول نىسبەتدە سۇلتانلاردىن ئەردى،
خىتا مۇلكىدە خاقانلاردىن ئەردى...

مۇھەببەت نۇرى ئالىندا ھۇۋەيدا،
جەمالىدا ۋەفا تۇغراسى پەيدا...

ئاگا فەرزانە فەرھاد ئىسىم قويدى،
ھۈرۈفى مەئخەزىن بەش قىسىم قويدى؛

فىراقۇ رەشكۇ ھەجرۇ ئاھ ئىلە دەرد،
بىرەر ھەرف ئىبتىدادىن ئەيلەبان فەرد.

فرھاد (فەرھاد) بەش ھەرپتىن (ف، ر، ھ، ا، د) تەركىب تاپقان بولۇپ، ف — فراق، ر — رەشك، ھ — ھىجران، ا — ئاھ، د — دەرد مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ دەپ شەرھلىگەن.

نەۋائى بۇ ئوبرازنى شۇنداق كۆيۈپ-پىشىپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇكى، ئۇنى بارلىق قابىلىيەت، پەزىلەت، ئەردەم-مەرىپەت، ئەقىل-پاراسەت، ئەمگەك-سەنئەت ئەھلىنىڭ يارقىن تىمسالى، مۇھەببەت-ۋاپا، ساداقەت — چىن دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ بالىلىق چېغىدىن باشلاپ، بىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشكە ھەۋەسلىك، ئەمگەكچان-تىرىشچان، كىشىلەرگە كۆيۈمچان بولۇپ ئۆسىدۇ. چىن خاقانى ئۇنى مۇناسىپ تاج-تەخت ۋارىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كۆرىدۇ: ھەربىي يۈرۈشلەرگە بىللە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداق يۈرۈشلەردىن بىرىدە، فەرھاد ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئاچىدۇ ۋە جاھانىنەمادىن شىرىننىڭ جامالىنى كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بولىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن ماچىندا تۆت پەسىل مەنزىرىسىنى نامايان قىلغان تۆت قەسىر-چاھارباغ سالدۇرىدۇ. ئەمما، فەرھاد بۇنداق راھەت-پاراغەت ۋە تاجۇ تەختتىن ئىشق-مۇھەببەتنى ئەلا بىلىدۇ ۋە شۇ يولغا كىرىدۇ. ئۆز ئەسلىنى سورىغانلارغا فەرھاد ئۆزىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ماڭا ھەم بار ئىدى ئەركىن دىيارى،
دىيارىم خەيلى ئىچرە ئىقتىدارى.

ئاتام شايەدكى خاقان ئەردى ئېركىن،
نېچە ئىقلىم ئۈزە خان ئەردى ئېركىن.

بېتىپ ئەردى ئىكىن باشىمغا تاجى،
ئاياغىم ئاستىغا ھەم تەختى ئاجى.

خىتاۋۇ چىن ئارا ئۇن ئىككى مىلك شەھر،
تاپار ئەردى ئىكىن ھۆكمۈم بىلە بەھر.

مۇڭا لايىق سىپاھۇ خەيلۇ جاھىم،
تەرىقى سەلتەنەتدە دەستگاھىم.

بېتىپ چۇن ئىشق خەيلى تۇركتازى،
ھەقىقى ئىشق يوق، ئىشق مەجازى.

ئاتا بىرلە ئانا قالىپ ئەزاغا،
نېچە مىلك شەھر ئېلى رەنجۇ ئەناغا.

نــەۋائــى فــەرھــاد ئوبرازى ئارقىلىق ئەمگەكنى، ئەمگەك ئەھلىنى كۈيلەيدۇ. شۇڭا بۇ داستاننى «مېھنەتنامە» دەپمۇ ئاتايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زەرۇرەتكىم، سالىپ بىر ئۆزگەگە تەرھ،
بۇ «مېھنەتنامە»نى قىلغۇم دۇرۇر شەرھ.

فەرھاد سۆيگەن يارى شىرىننىڭ دىيارىنى ئىزدەپ يولغا چىققاندا، دېڭىز سەپىرىدە پالاكەتكە ئۇچرايدۇ، ئامان قېلىپ دېڭىز ساھىلىغا چىققاندا، ئىرانلىق ئاق كۆڭۈل يىگىت — شاپۇر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بۇلار ئەھۋاللىشىپ چىن دوست بولۇشىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ شاپۇر فەرھادقا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن جان پىدالىق قىلىدۇ، بۇنى فەرھاد مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

ماڭا ئول ۋەقتدىنكىم ھەمدەم ئولدۇڭ،
گىرىفتارى بەلاۋۇ ماتەم ئولدۇڭ.

ۋەفا ئايىنۇ شەرتى مۇنچە بولغاي،
مەگەركىم تەگرى-ئوق ئۆزرۇگنى قولغاي.

شاپۇر فەرھادقا سۆيگەن يارىنىڭ دىيارى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ ۋە ھەمدەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

ھەۋاسى جانفىزا، گۈل ئاندا خەرمەن،
نەزاھەتدە ئېرەمدەك، ئاتى ئەرمەن.

بارۇر بولساڭ ساڭا رەھبەرلىك ئەيلەي،
دېمەي رەھبەرلىكۇ چاكەرلىك ئەيلەي.

فەرھاد بىلەن شاپۇر ئەرمەن دىيارىغا بارغاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تاغدا تاش قېزىپ-يونۇپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ:

گۇرۇھى ئەردى دەردۇداغ ئىچىندە...
ئارىق قازماقغا شاغىل تاغ ئىچىندە...

ئىكى يۈز خارەبۇر ئىلكىدە تىشە،
ئۇرۇپ ئول تىشە تاش ئۈزرە ھەمىشە...

ئىكى يۈز خارەبۇر ئۈچ يىل قىلىپ كىن،
زەمانى تىنمايىن ئۇرماقغا مىتىن.

قازىلىپ ئىككى-ئۈچ يۈز قارى خارە،
قالىپ ئانىڭ كۆپى ھەم نىمكارە.

فەرھاد ئەرمەندە سۇ قىسلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۇ ئەمگەك مۇشكىلاتىغا شەخسىي ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. فەرھاد كىچىكىدىن ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ۋە ئىلىم پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ يىلدا تۈگىمىگەن سۇ ئىنشائاتىنى تېز پۈرسەتتە ئورۇنلايدۇ. بۇ مەرد يىگىتنىڭ ۋەقەسى ئەرمەننىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى مېھىنبانۇغا ۋە ئۇنىڭ جىيەن قىزى شىرىنغا مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە فەرھاد بىلەن شىرىن تونۇشىدۇ.

**شىرىن ئوبرازى**

شىرىنمۇ خۇددى فەرھادتەك تەربىيەت تاپقان، بىلىملىك، ئىنسانپەرۋەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چــــىك ئــــرادىلىك، ساداقەتلىك شەخس ئوبرازىدۇر. شىرىن فەرھادنىڭ سىيماسىدا كىشىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، پىداكارلىق، ئىجادكارلىق-ئەمگەكچانلىق خىسلەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان مۇھەببەت ئەمگەك جەريانىدا، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىش داۋامىدا، ئەرمەنگە شىرىن ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلغان خىسرەۋ پادىشاھقا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشىدە بارغانچە كۈچىيىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە شاپۇر ئىخلاسى بىلەن ۋاستىچىلىق قىلىدۇ. شىرىن ئۆز دىيارىنى زالىم پادىشاھنىڭ قورشىۋېلىپ، خىلــمۇخىل يوللار بىلەن تەھدىت سېلىۋاتقىنىغا قارىماي، خىسرەۋنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ ۋە فەرھادقا ئۆز ساداقىتىنى ئىزھار قىلىدۇ:

چىكەردىن غەم تاغىن ھالىڭ نېچۈكدۇر؟
بۇ يۈكدىن جىسىم چۈن نالىڭ نېچۈكدۇر؟

قاتىغ غۇربەت ئارا ھالىڭ نە ئېركىن؟
ئاچىغ فۇرقەتدە ئەھۋالىڭ نە ئېركىن؟...

ماقامىڭ تاغ يا سەھرامۇ ئېركىن،
يانىڭدا بىستەرىڭ خارامۇ ئېركىن؟...

ئەگەر بىلمەسدەك يارۇ ئەزىزىڭ
بولا ئالماق، ھەم ئولغايمەن كەنىزىڭ...

خىرامىڭ چاغى يولداش بولسام ئەردى،
سۇ كۆنۈڭ ۋەقتى قولداش بولسام ئەردى...

كۆرۈپ خارۇخەس ئورنۇڭدا نىھانى،
ساچىم بىرلە سۈپۈرسەم ئەردى ئانى...

سۇ ئىستەپ تۆشسە ئوتلۇق كۆڭلۈڭگە جۇش،
لەبىمدىن تۇتسام ئەردىم چەشمەئى نۇش...

ئەگەرچە فۇرقەتىمدىن ناتەۋانسەن،
ۋەلى ھەم ئەرسەنۇ ھەم پەھلەۋانسەن...

ئەگەر ھەجرىڭدە يۈز يىل غۇسسەكەشمەن،
ئەگەر ۋەسلىڭ ئۈمىدى بولسا خۇشمەن...

فەرھاد سۇ ئىنشائاتىنى تاماملاپ، ئۆستەڭگە سۇ باشلاپ، پۈتۈن ئەرمەن خەلقى مېھىنبانۇ باشلىق بايرام تەنتەنىسى قىلىپ، فەرھاد بىلەن شىرىن ۋىسال شادلىقىغا ئېرىشىش ھارپىسىدا، زالىم پادىشاھ خىسرەۋ شىرىننى سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. رەت جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەرمەنگە ئەسكەر تارتىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. مېھىنبانۇ رەھبەرلىكىدە خەلق تاجاۋۇزدىن مۇداپىئە قىلىدۇ، فەرھاد تاغدا تۇرۇپ خىسرەۋ لەشكىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. فەرھادنى زورلۇق كۈچى بىلەن يېڭەلمىگەن خىسرەۋ مەككار دەللىنى ئىشقا سېلىپ، فەرھادنى ھوشسىزلاندۇرۇپ ئەسىرگە ئالىدۇ. فەرھاد بىلەن خىسرەۋ — بۇ ئىككى قارىمۇ قارشى شەخس ئۇچتۇرىسىدا، نەۋائى ھەق-ناھەقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنازىرىسىنى بېرىش ئارقىلىق، ئىجابىي ئوبراز بىلەن سەلبىي ئوبرازنىڭ قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شاپۇر فەرھادنى بەنت قىلغان غاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. فەرھاد يەنە جەڭ قىلىدۇ. بىراق، مەككار دەللىنىڭ ھەم ۋەزىر بۇزرۇك ئۇمىدنىڭ ھىيلە-نەيرىڭى بىلەن فەرھاد يەنە قولغا چۈشىدۇ. سۇيىقەست بىلەن فەرھاد جىنىدىن ئايرىلىدۇ. خىسرەۋنىڭ ئوغلى شىرۇيە شىرىننى ئاتىسىدىن تالىشىپ، قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە شىرىنغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، شىرىن قەتئىي رەت قىلىدۇ:

ماڭا فەرھاد ئىشقى تۆھمەتى بەس
كى، چېھرە كۆرمەس ئول زارغەمكەش...

بۇ بىزگە ھالۇ يۈز نەۋئ ئەلدە شۆھرەت،
نە يۈز شۆھرەتكى، يۈزمىڭ نەۋئ تۆھمەت.

شىرىن فەرھادنىڭ سۇيىقەست بىلەن قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ:

كى ئىشقىمدە ئانىڭدەك فەردى ئالەم،
ۋەفا بابىدا غەم يەرۋەردى ئالەم.

ئۆلۈپ مەن قىلماسام زاھىر ۋەفايى،
غەمىدىن تۇتماسام سوكۇ ئەزايى.

شېرىن تەدبىر قوللىنىپ، فەرھادنىڭ جەسىتىنى ئالدۇرىدۇ ۋە ئۆز ئىرادىسىگە مۇۋاپىق، ”قۇتى ھاياتى“ بولغان ئاشىقى ئۈچۈن جان تەسلىم قىلىدۇ:

ۋەفادىن قىلمامىش ئىشقىمدە تەقسىر،
بۇ دەم نەۋبەت ماڭا يەتمىش نە تەدبىر.

كى ئول ئىشقىمدە ھىرمان بىرلە كەتتى،
ۋەلى ئىشقى كەمالىن سابىت ئەتتى...

ۋەفاسىن جاندا پىنھان ئەيلەگەيمەن،
نىسارى مەقدەمى جان ئەيلەگەيمەن.

نەۋائى ۋاپادار ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھاياتىنى بۇ قانلىق پاجىئە بىلەن ئـايـاغـلاشـتۇرغاندىن كېيىن، ئىشق-ۋاپا توغرىسىدا ئۇتلۇق يۈرىكىدىكى ھېسسىياتىنى شۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

كى جانىم ئاندادۇر، جانان ۋەفاسى،
نېچۈك قىلغاي ئانى دۈشمەن فىداسى...

قۇلاق ئىشق ئەھلى سالماس بويلە سۆزگە
كى شاھلىق ئۆزگەدۇر، ئاشىقلىق ئۆزگە...

كېرەك ئاشىققا جان-جانان فىداسى،

تىلەر ئول قىلسا جانان جان فىداسى.

فــەرھــاد جان ئۆزەر چېغىدا، پۈتۈن ئەل-يۇرتىنى، ئاتا-ئانىسىنى، بــولــۇپمۇ ئۆزىگە ھۈنەر ئۆگەتكەن ۋە ئىمارەت-چارباغ ياساشتا ئاجايىپ ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكەن دوستلىرىنى ئەسلەپ سالام يوللايدۇ:

كى ئەي بادى سەبا تەگرى ئۈچۈن قوپ،
يېتىپ چىنۇختا مۈلكىدە يەر ئۆپ.

دېمان خاقان قاشىدا بۇ ئوغۇلدىن
كى غۇربەت ئىچرە ئۆلگەن خەستە قۇلدىن...

يانا مانىيغا كىم نەققاشى چىندۇر،
ئاڭا كىلكى ئەزادىن ئافەرىندۇر.

دېگەيسەن ئول مەھەلكىم، كىلكى تەھرىر،
چېكىپ ئول تۆرت قەسرىم قىلدى تەسۋىر...

يانا قارۇنغە ھەم مەندىن سالام ئەت،
نەكىم پەيغام قىلغۇمدۇر، تەمام ئەت.

قايۇ نەقشىمكى خارە ئۈزرە قازدىڭ،
باشىمدا ئىسمۇ ئەلقابىمنى يازدىڭ.

دېگىل ھەر تاشكىم تىشەم ئۇشاتتى،
يىغىپ گەردۇن بارىن باشىمغا ئاتتى.

يەنە، كۇكۇلداش ئىنىسى — چىن سەركەردىسى بەھرامنى لەشكەر تارتىپ، رەقىبىدىن ئىنتىقام ئالسۇن دېگەن تىلىكىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ۋەتىنى — چىن دىيارىغا بېرىشنى شاپۇرغا تاپىلايدۇ:

بۇدۇر كامىمكى، بەھرامى دىلاۋەر
كى، بار ئەردى ماڭا ئول يارۇ ياۋەر.

يانا بەھرامغا يەتكۈر سەلامىم —
چۇ يەتكۈردۈڭ سەلامىم، دە پەيامىم:

كى ئەي جانىم تاپىپ جانىڭغا پەيۋەند،
كۇكۇلتاشۇ ئىنى شاگىردۇ فەرزەند.

بۇيان ئەزم ئەيلەمەك جەزم ئەيلە فىلھال،
چىرىك جەمئ ئەيلەبان ئەزم ئەيلە فىلھال...

قىلىچى تويغارىپ خىسرەۋنى جاندىن،
تىلەسە بىگۇنە قانىمنى ئاندىن.

نەۋائى بەھرام ئوبرازىنى ئادالەت سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. بەھرام ئەرمەن دىيارىغا كېلىپ، تاجاۋۇزكار — زوراۋانلاردىن، فەرھادنىڭ

قاتىللىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ. شىرويەنىڭ ئورنىغا ئادالەتپەرۋەر ھەم خەلقپەرۋەر بىركىمنى پادىشاھ قىلىدۇ. فەرھاد — شىرىنلەرگە قەبرە قاتۇرىدۇ. نەۋائى "كىم ئورا كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ" دېگەن ھېكمەتلىك تەمسىل بويىچە، مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

تۆكۈپ قان خەلق باغرى يارەسىدىن،
ھەم ئاقتى قانى باغرى پارەسىدىن.

ئەگەر قاتىل گەدا، گەر كامراندۇر
كى، شەرتى ئىشق ئارا ھەم قانغا قاندۇر.

بىراۋغا كىم بىراۋدىن يەتتى ئافات،
ھەمانە كىم قاتىغراقدۇر مۇكافات.

بىراۋ كىم رىشتەئى ئۆزدى جەفادىن،
ئېۋەز تۇتماق كېرەك كۆز ئەژدىھادىن...

بۇ مەزرەئ ئىچرە ساچساڭ ھەرنە دانە،
ھەمۇل دانە كۆتەرگۈڭ جاۋىدانە.

نەۋائىنىڭ بۇ داستانىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى — ئاياللار باراۋەرلىكى تېمىسىدۇر. ۋاپادارلىقتا مەشۇقلەر نەمۇنىسى بولغان شىرىن، ئادالەتپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر مېھىنبانۇ ئوبرازلىرىنى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ياراتقاندىن باشقا، خوتۇن-قىزلارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىلىم-ھۈنەر

ئىگىسى بولۇپ، ئەل-يۇرت ئۈچۈن ئۆز قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلالايدىغانلىقىنى تەرىپلەپ ”ئۇن پەندە ئون ساھىب كەمال“ قىزنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان:

دىلارامۇ دىلارايۇ دىلاسا،
گۈلئەندامۇ سۈمەنبويۇ سۈمەنسا:

پەرىچېھرە، پەرىزادۇ پەرىۋەش،
پەرى پەيكەر زەھى ئۇن ئىسمى دىلكەش.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
بولۇپ شېرىن بىساتىنىڭ نەدىمى،
ئۇلاردىن خۇش مىھىنبانۇ ھەرىمى.

كېلىپ ھەرقايسى بىر فەزل ئىچرە ماھىر،
مەھارەت شۋەسى ھەر بىردە زاھىر.

بىرى ئەشئار بەھرى ئىچرە غەۋۋاس،
بىرى ئەدۋارى دەۋرى ئىچرە رەققاس.

بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت رۇقۇمىغە قەلەمكەش.

بىرىنىڭ شۋەسى ئىلمى ھەقايىق،
يەلا غەتدە بىرى ئەيتىپ دەقايىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرى تارىخدا سۆز ئەيلەپ فەسانە،
بىرى ھېكمەت فەنى ئىچرە يېگانە.

ھېساب ئىچرە بىرىنىڭ زېھنى بارىپ،
مۇئەممادا بىرىسى ئات چىقارىپ.

بۇ فەنلەردە ئۇلار بىر-بىرىدىن ئەھسەن،
يۈز ئول فەنلىق ئارا ھەرقايىسى يەكفەن.

نەۋائى بۇ داستانىنىڭ ئاخىرىدا، پادىشاھتىن تارتىپ بارچە ئاۋامغىچە ئىلىم ئۆگىنىش زۆرۈرلىكىنى، جاھانگىر بولۇپ دەۋران سۈرگەن نى-نى پادىشاھلارنىڭ قۇرۇق ئاتىقىدىن باشقا ھېچ قانداق ئىز قالمىغانلىقىنى، ھۆكۈمرانلار ”مەملىكەت قايسى ئىشتىن ئاباد بولىدىغانلىقى ۋە قايسى ئىشتىن ئۇلۇس بەرباد بولىدىغانلىقى“نى بىلىپ تەدبىر قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىلىمنى قەدىرلەش بىلەن ئەل-ئۇلۇس روناق تاپىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ چىرايلىق مىسرالارنى يازىدۇ. ”تۆگەنچە“سىدە، خىسرەۋ، نىزامى ۋە جامىلار ”تىل خەنجەرىنى چېكىپ، سۆز كىشۋەرىنى (مەملىكىتىنى) باشتىن-ئاياغ ئىلكىگە ئالغانىدى“، ”مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدىم“ بىراق، ئۇلار ”رۇم ئەھلى“، ”ھىندۇستان“ ۋە ”ئەجەم“ دىيارىدا داڭق چىقارغان بولسا، ”مەن چىندىن خوراسانغىچە بولغان كەڭ دىياردىكى تۈركىي خەلقى ئۈچۈن يازدىم“ دەپ خۇلاسىلەيدۇ:

نىزامى ئالسا بەردەئ بىرلەگەنچە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسە رەنجە.

چېكىپ خىسرەۋ داغى تىغى زەبانىنى،
يۇرۇپ فەتھ ئەيلەسە ھىندۇستانىنى.

يانا جامى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،
ئەرەبدە داغى چالسا كوسى شەۋكەت.

ئەگەر بىر قەۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مېنىڭدۇر.

ئالىپمەن تەھتى فەرمانىمغە ئاسان،
چىرىك چەكمەي خىتادىن تاخوراسان...

كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكىم تۈركمان ھەم.

## «لەيلى ۋە مەجنۇن»

بۇ — «خەمسە» دىكى ئۈچىنچى داستان. بۇ داستان «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىن كېيىنلا، خەلق ئەپسانىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر نەۋائىنىڭ باشقا داستانلىرىدىكىدەك، كىرىش، مۇناجات، نەئت، سۆز گۆھەرلىرىنى تەۋسىپلەش (نىزامى ۋە خىسرەۋ دېھلەۋى نەزملىرى ھەققىدە)، جامى، پادىشاھ مەدھى، بەدىئۇززەمان مەدھى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن باشقا، مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ پۈتكۈل ئىشقى پاجىئەسى 30 بابتا بايان قىلىنغان ۋە سۇلتان ئۇۋەيس مەدھىسى بىلەن سۆز خاتىمىسى بېرىلگەن.

بۇ داستاننى بېرىش توغرىسىدا نەۋائى شۇنداق دەيدۇ:

يازماققا بۇ ئىشقى جاۋىدانە،
مەقسۇدۇم ئەمەس ئىدى فەسانە...

ئەفسانەلەرى جەھاندا نامى
نەزم ئەيلەپ خۇسرەۋى، نىزامى...

گەر نۇكتەلەرى جەھاننى تۇتتى،
غەۋغالارى ئىنسۇجاننى تۇتتى.

چۇن فارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى.

مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھىكايەت.

داستاندىكى ۋەقەلىك مۇنداق: ئەرەب دىيارىدا ئەبۇ قەيس تىغى باغرىدا نارى ئەيمەن دېگەن ھاۋالىق جايدا ياشايدىغان قەبىلىدىكى بىر باي ئائىلىدە ئوغۇل تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭغا "قەيس" دەپ ئات قويۇلىدۇ. تۆت-بەش ياشقا تولغاندا قەيس مەكتەپكە بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە قەيس ئائىلىسىگە قارىغاندا ناھايىتى دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلغان لەيلى دېگەن قىزمۇ ئوقۇيدۇ. بۇلار ئوقۇش جەريانىدا يېتىلگىنىچە بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ، ئاشىق-مەشۇق بولىدۇ. لەيلىنىڭ ئاتىسى جاھىل-مۇتەئەسسىپ ئادەم بولغاچقا قەيس

ئائىلىسىنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيدۇ. لەيلى بويىغا يەتكەندە، ئۇنى بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىبن سەلام دېگەن كىشىگە بەرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭغا لەيلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. قەيس ئىشق دەردىدە ئەل-يۇرتىنى تاشلاپ، چۆللەردە سەرگەردان بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغا قاراپ، ”مەجنۇن“ دەپ ئاتايدۇ. ئارىدا، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن نەۋفەل دېگەن خالىس ئىنسانپەرۋەر زات مەجنۇنغا خەيرخاھلىق قىلىدۇ. ھەتتا لەيلىنىڭ ئاتىسى گەپكە كۆنمىگىنى ئۈچۈن، ئەسكەر تارتىپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. يېڭىلىپ قېلىش خەۋپىدە قالغان لەيلىنىڭ ئاتىسى قىزى لەيلىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھاياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، نەۋفەل قورشاۋنى بىكار قىلىدۇ. لەيلىنىڭ ئاتىسى ئۆز قەبىلىسىنى بىر كېچىدە باشقا جايغا كۆچۈرۈپ كېتىدۇ. مەجنۇن زەيد دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق لەيلى بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. لەيلىمۇ ئىنىكىسى ئارقىلىق مەجنۇن بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ. مەجنۇننىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىش ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، نەۋفەل ئۆز قىزىنى مەجنۇنغا توي قىلىپ بېرىدۇ. لېكىن توي ئاخشىمى مەجنۇن بۇ قىزنىڭمۇ سۆيگىنى بارلىقىنى بىلىپ ۋە ئۆزىنىڭ لەيلىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ، يەنە چۆلگە راۋان بولىدۇ. لەيلىنىڭ چوپانى ياردەم قىلىپ، مەجنۇننى قويلار ئارىسىدا ”قوي قىياپىتى“ بىلەن قەبىلىگە ئېلىپ بېرىپ، لەيلى بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ. لېكىن فېئوداللىق ئاسارىتى ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئادىتى بۇ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇرادىغا يېتىشىگە قاتتىق توسقۇن بولىدۇ. ئاخىرىدا لەيلى بىلەن مەجنۇن خار-زارلىق ئىچىدە ئۈمىدسىزلىنىپ ھالاك بولىدۇ. شۇڭا، نەۋائى بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن داغى بۇ مەيىنكەم سۇزۇپمەن،
تۇركانە سۇرۇد ئاڭا تۇزۇپمەن.

ئەل كۆڭلىگە ئاندىن ئۇلغۇسى خوب
كىم، كەلدى بۇ نەۋھەنىڭ مۇڭى كۆپ.

مۇڭلۇغ مەنۇ مۇڭ بىلە پەيامىم،
مۇڭلۇغ كىشىلەر سۆزى كەلامىم.

نــەۋائى داستانىنىڭ خاتىمىسىدە، بۇ ئەسىرىنى «ھەيرەتنامە» دەپ ئاتايدۇ.

## «سەبئەئى سەييار»

نەۋائى بۇ داستانى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

”دىلارام جىڭى ۋە يەتتە قەسىر ۋە خەۋەرنەق ۋە سايىر ھالەتنى بىلەي دېگــەن كىشى بۇ فەقىر «خەمسە»سىدە «سەبئەئى سەييار»نى ئوقۇپ مەلۇمات ئالسۇن“. «سەبئەئى سەييار» — «يەتتە پلانىتا» يەنى «يەتتە ئاقراق» (يەتتە يۇلتۇز) دېگەن سۆز. لېكىن بۇ داستان بەھرام گور بىلەن دىلئارام ۋەقەلىرى دائىرىسىدە، يەتتە مۇسافىر سۆزلىگەن يەتتە ھېكايىدىن تەركىب تاپقان.

نەۋائى بۇ داستانىنىڭ خاتىمىسىدە بەھرامنىڭ دىلئارام فىراقىدا يەتتە قەسىر-يەتتە گۇمبەز سالدۇرغانلىقى، ھەر گۇمبەزدە بىر كۈن بەزمە ئۆتكۈزۈپ، بىر مۇساپىردىن بىر ھېكايە ئاڭلايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

بۇ يەتى زەرنگار ئالىي قەسر
كى، يانا يوق ئۇلار مسالى قەسر.

كى بۇ كىشۋەردە ئەيلەدىم مەئمۇر،
كى يەتى قەسر ئىچىندە يەتتى هۇر.

سەير بىرلە نىشات ئېتىپ بەهرام،
بولۇبان هەربىرسىدە بىر شام...

بىر مۇسافىر دەر ئەردى ئەفسانە،
تاپقالى ئۇيقۇ شاهى فەرزانە.

لۇتى بۇ نەزم ئارا بىغايەتدۇرۇر،
غەرەز ئەمما يەتتى هىكايەتدۇرۇر...

بولدى چۇن بۇ رەقەم ئىشى تەيـيار،
قويدۇم ئاتىنى «سەبئەئى سەيـيار».

ئاندىن، بۇ داستاننى قانچە ۋاقىتتا، قايسى يىلى، قانچە بەيت قىلىپ يازغانلىقىنى بايان قىلغان:

ماگا ئەبيامى گەرچە ياد ئېرمەس،
لېك تۆرت ئايدىن زىياد ئېرمەس...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەرچە تارىخى ئەردى سەككىز يۈز،
سەكسەن ئۆتمىش ئىدى يانا توققۇز.

ئايى ئانىڭ جەمادىيۇس سانى
پەنجشەنبە يازىلدى ئۇنۋانى.

ۋەرەقۇ سەترىن ئەيلەبان تەئيىن،
بەيتنى بەش مىڭ ئەيلەدىم تەخمىن.

ئەرەب — ئەجەم دىيارىدا ھۆكۈم سۈرگەن يەمەن پادىشاھى بەھرام يەتتە ئىقلىمنى سەيرى-ساياھەت قىلىپ يۈرىدىغان چىنلىق رەسسام مانىيدىن چىن مەملىكىتىدە ھۆسنى لەتاپەت، نەغمە ۋە پاساھەتتە تەڭدىشى يوق گۈزەل دىلئارامنىڭ ۋەسپىنى ئاڭلاپ، غايىبانە ئاشىق بولىدۇ-دە، ناھايىتى نۇرغۇن مال-دۇنيا بەدىلىگە دىلئارامنى قولغا كەلتۈرىدۇ:

مەھۋەشى لۇئبەتى خىتائى زاد،
كۆرۈپ ئاندىن خىتاۋۇ چىن بىداد...

ئەسلىدە ئول غەزالەئى مۇشكىن،
چىن فەزاسىدا ئەردى ھەجلەنىشىن.

ھەم خوتەن دەشتىدە مەقام ئەتكەن،
ھەم گۈل سەبزەدە خىرام ئەتكەن.

بەھرام كېچە-كۈندۈز دىلئارامنىڭ نەغمە-ناۋاسى بىلەن بەنت بولىدۇ. ئوۋغا بىللە چىقىدۇ. بىر قېتىمقى ئوۋدا، دىلئارام ئۇنىڭ ئوۋ قىلىش ماھارىتىنى ماختىمىغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ، دىلئارامنى ئۆزىنىڭ سومبۇل چېچىدا باغلاپ چۆلگە تاشلىۋېتىدۇ. لېكىن كېيىن بۇ قىلىقىغا پۇشايمان يەپ، دىلئارامنى ئىزدەپ تاپالمايدۇ. بەھرام مەجنۇنلۇق ھالىتىگە چۈشىدۇ. بۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، يەتتە ئىقلىم ئىسكەتىدە، يەتتە خىل رەڭدە نەقىشلىتىپ، يەتتە گۈمبەز قەسىر سالدۇرىدۇ. شەنبىدىن باشلاپ ئازنە كۈنىگىچە، ھەر كۈنى بىر قەسىردە بەزمە-ئىشرەت ئۆتكۈزىدۇ. ھەر كۈنى بىر مۇساپىرنى كەلتۈرۈپ بىردىن ھېكايە ئاڭلاپ، ئۇخلايدۇ.

شەنبە كۈنى مۇشكىن (قارا) ئىگىن بىلەن قارا گۈمبەز-قەسىردە بەزمە ئۆتكۈزىدۇ. بىرىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن ھېكايە ئاڭلايدۇ: ھېكايىدە ھىند جەسرەتخان ئوغلى فەرروخ ۋە قۇددۇسلۇق ئەخى ھەم ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنى گۈلچېھرە ئوبرازلىرى ئارقىلىق سېخىيلىق، مەردلىك، ھىممەتلىك، ۋاپادارلىق خىسلەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى، بەھرام زەرنىگەر گۈمبەزدە سېرىق ئىگىنلىك ھۆر بىلەن مەيخورلۇق قىلىدۇ. ئىككىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن ھېكايە ئاڭلايدۇ، ھېكايىدە، رۇم ئېلىدىكى زەرگەر زەيد زەھھاب ۋە باشقا ئوبرازلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلاردىكى رەزىللىك، ساختىپەزلىك، ئاچكۆزلۈك ئىللەتلىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

دۈشەنبە كۈنى، بەھرام يېشىل ئىگىن بىلەن يېشىل گۈمبەز قەسرىدە، يېشىل كىيىنگەن گۈزەل بىلەن زۇمرەد جامدا تىنىق مەي ئىچىدۇ. ئۈچىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن ھېكايە ئاڭلايدۇ، ھېكايىدە، مىسىردىكى بايىنىڭ ئوغلى سەئىدنىڭ شەھرىسەبزلىق ئىككى يېشىل كىيىملىك غېرىب بىلەن سۆھبىتى (سەئىد ھەمىشە غېرىب-مۇساپىرلارنى مېھمان قىلىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ)، سەئىد شەھرىسەبزىگە كېلىپ، غاردا فەيلەقۇس ھەكىم بىلەن ئۇچرىشىپ، جاماستنامىنى تاپقانلىقى، شاھنىڭ قىزى خەزرا بىلەن بولغان ئىشقى-مۇھەببىتى قاتارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق مەردلىك، شىجائەتلىك خىسلەتلىرى تەرىپلىنىدۇ.

سەيشەنبە كۈنى، بەھرام گۈلگۈن ئىگىن بىلەن گۈلنار قەسرىدە، شەپەقتەك قىزىل كىيىنگەن قۇياشتەك گۈزەل بىلەن ياقۇت جامدا لەئلىرەڭ مەيخورلۇق قىلىدۇ. تۆتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن ھېكايە ئاڭلايدۇ. ھېكايىدە پادىشاھ جەۋنە بىلەن سېخىي، مەرد يىگىت مەسئۇدنىڭ دوستلۇقى، بۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلغان تىراز ۋالىيسى جەيپۇر ھەم ئۇنىڭ ۋەزىرى مەللۇلارنىڭ مەسئۇدقا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، جەيپۇرنىڭ قىزى بىلەن مەسئۇدنىڭ سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ھېكايىدە دوستلۇق، ئادىللىق، سېخىيلىق مەدھىيىلىنىدۇ.

چارشەنبە كۈنى، بەھرام ماۋى (ھاۋارەڭ) ئىگىن كىيىپ، نىلۇپەر گۈمبەز قەسرىدە بەزم ئۆتكۈزىدۇ. بەشىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن دېڭىز قاراقچىسى جابىر، نەۋدەر شاھ قىزى مېھر، يەمەن مۈلكىدىن نۇئمان ئوغلى سۇھەيلى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلايدۇ. ھېكايىدە، ئەدەن دىيارىدىكى دېڭىز قاراقچىسى جابىرنىڭ دېڭىز سەيلىسىگە چىققان قىز مېھرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى، سۇھەيلنىڭ مېھرگە ئۆيلىنىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ئۇنىڭمۇ جابىرنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى، بۇلارنى قۇتقازغىلى ئەسكەر باشلاپ كەلگەن نەۋدەر شاھ بىلەن نۇئمان شاھنىڭمۇ ھىيلە بىلەن جابىرغا ئەسىر بولغانلىقى، ئاخىردا مېھر بىلەن سۇھەيل باتۇرلۇق ۋە تەدبىر بىلەن ھەممە تۇتقۇنلارنى جابىردىن قۇتقۇزغانلىقى، ئىككى ئاتا ۋە ئىككى بالا تېپىشقانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق، مۇھەببەت، قەھرىمانلىق، جۈملىدىن ھەرقانداق ۋەھشەتلىك قارا كۈچلەرنى يەڭگۈچى جەسۇرلار مەدھىيىلىنىدۇ.

پەنجشەنبە كۈنى، بەھرام سەندەل رەڭ ئىگىن بىلەن سەندەل گۈلشەنلىك گۈمبەز قەسرىدە مەيخورلۇق قىلدۇ. ئالتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن مۇقبىل بىلەن مۇدبىر ھېكايىسىنى ئاڭلايدۇ. ھېكايىدە، باختەر دىيارىدىن مۇقبىل، مۇدبىر دېگەن ئىككى ئادەم سەپەرگە چىققانلىقى، سەندەلزاردا سەندەل چەشمە بويىدا ھۆردەك قىز بىلەن ئۇچراشقانلىقى، مۇدبىرنىڭ يالغانچىلىق قىلىپ ھالاك بولغانلىقى، مۇقبىلنىڭ ساددىلىقى ۋە پادىشاھقا راستىنى ئېيتىپ سەندەلزاردىن كۆڭۈل ئۈزمىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ھېكايىدە بىر-بىرىگە مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى شەخس ئارقىلىق، راستچىللىق ۋە توغرىلىقنىڭ خاسىيىتى، يالغانچىلىق ۋە ھىيلىگەرلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئازنە كۈنى، بەھرام كافۇر كىيىم بىلەن كافۇر گۈمبەز قەسرىدە، بىللۇر جامدا كافۇرى مەي ئىچىدۇ، يەتتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىردىن خارەزملىق مۇساپىر سازچى ھېكايىسىنى ئاڭلايدۇ. ھېكايىدە، چىن سودىگىرى ئۆزىنىڭ سازچى قىزى بىلەن خارەزمغە كەلگىنى، قىز چاڭ چالسا ھەممە مەست-ئەلەست بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىدىغانلىقى، بۇ سازەندە قىز ئۆز ۋاقتىدا بەھرام چۆلگە تاشلىۋەتكەن دىلئارام ئىكەنلىكى (ئەسلىدە ئۇنى سېتىۋەتكەن ئاتا يوللۇق خوجىسى چۆلدە تېپىۋالغان ۋە ھوشسىز قىزنى ئۆلگەن دەپ كېپەنلىگەن ۋە كېيىن بۇ كېپەن ئۇنىڭغا ئاق لىباس بولغان)، بەھرام دىلئارامدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكى، بەھرامنىڭ ئۇۋدا قاتتىق قىرغىن قىلىپ قان كەچكەنلىكى ۋە سەل يامغۇردا قېلىپ ھالاك بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

نەۋائى بۇ داستاننىڭ ئاخىرىدا، زامان زۇلمىدىن بىخەۋەرلەرگە تەئنە تېشىنى ئاتماق ۋە مەنسەپلىرىدىن مەغرۇرلانغانلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ داستان خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدىكى ۋەقەلەردەك، سەلبىي ئوبرازلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ غالىبىيىتى بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

ھەر كىشىكىم ئوقۇردا بۇ نامە،
تەبئىغە گەرم بولسا ھەنگامە.

تەبئى سافۇ زېھنى پاك ئولغاي،
شەك ئەمەسدۇركى زەۋقناك ئولغاي.

## «سەددى ئىسكەندەرى»

نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىدىكى بۇ بەشىنچى داستان تۇگەللىمە خاراكتېرىدىكى داستاندۇر، تەخمىنەن ھىجرى 890-يىلى (مىلادى 1485-يىلى) ئالتە ئاي ئىچىدە يېزىلىپ بولغان:

يىغىشتۇرسا بولماس بارى ئالتى ئاي
كى، بولدۇڭ بۇرەئناغە سۇرەتنەماي.

بۇ داستاننى يازغىچە، نەۋائى تارىخىي مەنبەلەر، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدىبلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆگىنىدۇ، ماتېرىياللارنى تەھقىقلەيدۇ:

ئىشتتىم قىلىپ زىب دەفتەر سۆزىن،

قىلۇر نەزم گويا سىكەندەر سۆزىن...

قويۇبدۇر تەۋارىخۇ ئەفسانەسىن،
بىتىبدۇر دېگەن دۇررى يەكدانەسىن...

كى ئالەمدە ئىككى سىكەندەر ئىمىش،
كى ئىككىسى دەۋراندا داۋەر ئىمىش.

بىرى ئۇلكى دارا بىلە قىلدى رەزم،
بىرى بۇكى سەد باغلايۇ ئەتتى ئەزم.

نەۋائى ئەسەرلىرىدە زالىم پادىشاھ بىلەن ئادىل پادىشاھ ئوبرازلىرى سۈرەتلەنگەن. بولۇپمۇ «سەددى ئىسكەندەرى» (يەنى «ئىسكەندەر تېمى» ياكى «ئىسكەندەر سېپىلى») داستانىدا، غايىۋى، ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە ئىسكەندەر ئوبرازى يارىتىلغان. ئىسكەندەر رۇم پادىشاھى فىلىقۇسنىڭ ئوغلىدۇر. كىچىكىدىن ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك بولۇپ تەربىيىلەنگەن؛ ئەرەستۇ، سوقرات، بەتلىنۇس، بۇقرات، ئەپلاتۇن، ھىپىگرات كەبى ھەكىم-پەيلاسوپ ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان پادىشاھلارنى بويسۇندۇرۇپ، "يەتتە ئىقلىم"غا جاھانگىر بولۇش يولىدا يۈرۈشلەر قىلىدۇ؛ ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ "ئىككىنچى تەبەقەسى" كەيانىلاردىن دارا بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى بويسۇندۇرىدۇ؛ ئۆلۈش ئالدىدىكى دارانىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۇنىڭ قىزىنى ئالىدۇ؛ ئەجەم-ئىران ئېلىنى ئۆز سىياسەتلىرىدىن رازى قىلىدۇ؛ سەقلاب سەقىن، باغداد، مىسىر، بەيتۇلھەرەم، كەشمىر، ھىند ۋە چىن مەملىكەتلىرىگە نامىلەر يېزىپ، ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ناملەرنىڭ مەزمۇنى:

كى مەندىنكى ئىسكەندەر ئاتىمدۇرۇر،
يەتى كىشۋەر ئالماق سىفاتىمدۇرۇر...
نە ئەمر ئەيلەسەم بىل كەلامىمنى خوپ،
تابۇغۇمغە باش قوي، ئاياغىمنى ئۆپ...

كەشمىر پادىشاھى مەللۇ ئىبنى مەباك "سەن ئۆزۈڭنى دۇنيانىڭ پادىشاھى دەپ چاغلىساڭ، مېنىڭ پادىشاھلىقىم يەر يۈزىدە تاق-يېگانە" دەپ جاۋاب ياندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ، ئىسكەندەر تەرەپ مەللۇنىڭ تۈرلۈك سېھىر-تىلسىملىرىنى ۋەيران قىلىپ، كەشمىرنى ئىشغال قىلىدۇ، گېتىنەما ۋە ئىشرەتفەزا دېيىلگەن خىسلەتلىك ئىككى جامنى قولغا چۈشۈرىدۇ. مەللۇنىڭ ئوغلى فىروزنى كەشمىرگە پادىشاھ قىلىدۇ ۋە مەللۇنىڭ قىزى مېھرنازنى نىكاھىغا ئالىدۇ. ئاندىن، ھىندۇستانغا يۈرۈش قىلىپ، پادىشاھىنى بويسۇندۇرىدۇ ۋە ئۇ يەردە قىشلايدۇ.

ئىسكەندەر ئىران-خوراسان، كەشمىر-ھىندۇستانلارنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئاسىيانىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەدەنىيەتلىك ھەم قۇدرەتلىك باي مەملىكىتى — چىن بىلەن ئالاقىلىشىدۇ؛ چىن خاقانى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ:

ۋە لېكىن خىتا خانى خاقانى چىن،
كى تەدبىرۇ رايىغە يۈز ئافەرىن...

خاقانى چىن بىلەن ئىسكەندەر كۆرۈشكەندە، ئىسكەندەر شۇنداق

دەيدۇ:

سىنىكىم ھەق ئەتتى بۇ نەۋۀ ئەرجۇمەند،
كى بەستىك دۇرۇر بويلە مەندەك بەلەند...

سكەندەر دېدى: جەمئى قىلغىل كۆڭۈل،
ئىكى دەھرئارا سەن ئاتا، مەن ئوغۇل...

قىلىپ ساڭا پەرزەندەدەك پايبۇس،
دەيىنكىم تىرىلدى مەلىك فەيلەقۇس.

سەن ئەت مەسنەد ئۆزرە كۆلەھدارلىق،
مەن ئالىڭدا ئەيلەي سىپەھدارلىق.

شۇنداق قىلىپ، ئىسكەندەر چىن خاقانى بىلەن ئاتا-بالىدەك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. چىن مەملىكىتىدە مېھمان بولىدۇ. ئۆزئارا سوغا-ھەدىيىلەر تۇتۇشىدۇ. چىن خاقانى ئىسكەندەرگە جاھاندا مىسلى يوق ئىككى نەرسە سوغات قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئىككى يۈزلۈك جاھان ئەينىكى، ئۇ ئەينەك ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەيتىدىن نىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى دەرھال ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ يەنە بىرى "لۇئبەتى چىن" (چىن گۈزىلى) بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

بىرى كۆزگۈسى جامى جەمشىددەك،
سەفا ئىچرە مىر ئاتى خۇرشىددەك.

www.uyghurkitap.com

كى ئانى فەلەك مېھر ئايىن دېبان،
ۋەلى خەلق ئايىنەئى چىن دېبان.

ئىكى يۈز ئاڭا ئايۇ كۈندەك يارۇق،
ۋەلى تىيرە بولماي بۈلۈردىن ئاچۇق.

يارۇق بىر يۈزى چېھرە كۆرگۈزگۈدەك،
دېمەي بىر يۈزى تىيرە رو كۆزگۈدەك...

يانا لۇئبەتى بەل جەھان ئافەتى،
جەھان ئافەتى يوقكى، جان ئافەتى.

خىتايى نەسەب، شوخى چىنى نەژاد،
جەمالىغە ھۆرۇ پەرى خانەزاد.

ئىسكەندەر غەربكە قايتار يولىدا مورلار (چۆمۈلىلەر) مەملىكىتىدە، ئاجايىپ دېۋە سۈپەت قوشۇنغا دۈچ كېلىپ، بۇلارغا ھەرقانداق تىلسىماتلارنى بەربات قىلغان ھۆكۈمالارمۇ چارە-تەدبىر قىلالمايدۇ. ئىسكەندەرنىڭ بۇ ھالدىن بېشى قېتىپ تۇرغاندا، نىقابلانغان ۋە تۈركى تازغا مىنگەن چەبدەس پەھلىۋان ھازىر بولۇپ، مور قوشۇنىنى تار-مار قىلىدۇ، جەڭ زەپەردىن كېيىن، بۇ پەھلىۋانغا تەشەككۈر ئېيتىپ نىقابىنى ئېلىشنى سورايدۇ. بۇ نىقابلىق "يىگىت" ئەسلىدە ئەرەنچە جابدۇنغان بايىقى "لۇئبەتى چىن" (چىن گۈزىلى) بولۇپ چىقىدۇ.

ئىسكەندەر ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا، يەر يۈزىنى خاراب ۋە ئىنسانىيەتنى

ھالاك قىلىدىغان يەجۇج-مەجۇجلەرنى ئاسمان-پەلەك يۇكسەك تاغ ئىچىگە قاماپ، ھېكمەت-تىلسىم بىلەن "سەد" ياساپ بەنت قىلىۋېتىدۇ. بۇ "سەد" (تام، سېپىل) "سەددى ئىسكەندەرى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسكەندەر نۇرغۇن كېمە ياسىتىپ، دېڭىز ئارقىلىق جەزىرىلەر مەملىكەتلىرىگە يۈرۈش قىلىدۇ. يۈرۈش داۋامىدا قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. جەسىدى ئىسكەندەرىيىگە كەلتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنىدۇ.

نەۋائىي بۇ داستانىدا، ھەر ماۋزۇ ئارىلىقىدا، تۈرلۈك ھېكايەت-رىۋايەتلەرنى كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. داستاندىكى رەڭمۇ رەڭ ئېپىزوتلار ئارقىلىق تىنچلىق-ئاسايىشلىق، ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەرلىك، دوستلۇق-ساداقەت، مەردلىك-سېخىيلىق، چىن مۇھەببەت، ئىنسانىي ھەددى-ھەرىكەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتنى مەدھىيىلەيدۇ. ئاجايىپ پىراژ تەسۋىرلىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسى، پەسىل-مەۋسۇملەر، جۇغراپىيە مۇھىتلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەملىكەتلەرنىڭ ئىلىم-ھېكمەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت جەھەتلىرىدىكى كەشپىيات تەرەققىياتلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

بۇ داستاننىڭ ئاساسىي تېمىسى — تىنچلىق بىلەن ئۇرۇش. نەۋائىي ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەتىنى زوراۋانلىقنى يېڭىپ، دۇنيادا ئادالەت تۇغىنى ئورناتقۇچى دەپ گەۋدىلەندۈرسە، چىن خاقانى ۋە چىن مەملىكىتىنى تىنچلىقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىكنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ.

نەۋائىي داستان ئاخىرىدا، ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈما — ئاقىللىرى بولغان ئەرەستۇ، فىلاتون، سوقرات، بۇقرات، فەيساغۇرۇس، ئەسقەلىنۇس، ھۇرمۇسلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ئارقىلىق، ۋاپادارلىق — مەرھەمەتلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلگە لۇتۇف-ئىنايەت، چىن ساداقەت، ئەلنى رەنجىتمەسلىك، توغرا سىياسەت، پاكلىق-دىيانەت، سېخىيلىق، ئىقتىساتچىللىق، ئىلىم-مەرىپەت قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ھەتتا، ئىنىسى دەرۋىشئەلىگە خاس ماۋزۇ ئاجرىتىپ، چىن كۆڭلىدىن نەسىھەت قىلىدۇ ۋە:

نەۋاسىز ئۆلۈسىنىڭ نەۋا بەخشى بول،
نەۋائى يامان بولسا سەن ياخشى بول!

دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

نەۋائىي بۇ داستانىنىڭ ئاخىرىدا، «خەمسە»سى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە باشقا مۇئەللىپلەر «خەمسە» ئۈچۈن يىرىم قەرنە، ھەتتا بىر قەرنە ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسا، نەۋائىي پەقەت ئىككى يىرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «خەمسە»نى يېزىپ بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ:

نە پەنجە ئېرۇر، «خەمسە»ئى گەنج سەنج،
كى دانا قويۇپتۇر ئاتىن «پەنج گەنج»...

يوق ئەتراك ئارا بىردە ئانچە بىلىك،
كى بۇ نەۋئ ئۈلۈغ ئىشكە ئۇرغاي ئىلىك.

نە ئەتراككىم ھەم ئەجەم ھەم ئەرەب،
كۆرەرلەر بۇ ئىشنى ئەجەبدىن ئەجەب...

چۇ قىلدىم قەلەم نوگىنى نوكتەبېز،
قىلا باشلادى نوگىدىن گەنجرېز.

چۇ ھەيرەتكە سالدىم كۆڭۈل رەغبەتىن،
ئاڭا غالىپ ئەتتىم ئۇلۇس ھەيرەتىن.

چۇ «فەرھاد»غە بولدۇم ئەندىشەۋەر،
تۈزەتتىم بەسى تاغ ئولۇپ تېشەۋەر.

چۇ «مەجنۇن» ھەدىسىغە تۈزدۈم فۇنۇن،
بەسى خەلقنى قىلدى شەيدا جۇنۇن.

يانا «سەبئە»غە تەبئىم ئولغاچ قەرىن،
ئىشتتىم يەتى چەرخدىن ئافەرىن.

سىكەندەرغە تىل تارتىپ ئازەر كەبى،
دېدىم ئانى «سەددى ئىسكەندەر» كەبى...

بۇ بەش گەنجنىكىم كۇشاد ئەيلەدىم،
ۋەرەق ئۆزرە ئانى سەۋاد ئەيلەدىم.

نەۋائىي بۇ داستانلىرىدا، شەكلەن خىسلەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان، لېكىن ماھىيەتتە ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن گەۋدىلەنگەن ئاجايىپ بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتقان. بۇ ئوبرازلار ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېسسىي زىددىيەتلىرى، ئىنتىلىشلىرى، ھايات يوللىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا بېتىلىپ باردۇ. ئەمما، بۇ ئوبرازلارنىڭ تولىسى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن پاجىئەلىك ھالدا ھالاك بولىدۇ. نەۋائى داستانلىرىدىكى قەھرىمانلىرىنىڭ پاجىئەلىرى ئارقىلىق زامان ۋە فەلەكنىڭ بىقەرارلىقىغا، زاماننىڭ زۇلمىغا، ھۆكۈمرانلىقنىڭ رەزىللىكىگە، فېئوداللىقنىڭ ئاسارىتىگە، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ جاھىللىقىغا، نادانلىق-خۇراپاتلىققا قارشى چۇقان سالىدۇ. نەۋائىنىڭ بۇ داستانلارنى يېزىشتىكى يەنە بىر ماھارىتى شۇكى، ياراتقان قەھرىمانلىرىنىڭ رېئال خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە، فانتازىيىدىن، رومانتىكىلىق بەدىئىي ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلانغان. فانتازىيە، رومانتىكىلىق بەدىئىي ۋاستىلەر داستان تېمىسىنى تەسۋىرلەشتە شەكىللىك رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن، نەۋائى «لەيلى ۋە مەجنۇن» توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

مەزمۇنىغە بولدى روھ مەيلى،
ئەفسانە ئىدى ئانىڭ تۇفەيلى.

لېكىن چۇ رەقەمگە كەلدى مەزمۇن،
ئەفسانە ئاڭا لىباسى مەۋزۇن.

«خەمسە» دىكى ھەربىر داستاننىڭ كىرىش قىسىملىرى شەكلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى، قەھرىمانلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئوخشاش ئەمەس.

نەۋائى «خەمسە» سىدىكى ھەربىر داستاندا دېگۈدەك، چىن مەملىكىتى، ماچىن — خوتەن دىيارى توغرىسىدا مەغرۇرانە ۋە ھۆرمەت-مۇھەببەت تۈيغۇسى بىلەن ئاجايىپ پاساھەتلىك نۇرغۇن بېيىتلەرنى يازغاندىن باشقا،

ئەڭ سۆيۈپ تەسۋىرلىگەن قەھرىمانى فەرھادنى، جەڭدە دۇچ كەلگەن مۇشكۈلاتتىن ئىسكەندەرنى قۇتقازغان “چىن گۈزەلى”نى، نەققاشلىق، بىناكارلىق، رەسساملىق ھۈنەرلىرىنىڭ مۇمتاز ۋەكىللىرىنى چىن مەملىكىتىدىن تاللىغان. جۇملىدىن بۇلارنى خەلققە مەنزۇر ئوبرازلار قىلىپ، بارلىق بەدىئىي ماھارىتى بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ — نەۋائىي «خەمسە»سىدىكى روشەن ئۆزگىچىلىك.

نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا، فولكلور شەكلىدىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇنىڭدا، 16-ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋاستىچىلىك قىلغان. يەنى ئەدىبلەر نەۋائىينىڭ داستانلىرىنى نەسرىي شەكىلگە كىرگۈزۈپ، قىسسەلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن؛ بۇنداق قىسسەلەر خەلق چۆچەكلىرىدەك ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ تارقالغاندىن باشقا، كۆچۈرۈلۈپ ۋە چاپ قىلىنىپ تارقالغان. مەسىلەن، ياركەنتلىك ئۆمەر باقى مىلادى 1792-يىلى نەۋائىينىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ قىسسىگە ئايلاندۇرغان. موللا سادىق ياركەندى «خەمسە نەۋائىي»نى نەسرگە ئايلاندۇرۇپ «بۇلبۇلى گۈلشەن نەۋائىي» ۋە قوشۇمچە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دەپ نام بەرگەن. «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى 1930-يىللاردىن باشلاپ، ئىككى قېتىم سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە غۇلجا سەھنىلىرىدە يۈز قېتىملاپ ئوينالغان.

**4. «ھەسبى ھال»**

بۇ ئەلشىر نەۋائىي سەمەرقەنتتە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقىنىدا، دوستى، مەرپەتپەرۋەر شائىر سەيىد ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان شېئىرىي مەكتۇبى بولۇپ، بۇ مەكتۇبتا، خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر دىيارىدا، تۆمۈرىي سۇلالىسىدىن جاھىل-زالىم پادىشاھ ئەبۇ سەئىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان

زاماندىكى جاھالەت، زۇلمەت ھادىسىلىرى تەسۋىرلەنگەن. نەۋائى بۇ شېئىرىي مەكتۇبى ئارقىلىق ئەبۇ سەئىد سەلتەنەتىدە دۈشمەنلىك، ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەت-سۈيقەست ئەۋج ئېلىپ، مەملىكەت خارابىلىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن قاتتىق قايغۇرغان:

ۋەفا بېرىدە زاھىر ئولمىش نىفاق،
سەخا ئورنىدا بۇ خىل تۇتمىش ۋىساق.

مۇرۇۋۋەتقە بولمىش ھەسەد جايگىر،
زىھى خۇش ئەلۇ مەملىكەت دىلپەزىر.

ھۆكۈمران تەبىقە — پادىشاھ، مەنسەپدار ۋە جاھىل روھانىلار ئاھالىنىڭ يەر-سۇلىرىنى تارتىۋېلىپ، ھەتتا ۋەقفىلەرنىمۇ ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە ۋە ئۆي-جايلىرىنى ۋەيرانە قىلغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولغانلىقىنى يازغان:

ھەم ئەۋقافىنى سەدر ئەملاك ئېتىپ،
ۋەلى كۆپرەكىنى مەي ئۈچۈن تاك ئېتىپ.

ھەم ئەل مەنزىلىن شاھ كەتەكدەك بۇزۇپ،
تاۋۇق ئورنىغا چۇغز ئولتۇرغۇزۇپ...

ئۆيى ناتەۋان كۆڭلى كەبى بۇزۇق،
بۇ ئۆي ئەندۇھۇ غەم بىر ئوزۇق.

خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىقنىڭ كۆپلىكى ھەتتا ئۆلۈكتىن كېيىن ئېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى، ھىرات-سەمەرقەنتلەرنى زۇلمەت باسقانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلغان:

قارا پۇل ئۈچۈن ئەيلابان قەتل-فەن،
ئۆلۈكتىن تەمە ئەيلەپ ئەمما كەفەن...

ھىرات ئەھلىن ئالتىپ ھەۋادىس يېلى،
ئېسىپ دەي يېلىدەك سەمەرقەنت ئېلى.

ئاسايىشلىق ئورنىغا قىرغىنچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەلگە ئاراملىق بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىلىم-مەرىپەت ئەھلى زۇلۇم-ستەم دەستىدىن سۈرگۈن-سەرگەردان بولغانلىقىنى، نەۋائىي ئۆزىمۇ شۇلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى يازغان:

زەرۇرەتكى ياساپ سەفەر بەرگىنى،
تۇشۇپ يولغا قىلغاي ۋەتەن تەرگىنى...

ماڭا بۇ ئەل ئىچرە نە بىر ھەمدەمى،
كى، بىردەم ئىكەۋلەن دېيىشسەك غەمى...

نە بىر ھۇجرەكىم كام تاپقاي كۆڭۈل،
دەمى ئاندا ئارام تاپقاي كۆڭۈل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نــەۋائى ئۆزىنى ئەل ئىشكە ئاتىغانلىقىنى ۋە ئىجادىيەت يولىدىن قايتماسلىق ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن:

ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۆمرۈم تەلەف،
چۇ بۇ يولدادۇر ئول ھەم شەرەف.

دېمەك، «ھەسبى ھال» ــ بۇ شېئىرىي مەكتۇپ، نەۋائى يىگىتلىك دەۋرىدە ياشىغان زامانىنىڭ كارتىنىسى، شۇنداقلا، نەۋائىنىڭ ئادالەتسىزلىككە، جاھالەتكە قارشى غەزەپ-نەپرىتىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

## Ⅱ نەسرىي ئەسەرلەر

ئەلشىر نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى بىر قولى ــ ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدۇر. نەۋائى پېشى ئەللىكتىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۇنلىغان بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئەنە شۇ نەسرىي ئەسەرلىرىدىن بىرقانچىسىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

### 1. «مەجالىسۇن نەفائىس»

بۇ ئەسەر ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە يازغان تەنقىد-تەقرىزلەر مەجمۇئەسىدۇر. نەۋائى بۇ ئەسىرىنى ھىجرى 896-يىلى (مىلادى 1490 ــ 1491-يىللىرى) يېزىپ، ھىجرىيە 903-يىلى (مىلادى 1497 ــ 1498-يىــللىرى) تولۇقلىغان. بۇ ئەسەر سەككىز مەجلىستىن تــەركىب تاپقان بولۇپ، نەۋائىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، "يەتتە مەجلىسى تەبئ ئەھلى غەۋغاسى ۋە نەزم خەيلى ئەلالەسى بىلە ئۆتكەرىلدى.

سەككىزىنچى مەجلىس سۇلتان ساھىبقىران (ھۇسەيىن بايقارا — م) مەجلىسىدۇر...». نەۋائى بۇ ئەسەردە 458 نەپەر ئەدىب-شائىرنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بەرگەن. يەنى ئۆزىگە نىسبەتەن پىشقەدەم، ھەمقەدەم ۋە ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، خۇسۇسىيەت ۋە ئىجادىيەتلىرىنى تونۇشتۇرغان؛ نەۋائى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە قائىدىلەشتۇرۇلگەن سەنئەت يوللىرىنىڭ مىزانى بويىچە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئەسەرلىرىگە ئەتراپلىق ۋە خالىسانە باھا بەرگەن. ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، سۆز تاللاش لىياقىتى، تەسۋىرىي ئۇسلۇبى، بەدىئىي ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئارتۇقچىلىق ھەم كەمچىلىكلىرىنى كۆرسەتكەن. ھەتتا ئۆزىگە نىسبەتەن پىشقەدەم ئۇستاز بولغانلارنىڭمۇ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. جۈملىدىن، ئىقتىدارلىق ياش شائىرلارنىمۇ تونۇشتۇرۇپ، شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنى ياخشى ئەسەرلەر يېزىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسىرىدە، ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئاكتۇئال مۇئەممالارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. نەۋائى ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا كۆپ توختالغان. شۇنىڭدەك ئەدىبلەر، شائىرلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتتە ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپچان بولۇشنى تەكىتلىگەن. نەۋائىنىڭ قارىشىچە، ئەسەرنىڭ سۈپىتى مۇئەللىپىنىڭ ئەخلاقىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنىڭ خۇي پەيلى، مەنىۋى قىياپەتلىرى ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ۋە جامائەتچىلىك ئالاقىلىرىدە چوڭ رول ئوينايدۇ، يۈكسەك ئابروي-ئىززەت ئەدىب-شائىرنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ئېسىل پەزىلەتلىرى ئارقىلىق كۆتىرىلىدۇ.

نەۋائى ئۆز تەقرىرلىرىدە، شائىرنى تىل پاساھىتىگە، مىسرالارنىڭ ئۆزئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە سـۆز-ئـىـبارىلەرنىڭ بىر-بىرىگە مەنتىقىي باغلىنىشىغا، باشقىلار كۆپ ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەرنى تەكرارلاۋەرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ۋە قوللانغان سەنئەت يولىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالماسلىققا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشقا دەۋەت قىلغان.

نەۋائى شائىردا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي غۇرۇر بولۇشى، ئـۆز خـەلـقـىـغـە هـەم ۋەتىنىگە چىن يۈرىكىدىن مۇھەببەت باغلىشى كېرەكلىكىنى، ئۆز خەلقىنى، ۋەتىنىنى ئىشتىياق بىلەن كۈيلىگەن ئەدىب ھەقىقىي كامىل ئىنسان جۇملىسىدىن بولىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلغان.

نەۋائى بۇ ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قاتارىدا، ئـىـلـىـم-پـەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە كەشپىيات بىلەن شۇغۇللانغان، مەدەنىيەت-سەنئەت جەھەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانت ئىگىلىرى، ھەتتا تـۆرمـۇش-مـەئـىـشـەت، ھۈنەر-سەنئەت، خەتتاتلىق، مۇزىكىشۇناسلىق، سودا-تىجارەت جەھەتلىرىدە يېتىشكەن مۇنەۋۋەر شەخسلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

«مەجالىسۇن نەفائىس» قويۇق يۇمۇرلۇق تۈسكە ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا، شائىر-ئەدىبلەر ئارا بولۇپ ئۆتكەن لەتىپە-چاقچاقلار ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلەرمۇ بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەر ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا نادىر ئەسەر بولۇپ، ئـەدەبـىـي تەنقىد-تەقرىزچىلىقىنىڭ نەمۇنىسىدۇر. شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىمۇ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەردۇر.

تۆۋەندە نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»تا تونۇشتۇرغان ئەدىبلەردىن بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئەۋۋەلقى مەجلىس:

**ھەزرىتى ئەمىر قاسىم ئەنۋار.** بۇ زاتنىڭ رۇتبەسى شائىرلىق قەدىمىدىن يۇقىرىراق ۋە ئەۋلىيالار قاتارىدىكى ئورنى جامائەتنىڭ سۆيەتلىگىنىدىنمۇ

يۈكسەكرەكدۇر. ھەقىقەتلەر ۋە مەئرىپەتلەرنى ئىپادىلەش جەھەتتە نەزم لىباسى كۆڭلىگە خوپ كەلگىنى ئۈچۈن نەزمگە ئىلتىپات قىلغانىكەن. ئالىي ھۆرمەتتىمىز ۋەجىدىن بۇ كىتابچىمىز بۇ زاتنىڭ ئىسمى شەرىپى بىلەن باشلاندى. ئەمىرنىڭ ئەسلى ئازەربەيجاندىندۇر. سەراب ئاتلىغ كەنتتە تۇغۇلغان. يىگىتلىك چاغلىرىدا سەدرىددىن ئەردەبىيلىگە مۇرىد بولدى ۋە سوفىلىق ئەدەب تەرىقىنى شۇ كىشىدىن ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكۈزدى. شەيخ (ئەردەبىلىي)نىڭ ئىشارىتى بىلە خوراسانغا كەلدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا خەلايىق ئەمىرنىڭ خىزمىتىگە بەك بېرىلىپ كېتىپ غوغا قىلىشقا باشلىدى. شۇ زامانىنىڭ پادىشاھى ئەمىرنى مەملىكەتتىن قوغلاشقا ھۆكۈم قىلدى. ئەمىر بەلخ ۋە سەمەرقەنت تەرەپكە بېرىپ بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن پايىتەختكە (ھىراتقا) قايتىپ كەلدى. چاغاتاي مىرزا زادىلىرى ۋە ئۇلۇس-يۇرت كاتتىلىرى يەنە مۇرىد بولدى. بۇ زات پاك رەۋىشلىك، ئوتلۇق نەپەسلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئەل-جامائەت ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە مايىل ۋە شېئىرلىرىنى ئوقۇماققا ۋە پىتمەككە راغىب بولدى. بۇ ھال ئۇ زاتنىڭ دىۋان (توپلام) تۈزۈشىگە سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «ئەنىسۇل ئاشىقىن» («ئاشىقلار قاياشى») ناملىق قىسقىچە مەسنەۋى توپلىمى تۈزدى. شۇنىڭدەك تەرجىئبەندلەرنى يازدى. (نەمۇنە قىلىپ بېرىلگەن پارسىي مەتلەئ ئېلىنمىدى — م).

بۇ پەقىر (نەۋائى — م) دەسلەپ نەزم ئۆگىنىشكە كىرىشكىنىمدە ئۈچ-تۆت ياش چاغلىرىم ئىدى. چوڭلار مېنى شېئىر ئوقۇشقا تەكلىپ قىلغاندا بۇ بەيتنى ئوقۇپ بەرسەم چوڭلار ھەيران بولۇشاتتى. ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرى ھەزرىتى مەۋلانا رومىي مەسنەۋىلىرىنىڭ ۋەزنىدە يەنى ”رەمەلى مۇسەددەس“ ۋەزنىدە يېزىلغان. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەبرىسى جام ۋىلايىتىنىڭ خەرجۇد شەھەرچىسىدەدۇر. پەقىر (نەۋائى — م)مۇ ئول ئاستانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاروبكەشلىرىدىنمەن. ئۇ ھىجرىنىڭ 835-يىلىدا (مىلادى 1431 — 1432-يىللىرى) ۋاپات قىلغان...

**مەۋلانا ھۈسەيىن خارەزمى.** ھەزرىتى خوجا ئەبۇلۋەفانىڭ زاھىر ئىلىمدىن شاگىردى ۋە باتىن ئىلىمدىن مۇرىدىدۇر. زاھىر ئىلىمدە مەۋلانا زەماننىڭ مەشھۇرلىرىدىندۇر. «مەقسەدى ئەقسا» ئۇنىڭ تەسنىپىدۇر؛ مەۋلانا جەلالىددىن رۇمى «مەسنەۋى» سىگە شەرھ بىتىپدۇر. ئۆزىگە تەسنىپلىرىمۇ بار. «قەسىدە بۇردە» غىمۇ خارەزمچە تۈركىي تىل بىلە شەرھ بىتىپدۇر. ئەمما ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى باتىن ئىلىمدە يورۇقلۇق تاپقانىنىڭ قارىمۇقارشىسىدۇر. مەۋلانانى شاھرۇخ زامانىدا بىر غەزىلى ئۈچۈن كافىر ھېسابلاپ خارەزمدىن ھىرىيگە كەلتۈردى. لېكىن ئۇ دانىشمەن ۋە سۆزمەن كىشى ئەردى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىدى. يەنە مەملىكىتىگە كەتتى. ئۇ غەزەلنىڭ مەتلەئى بۇدۇركىم، شېئىر:

ئەي دەر ھەمەئى ئالەم پىنھانتۇ ۋۇ پەيداتۇ،
ھەم دەردى دىلى ئاشىق ھەم ئەسلى مۇداۋاتۇ.

(مەنىسى: ھەي پۈتۈن ئالەمنىڭ يوشۇرۇنىمۇ ھەم ئاشكارىسىمۇ ئۆزۈڭسەن، ئاشىق دىلىنىڭ دەردىمۇ ھەم داۋاسىمۇ ئۆزۈڭسەن).

مەۋلانانى تەنسەۋتى بولغاندا (پىتنە توپىلىڭدا) خارەزمدە ئۆزبېك شەھىد قىلدى. قەبرى خوجا ئەبۇلۋەفانىڭ ئاياغ تەرەپىدە.

**مەۋلانا ئەمىرى.** تۈرك ئەردى ۋە تۈركچە شېئىرلىرى ياخشى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما شۆھرەت قازىنالمىغان، بۇ بەيت ئۇنىڭ «دەھنامە» سىدىندۇر:

نە يېمەكدىن ئۇيقۇدىن سالىپ سۆز،

يىمەكدىن تويۇپ، ئۇيقۇدىن يۇمۇپ كۆز.

فارسىيدا شەيخ كەمالغە تەقلىد قىلىپ يازغان، بۇ مەتلەئ ئانىڭدۇر كىم، شېئىر:

روزى قسمەت هەركەسى ئەزغەيب بەخشى خۇدستاند،
غەيرى زاهىدكۇ رىيازەتها كەشىدۇ خۇشك ماند.

(مەنىسى: ئەلمىساقتا — تەقسىمات كۈنى زاھىددىن باشقا ھەربىر ئادەم ئۆزىگە ئاتا قىلغان نەسىۋىسىنى ئېلىشقا باشلىدى. زاھىد ھەرقانچە رىيازەت چەكسىمۇ قۇرۇق قول قالدى.)

ئانىڭ قەبرى بەدەخشان تەرەپتە ئەرھەڭ سارايىندادۇر.

ئىككىنچى مەجلىس:

**خوجە يۇسۇف بۇرھان.** ھەزرەتى شەيخۇل ئىسلام شەيخ ئەھمەد جامىنىڭ يېقىنراق ئەۋلادىدىن ئەردى. فەقىر ۋە فەنا يولىنى ئۆزىگە سۇلۇك قىلۇر ئەردى. كۆپىنچە يالغۇزلۇق ۋە ھەممىدىن قول ئۈزۈش يوسۇنىنى مەسلەك تۇتار ئەردى، بارچە تەرىقەت ئەھلىنىڭ يولباشچىسى ئەردى. فەقىر مۇسىقى فەنىدە ئانىڭ شاگىردىمەن. كۆپرەك ئۆز شېئىرىغە مۇسىقى باغلار ئەردى. «ئىسفەھانى» ئەمەلىنى (كۈيىنى) بۇ بەيتقە باغلاپدۇركىم، بەيت:

رەسىد مەۋسۇمى شادىيۇ زەۋقۇ ئەيشۇ تەرەب،
ئەگەر گەدا بەمۇرادى دىلى رەسەدچى ئەجەب.

(مەنىسى: شادلىق، زوقلۇق، خۇش چاقچاقلىق مەۋسۇمى كەلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداق چاغدا گادايلارمۇ مۇرادىغا يەتسە ئۇنىڭغا نىمە دەپ ئەجەبلەنگۈلۈك.)

ئۇمۇ جامدا ئالەمدىن ئۆتتى، مازىرى شەيخنىڭ قاشلىق قەبرىسى يېنىدا.

**مەۋلانا رىيازى.** سەمەرقەنتلىكتۇر. تەكەببۇر ۋە غەلىتە كىشى ئەردى. غــەزەلنى ئىنتايىن ياخشى ئېيتۇر ئەردى، ناھايىتى كۆپ پەزىلەتلىك ۋە گەپ-سۆزلىرى چىك دەللىلىك كىشى ئەردى. يەتتە قەلەم بىلەن خەتنى يــاخشى بىتەر ئەردى. موللا ھەم ھاپىزكى، «قۇرئانى مەجىد»نى يەتتە قــىرائــەت بىلەن بىلۇر ۋە ئوقۇر ئەردى. ھەم كاتىپ ھەم شائىر ھەم مۇتەپەككۇر ئەردى. بۇ مەندە تەخەللۇسى دەللىلدۇركىم، ھەرقانداق نەرسىنى خىيال قىلسا، دەرھال يازار، دەر ۋە كۆيگە باغلار ئەردى ھەم ياخشى تەسنىق قىلۇر ئەردى. مۇسىقى ئىلمى، ئەدۋار (نوتا) ، نۇجۇم، رەمەل تاللاش (ئەرۇز ئىلمى) ۋە باشقا ھەرقانداق ئىلمنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەسىۋىسىز ئەمەس ئىدى. بۇ يارقىن مەتلەئ ئانىڭدۇركىم، بەيت:

ستارەئىست دۇرى گۇشى ئان ھىلال ئەبرۇ،
زى رويى ھۇسن بەخۇرشىد مىيزەنەد پەھلۇ.

(مەنىسى: بۇ ھىلال قاشلىق دىلبەرنىڭ قۇلىقىدىكى مەرۋايىت بىر يۇلتۇزدۇر. ھۆسنى جامال جەھەتتىن قۇياشقا ياندىشىپ تۇرىدۇ.)

بۇ ئىككى مىسرا ئارىسىدا باغلىنىش جەھەتتىن بىر "كى" سۆزى كېرەك ئىدى. فەقىر ئاڭا دىدىمكىم. بۇنداق بولسا ياخشىراق بولغايكىم، بەيت:

زى رويى ھۇسن دۇرى گۇشى ئان ھىلال ئەبرۇ،
ستارە ئىستكى بەماھ مىيزەنەد پەھلۇ.

(مەنىسى: ئۇ ھىلال قاشلىقنىڭ قۇلىقىدىكى مەرۋايىت ھۆسن جەھەتتە بىر يۇلتۇزكى، ئاي بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ.)

ئىنساب يۇزىدىن بۇنىڭغا قايىل بولۇشى كېرەك ئەردى. لېكىن ئۇ جېدەل قىلدى. مەن سۈكۈت قىلدىم. ئۆز يارانلىرى بىلەن تالاشتى. مەۋلانا قوبۇل قىلمىدى. سەمەرقەنتتە ۋاپات بولدى.

**مەۋلانا يۇسۇف.** ”بەدىئىي“ تەخەللۇس قىلۇر ئەردى. ئول ھەم ئەند-جاندىندۇر. مەۋلانا سەفائىي بىلە بولۇر ئەردى. فەقىر (مەن دېمەكچى — م) تەھسىل ئۈچۈن سەمەرقەندغە بارغاندا ئەندجاندىن كەلدى ۋە ئاندا فەقىر بىلە ھەمسۆھبەت بولۇر ئەردى. يېشى كىچىك بولغانلىقىدىن شېئىرىدا خاملىق بولسا، ئىسلاھ قىلۇر ئەردىم. پاتلا چوڭلار قاتارىغا ئۆتۈشنى خاھلايدىغان ۋە تەسەۋۋۇرچان يىگىت بولدى. خوراسانغا كېلىپ كۆپ سالاھىيەت ۋە كەسىپ قىلدى. فەقىردىن ئۆزگە كىشى ئانىڭ شېئىرىگە پىكىر بىرەلمەس ئەردى. مەنمەنلىكى جەھەتتىن شوخلار ”يۇسۇف سەنائىي“ (يۇسۇف ماختانچاق) دەرلەر ئەردى ۋە تەخەللۇسىنىڭ مۇنداق ئۆزگەرتىلگەنلىكىدىن ئۇ مەئيۇسلىنەر ئەردى. ئەمما ياخشى سۆھبەتلىشەر ئەردى. بۇ مەتلەئ ئانىڭدۇركىم، بەيت:

گەر بەدىن ئابۇ ھەۋا كۇيەت بۇۋەد مەنزىلگەھەم،
نە زۇلالى خىزر بايەد نەدەمى رۇھۇللەھەم.

(مەنىسى: سېنىڭ كوچاڭ شۇنداق ئابۇ ھاۋاسى بىلەن مېنىڭ مەنزىلگاھىم بولىدىغان بولسا، ماڭا خىزىر سۈيى ۋە ئەيسا دەمىدىسى دېگەنلەرنىڭ نېمە كېرىكى.)

«مىرئاتۇس سەفا» («تىنىق ئەينەك») قەسىدىسى ئىزىنى قوغلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يازغان بۇ بەيتى ياخشى بېزىلغان. شېئىر:

دۇرى مەقسۇد جۇيان مەجمەئۇل بەھرەين شۇد سۇفى،
كى بەھر دەر بەرەست ئەزچەشمەئى ھەرچەشمى گىريانەش.

(مــەنــىســى:ســوفى مەقسەد ئۈنچىسىنى ئىزدەپ ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇشىدا چۆرگىلەپ قالدى، چۈنكى ئۈنىڭ ياش تۆكۈۋاتقان ھەربىر كۆز بۇلىقىدىن بىر دەريا ھاسىل بولغاندى.)

مۇئەمما رىسالىسى بىتىپ، ئۇنىڭدا كۆپ ئىش قىلىپتۇر. «مەنسۇر» ئاتىغا بېزىلغان بۇ مۇئەمما ئانىڭدۇر. مۇئەمما:

مەرازان شۇد مۇنەۋۋەر خانەئى چەشم،
كى ئامەد دوست بەركاشانەئى چەشم.

(مەنىسى: دوستۇمنىڭ كېلىشىدىن ئۆيۈم نۇرلىنىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ ۋەجھىدىن كۆزۈم ئۆيىمۇ چاقناپ كەتتى.)

سەرەخستە ۋاپات بولدى. مازىرى ھەزرىتى لوقمان خانىقاھىدا.

**مەۋلانا لۇتفى.** ئۆز زەمانىنىڭ مەلىكۇل كەلامى ئەردى. فارسىي ۋە تۈركىيدە تەڭدىشى يوق ئەردى. ئەمما تۈركىيدە شۆھرىتى كۆپرەك ئەردى ۋە تۈركچە دىۋانى مەشھۇردۇر. جاۋاب ئېيتىشقا بەك قىيىن بولغان مەتلەئلىرى بار، ئول جۈملىدىن بىرى بۇ دۇركىم، شېئىر:

نازۇكلۇك ئىچرە بەلىچە يوق تارى گىسۇيى،
ئۆز ھەددىنى بىلىپ، بەلىدىن ئولتۇرۇر قۇيى.

يەنە بىرى بۇ كىم، بەيت:

سەيد ئەتتى دىلبەرىم مېنى ئاشۇفتە ساچدىن،
سالدى كەمەند بوينۇمە ئىككى قۇلاچدىن.

مەۋلانانىڭ «زەفەرنامە» تەرجىمىسىدە، ئون مىڭ بەيتتىن ئارتۇقراق مەسنەۋىيسى بار. ئەمما ئاققا كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن شۆھرەت تاپمىدى، لېكىن فارسىي قەسىدىچى ئۇستازلىرىدىن كۆپىنىڭ مۇشكۈل شېئىرلىرىغا جاۋاب ئايتىپتۇرۇر ۋە ياخشى ئايتىپتۇرۇر.

توقسان توققۇز ياشادى. ئاخىرقى ئۆمرىدە رەدىفى "ئافتاب" شېئىر ئايىتتىكىم، زەمان شائىرلىرى بارچىسى ئىز قوغلىشىپ باقتى، ھېچقايسى مەتلەئنى ئانچە ئايتالمادىلەر، ئول مەتلەئ بۇدۇركىم، بەيت:

ئەي زى زۇلفى شەب مىسالەت سايە پەرۋەر ئافتاب،
شامى زۇلفەترا بەچايى ماھ دەربەر ئافتاب.

(مەنىسى: ھەي سېنىڭ تۈندەك قارا چاچلىرىڭدىن قۇياشتەك يۈزۈڭگە سايە يېتىدۇ. چاچلىرىڭنىڭ شام-ئاخشىمىدا ئاي ئورنىغا قۇياش تۇغۇپتۇ.)

ئالەمدىن ئۆتەر ۋاقتىدا بۇ غەزەل مەتلە ئىنىكىم تۈگەتمىگەن ئەردى، ۋەسىيەت قىلدىكىم، ھەزرەتى مەخدۇمىي نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى — م) تۈگىتىپ، ئۆز دىۋانلەرىدە بىتسۇنلەر دەپ. ئول ھەزرەت تۈگىتىپ ئۆز دىۋانلەرىغە بىتىدى، ئول مەتلەئ بۇ دۇركىم بەيت:

گەر كارى دىلى ئاشىق بەكافىرى چىن ئەفتەد،

بىھ زانكى بەبەدخۇيى بىرەھم چۇنىن ئەفتەد.

(مەنىسى: ئەگەر ئاشىقنىڭ كۆڭۈل ئىشى چىن كاپىرنىغا چۈشسە، بۇ ئاشۇ بەدخۇي رەھىمسىزگە چۈشكىنىدىن ياخشى.)

مەۋلانا يېگىتلىكىدە زاھىرىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكۈزگەندىن كېيىن، مەۋلانا شەھابىددىن خىياباني قېشىدا، سوفىيە تەرىقىتىدىمۇ سۈلۈك قىلغان. ئەزىز ۋە تەۋەررۈك كىشى ئەردى. بۇ فەقىر بارەسىدە كۆپ فاتىھەلەر ئوقۇپتۇر. پەرەزىم شۇكى ماڭا قىلغان بەزى دۇئالەرى ئىجابەت بولغان بولغاي. مەۋلانانىڭ قەبرى شەھەر چىپتىدىكى دىھكەنار يېزىسىدا ئۆز تۇرالغۇسىدا.

بەشىنچى مەجلىس:

**شاھ قۇلى ئۇيغۇر.** كىچىكىدىنلا تەبئى-زىھنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ۋە باشقا ھەممە بىلىم-ھۈنەرلەرگە ئۆتكۈر ئەردى. ئاتا-ئانىسىنىڭ بەك ئامراقلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قالدى ۋە كۆپرەك قابىلىيىتى زايا بولدى. ئۇ قەبىلىنىڭ مىرزاسىدۇر. ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىشلارنى شۇ قىلغاي. مۇئەممادا زىھنى ئۆتكۈردۇر. «مەھۋى» ئاتىغا بۇ مۇئەمما ئانىڭدۇر. بەيت:

ئەز مىھنەتىما بىھ پىشى ۋەي ھەرفى دۇ،
گەر مەسلەھەت ئەست بەگۇ مەگەر نىست مەگۇ.

(مەنىسى: مىھنىتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى ھەرپ بار، ئۇنى مۇۋاپىق بولسا ئېيتقىن، مۇۋاپىق بولمىسا ئېيتما.)

**ساقى.** جەئفەر باخشىنىڭ ئوغلىدۇر. كىچىگىدىنلا كۆپ قابىلىيەتلىك ئەردى. نەزملەردە ھەم باشقا ئىنسانپەرۋەرلىكتىمۇ، تۈركىي ھەم فارسىي

شېئىردا يېتىلگەن. سىپاھلىقتا باتۇرلۇقى شۇ مەرتىۋىگە يەتكەنكى، خوراساننىڭ سىپاھلىرىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق كىشىلەر ئانى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەرىپ قىلۇرلەر ئەردى. دۆلەت ئەركانلىرى قېشىدا بەلكى پادىشاھ ئالدىدا ئىلتىفاتتا ۋە مەقبۇللۇقتا ئېرىشكەن ئەردى. ئاڭا نېمە بالا بولدىكىم، بىلەلمىدۇك، ئۇشبۇ سىفەتلىرىدىن ھېچ نېمە قالمىدى. ئەل ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇمىد ئولكىم، بۇ چۈشكۈنلۈكىنى ھەق تەئەلا بەخت-ئىقبالغا ئايلاندۇرغاي، بۇ مەتلەئ ئانىڭدۇر. مەتلەئ:

قىلادەئى سەگى ئۇ كۈن زىھى گىرىبانىم،
كى ھەر زەمان نەفتەد چاك تابەدا مانەم.

(مەنىسى: ياقامنىڭ يېپىنى ئۇنىڭ ئىتىنىڭ بويۇن تاسمىسى قىلغىن، شۇ ئارقىلىق ياقامۇ يىرتىلىپ ئېتىكىمگە چۈشسۇن.)

تۈركچە مەسنەۋىسىدە گېجىم ئاتلىغ كىشىنى تەرىپلەپ دەپتۇر. بەيت:

تەزەرۋى ئەردى رەئنالىغىدا ئاتى،
ئىكى يانچاق بولۇپ ئىككى قاناتى.

ئالتىنچى مەجلىس:

**ئەھمەد جامبەگ**①. زەماننىڭ تەڭداشسىزلىرىدىن سۇلتان مەلىك كاشغەرىنىڭ ئوغلىدۇر. "ۋەفائى" تەخەللۇس قىلۇر. تۇرقى خۇش ۋە خۇلقى يېقىملىق، ئەخلاقى ماختارلىق، ئىش-ھەرىكىتى يارامىلىق يىگىتدۇر. خوراساندا

① «بابۇرنامە» ۋە نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىنىڭ چاپ ۋە تاشكەنت نۇسخىلىرىدا «ئەھمەد ھاجىبەگ» دەپ ئېلىنغان —م.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەربىيەت تاپتى. ھىرات سەلتەنەت ئوردىسىدا ئون يىلغا يېقىن ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن بولدى ۋە سەمەرقەنت ئۆلكىسىدە بىر مۇددەتتە ھاكىم ئەردى. بىر قەرنە بولاي دىدىكىم، مۇستەقىل ھالدا ئەمىرلىك ۋە مۇقىم ھالدا پادىشاھقا نائىبلىق قىلىپ تۇرىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ بەگنىڭ سىپاھلىقىدا جەسۇرلىقى ۋە باتۇرلىقىنى ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قول قويىدۇ. ئانىڭ تەبئى-تالانتى غايەت خوپ ياخشى بولۇپ، نەزم يېزىشقا كۆپ ئىلتىفات قىلىدۇر. بۇ مەتلەئ ئانىڭدۇر. بەيت:

گىرىفتى جانمەن ئەزتەن بەزۇلفى پۇرشىكەن بەستى،
كۇشادى پەردە ئەز رۇخسارى خىشۇچەشم مەن بەستى.

(مەنىسى: تېنىمدىن جېنىمنى ئېلىپ، چىچىگىنىڭ زەنجىرلىرى بىلەن باغلىدىڭ، يۈزۈڭدىن پەردىنى ئېچىپ كۆزۈمنى باغلىدىڭ.)

2. «مىزانۇل ئەۋزان»

ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس»نى يازغان يىلى ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر يەنە بىر مۇھىم ئەسەر، يەنى شېئىرىيەتتە ۋەزىن مەسىلىسىنى ئۆزۈن يىللار چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتلىرىدە چوڭ ئەھمىيەتلىك «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزىنلەر مىزانى») ئەسىرىنى يازغان. نەۋائىي زامانىدا، شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئەرۇز ۋەزنى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. ھەرقانداق شېئىر يازغۇچى ئەرۇز ۋەزنى قائىدىسىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئومۇمىي قاراشتا ئەرۇز ۋەزنى ئەرەب-ئەجەم شېئىرىيەت ئۆلچىمى ھېسابلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۈركىي شېئىرىيەتتە نەۋائىي زامانىدىن ئىلگىرى بىرقانچە ئەسىر قوللىنىلىپ، مەلۇم تەجرىبە ھاسىل قىلىنغان. لېكىن ئەرۇز ۋەزنى نەزەرىيە جەھەتتىن قائىدىلەشتۈرۈلمىگەن ۋە

بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلار يېزىلمىغانىدى. تۈركىي ئەدەبىياتشۇناسلىقتا، ئەلىشىر نەۋائىي تۇنجى بولۇپ، مەخسۇس كىتاب يازغانىدى. نەۋائىغا زامانداش تارىخچى خاندەمىر بۇ كىتاب ھەققىدە مۇنداق يۇقىرى باھا بەرگەن: ”ئىھسانلار ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ لەتاپەتلىكىنىڭ (نەۋائىنىڭ — م) تەسنىفلىرىدىن يەنە بىرى «رىسالەئى مىزانۇل ئەۋزان» دۇر. بۇ كىتاب تۈركىي تىلدا ئەرۇزفەنى ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، ئالىي ھەزرەتنىڭ چوڭقۇر ۋە نازۇك شېئىرلار توقۇشتا بەك ئىستېداتلىق ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ماھارەتلىك ئىكەنلىكى مانا شۇ كىتابتىن مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆتمۈشتىكى ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ سەزگۈلىرىنىڭ نۇرى تۈشمىگەن بىرقانچە مەقبۇل بەھر قوشۇپ، ئەرۇز دائىرىسىگە كىرگۈزگەن“.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىدىن ئىلگىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرىي ئەسەرلەرنى ھەم ۋەزن-شەكىل توغرىسىدا يېزىلغان رىسالىلەرنى دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىپ چىقىدۇ. ئۆزىدىن كەم دېگەندە بەش يۈز يىل ئىلگىرى ئىجاد ئېتىلگەن تۈركىي شېئىرىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدۇ. ئەرۇز ۋە شەكىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىخچاملايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەرۇز ھەم شەكىل توغرىسىدىكى دائىرە-قائىدىلەرگە يېڭىلىق كىرگۈزىدۇ. بۇ ھەقتە نەۋائىي شۇنداق دەيدۇ: ”ئەرۇز فەنىدە بۇ قىسقىچە كىتاب يېزىلدى ۋە ئاڭا «مىزانۇل ئەۋزان» ئات قويۇلدى. بۇنىڭدىكى بىرقانچە قائىدە، دائىرە ھەم ۋەزنلەر ئەرۇز ھەققىدىكى كىتابلاردا، مەسىلەن، ۋەزن ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد، ئىلىم ئۇستازى شەمس قەيس كىتابلىرىدا، خوجە نەسىر تۇسىينىڭ «مىئيارۇل ئەشئار» («شېئىر ئۆلچەملىرى»)دە، بەلكى ھەزرەتى مەخدۇمى نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ نۇرەن (جامى — م) «ئەرۇز» لىرىدا يوق ئەردى. بۇ فەقىر بۇ فەن ئۇسۇلىدىن ھاسىل قىلغانىدىم. بۇ كىتابقا ئىزافە (قوشۇمچە) قىلدىم“، ”ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلگىلىكىم، ئەرۇز فەننىكىم، نەزم ۋەزىنلىرىنىڭ مىزانىدۇر، شەرەفلىك فەندۇر".

ئـەلـىـشـىـر نەۋائىي يازىدۇ: ئەرۇز فەنىنىڭ ئەھلى نەزم ۋەزىنلىرى ئۇسۇلىنىڭ بىناسىنى ئۈچ رۇكنغە قويۇپتۇر، ئۇلارنى سەبەب، ۋەتەد، فاسىلە دەپتۇر.

سەبەب ئىككى خىلدۇر: سەبەبى خەفىف، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىر ھەرەكەلىك ۋە بىر ساكىنلىق (يەنى يېپىق بىر بوغۇملۇق)، مەسىلەن، مى (مەي)، نى (نەي) ۋە كل (گۈل)، مل (مول)؛ سەبەب سەقىل، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىككى ھەرەكەلىك (يەنى ئىككى ئوچۇق بوغۇملۇق)، مەسىلەن، يوزى (يۈزى)، كوزى (كۆزى)، خطى (خەتى) ۋە قدى (قەدى).

ۋەتەدمۇ ئىككى قىسىمدۇر: ۋەتەدى مەجمۇئ، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، باشتىكى ئىككى ھەرفى ھەرەكەلىك ۋە ئاخىردىكى ھەرفى ساكىن (يەنى بىرىنچى بوغۇمى ئوچۇق، ئىككىنچى بوغۇمى يېپىق)، مەسىلەن، شجر (شـەجەر)، ثمر (سەمەر)، ختن (خوتەن) ۋە عدن (ئەدەن)، ۋەتەدى مەفرۇق، بۇ شۇنداق سۆزكى، باشتىكى ۋە ئاخىرقى ھەرفى ھەرەكەلىك ۋە ئوتتۇرانچى ھەرفى ساكىنلىق (يەنى، ئىككىلا بوغۇمى ئوچۇق)، مەسىلەن، خامە (خامە)، نامە (نامە)، ناقە (ناقە) ۋە فاقە (فاقە).

فاسىلەمۇ ئىككى خىلدۇر: فاسىلەئى سۇغرا، بۇ شۇنداق سۆزكى، ئۈچ ھــەرفى ھەرەكەلىك ۋە تۆتىنچى ھەرفى ساكىن (يەنى ئالدىنقى ئىككى بوغۇمى ئوچۇق، ئاخىرقى بوغۇمى يېپىق). مەسىلەن، مېركىم ( مىرەكىم)، يوركىم (يۈرەكىم)؛ فاسىلەئى كۇبرا، بۇ شۇنداق سۆزكى، تۆرت ھەرفى ھەرەكەلىك ۋە بەشىنچى ھەرفى ساكىندۇر (يەنى ئالدىنقى ئۈچ بوغۇمى ئــوچۇق ۋە كېيىنكى بوغۇمى يېپىق)، مەسىلەن، يشمغن (ياشاماغان)، كسمگن (كەسەمەگەن).

بۇ رۇكنلەرنىڭ جەمىسى بۇ جۈملە تەركىبىدە كەلگەن: "ئول كۆزى

قارا دەردۇغەمدىن چىدامادىم“.

... ئەرەب-ئەجەم شائىرلىرىنىڭ ھەممە شېئىرلىرى ئاشۇ رۇكنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان. ئەرۇز ئەھلى ئۇنى ”ئەفائىل“ ۋە ”تەفائىل“دەرلەر. ئۇ سەككىز بۆلۈمگە باغلانغان: فعلون (فەئۇلۇن)، فاعلن (فائىلۇن)، مفاعيلن (مەفائىلۇن)، مستفعلن (مۇستەفئەلۇن)، فاعلاتن (فائىلاتۇن)، مفاعلتن (مەفائىلەتۇن)، متفاعلن (مۇتەفائىلۇن)، مفعولات (مەفئۇلاتۇ).

... بۇ سەككىز ئۇسۇلدىن پارسىي شېئىردە كەملىك بار — بەشدۇر: 1. مەفائىلۇن، 2. فائىلاتۇن، 3. مۇستەفئىلۇن، 4. مەفئۇلاتۇ، 5. فەئۇلۇن. تۈركچە شېئىردىمۇ شۇنچىلىك دەپ مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. كېرەك تېپىلسا، بۇ رۇكنلەردىن ئۆزگىلەرنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئۆزگەرتىش سەۋەبىدىن بۇ بەش ئۇسۇلنىڭ ھەربىرىدىن بىرقانچە تۈر-فۇرۇئلەر ھاسىل بولۇر، بۇنى ئەرۇزچىلار ”زىھاف“دەرلەر.

نەۋائى بۇ بەش ئۇسۇلنىڭ ھەربىرىدىن يەنە بىرقانچە تۈرلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي كۆرسەتكەن. مەسلەن، مەفائىلۇنىنىڭ زىھافلىرى ئون بىر ۋە فۇرۇئلىرىمۇ ئون بىر، زىھافلىرى: 1. ”قەبز“، 2. ”كەف“، 3. ”ھەرم“، 4. ”ھەرب“، 5. ”شەتەر“، 6. ”ھەفز“، 7. ”قەسر“، 8. ”ھەتم“، 9. ”جەبب“، 10. ”زەلەل“، 11. ”بەتەر“؛ بۇلاردىن تۈرلەر كېلىپ چىقىدۇ: مەفائىلۇن-مەقبۇز (قەبزدىن تۈرلەنگەن). مەفائىيلۇ-مەكفۇف (كەفدىن تۈرلەنگەن). مەفەئۇلۇن-ئەھرەم (ھەرەمدىن تۈرلەنگەن). مەفەئۇلۇ-ئەھرەب (ھەربدىن تۈرلەنگەن). فائىلۇن-ئەشتەر (شەتەردىن تۈرلەنگەن). فەئۇلۇن — مەھزۇف (ھەفزدىن تۈرلەنگەن). مەفائىل — مەقسۇر (قەسردىن تۈرلەنگەن). فەئۇل — ئەھتەم (ھەتمدىن تۈرلەنگەن). فائۇل — مەجبۇب (جەببدىن تۈرلەنگەن). فاڭ — ئەزلەل

(زەلەلدىن تۈرلەنگەن). فەئ — ئەبتەر (بەنەردىن تۈرلەنگەن).

فائىلاتۇننىڭ زىهافلىرى ئون ۋە فۇرۇئلىرى ئون بەش. زىهافلىرى: ھەبن، كەف، شەكل، ھەزف، كەسر، قەتئ، تەشئىس، جەھف، تەسبىغ، رەبئ؛ فۇرۇئلىرى: فەئىلاتۇن — مەھبۇن، فائىلاتۇن — مەكفۇر، فەئىلاتۇ — مەشكۇل، فائىلۇن — مەھزۇف، فەئىلان — مەھبۇنى مەقسۇر، فەئىلۇن — مەھبۇنى مەھزۇف، فەئلۇن — مەقتۇ، مەفئۇلۇن — مۇشەئئەس، فەئلان — مەقتۇئى مۇسەببەئ، فەئۇل — مەربۇئ، فائىلىيان — مۇسەببەغ، فەئىلىيان — مەھبۇنى مۇسەببەغ، فائ — مەجھۇفى مۇسەببەغ، فەئ — مەھجۇف.

شۇنىڭدەك، مۇستەفئىلۇننىڭ زىهافلىرى توققۇز ۋە فۇرۇئلىرى ئون تۆت؛ مەفئۇلاتۇنىڭ زىهافلىرى توققۇز ۋە فۇرۇئلىرى ئون تۆت؛ فەئۇلۇننىڭ زىهافلىرى ئالتە ۋە فۇرۇئلىرىمۇ ئالتە.

"ئەمدى بىلكىم، بەھرلەر بەزنلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ۋە بەزنلىرىنىڭ تەركىبلىنىشى بىلەن ھاسىل بولۇپ، ئون توققۇزدۇر. بۇلاردىن بەزىلىرى ئەرەبقە مەخسۇس، بەزىلىرى ئەجەمغە مەخسۇس ۋە بەزىلىرى ئەرەب-ئەجەم ئىككىلىسىدە بار. تۈرك شائىرلىرىغا ئومۇمىي ئىستىمال جەھەتتە بۇ چاققىچە ھېچقايسى مەخسۇس ئەمەس ئىكەن. ئەمما تىز ئۆگىنىۋالىدىغان ئۆتكۈر شائىرلار ھەر بەھر ۋە ۋەزندە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ نەزم ئېيتىشىدۇ ۋە ئەرۇز قائىدە-پرىنسىپلىرىگە ئەمەل قىلىشىدۇ."

"بەھرلەرنىڭ ئىسىملىرى: تەۋىل، مەدىد، بەسىت، ۋافىر، كامىل، ھەجەز، رەجەز، رەمەل، مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەسس، سەرىئ، جەدىد، قەرىب، ھەفىف، مۇشاكىل، مۇتەقارىب، مۇتەدارىك."

نەۋائى بۇ بەھرلەرنىڭ دائىرە ۋە قائىدىلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرگەن. ھەربىر بەھر يۇقىرىدا ئېيتىلغان زىهاف ۋە فۇرۇئلار بويىچە، كۆپ تۈرلىنىدۇ.

بۇ يەردە 19 بەھرىنىڭ ئاساسىي ”تەفئىل“لىرىنى نەۋائىنىڭ مىساللىرى بويىچە تونۇشتۇرىمىز.

تەۋىل بەھرى:

دېسەم ئارەزۇ زۇلفۇڭ ئۇل ئوتدۇر، تۇتۇندۇر بۇ،
دەر ئاندىن ساڭا كۆيمەك، بۇ بىردۇر قارا قايغۇ.
فائىلۇن مەفائىلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن

مەدىد بەھرى:

چېھرەدىن بۇرقەئ ئاچىپ ئوتقا كۆيدۇردۇڭ مەنى،
چۇن كۆل ئولدى پەيكەرىم، كۆككە سوۋۇردۇڭ مەنى.
فائىلاتۇن فائىلۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بەسىت بەھرى:

ئىشقىڭ مېنى تونۇكۇن مەجنۇنۇزار ئەيلەمىش،
كۆڭلۈمنى زارۇ ھەزىن، جىسمىم نىزار ئەيلەمىش.
مۇستەفئىلۇن فائىلۇن مۇستەفئىلۇن فائىلۇن

ۋافىر بەھرى:

نە فۇرقەت ئىرۇر سەنسىزىن ئۆرتەنۇر يۈرەكىم،
نە بولغاي ئەگەر ماڭا گۈزەر ئەيلەسەڭ، مىرەكىم.
مەفائىلاتۇن مەفائىلاتۇن مەفائىلاتۇن

كامىل بەھرى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەبەلا ئېمىش سىنىڭ ئول خىرام ئىلە قامەتىڭ،
گەھى سۆرئەتىڭ، گەھى ناز بىرلە ئىقامەتىڭ.
مۇتەفائىلۇن مۇتەفائىلۇن مۇتەفائىلۇن

(بەھرىلەرنىڭ زىھافلىرى: "سەلم" — پۈتۈن، "مەقسۇر" — كەمتۈك دەپ پەرقلەندۈرىلىدۇ.)

"ھەجەزى مۇسەممەنى سەلىمدە سەككىز قەتلە مەفائىلۇندۇر. رەجەزنىڭ جۈزئىلىرى سەككىز قەتلە مۇستەفئىلوندۇر. رەمەل جۈزئىلىرى سەككىز قەتلە فائىلاتۇندۇر." (بۇنىڭدا بەيت كۆزدە تۇتۇلغان).

مۇنسەرىھ بەھرى:
ئەي ئارەزىڭ كۆڭلۈك كامى، لەئلى لەبىڭ جان ئارامى،
ۋەسلىڭ كۈنى يەتتۈرگىلكى جانىم ئالۇر ھەجرىڭ شامى.
مۇستەئىلۇن مۇفئۇلاتۇ مۇستەئىلۇن مەفئۇلات

مۇزارىئ بەھرى:
ماگا، ئەي سۈمەنبەرىم، جەفا قىلما بىھىساب،
يۈزۈڭە زەمان چېكىپ ياپما غىل نىقاب
مەفائىيلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

مۇقتەزەب بەھرى:
ئەي نىگارى ماھۋەشىم، ئەي ھەرىفى جۆرئەكەشىم،
تۇت قەدەھكى، بىھەد ئېرۇر ئىشق تابىدىن ئاتەشىم.
فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇ مۇفتەئىلۇن

مۇجتەسس بەھرى:

بىتىشسە ئىشق ئارا يۈز مىھنەتۇ بەلا، قەدەھ ئىچكىل،
نەفەس-نەفەس قويۇبان مەي، تولا-تولا قەدەھ ئىچكىل.
مەفائىلۈن فائىلاتۈن مەفائىلۈن فائىلاتۈن.

سەرىئ بەھرى:

يوق ماڭا ھەجرىڭدە جۇز ئاھۇفغان،
ئىشقۇ مۇھەببەت ئوتىدىن ئەل ئامان.
مۇفتەئىلۈن مۇفتەئىلۈن فائىلۈن.

جەدىد بەھرى:

ئىكى رۇخساريڭ ئېرۇر گۈل چەمەن ئارا،
ئەرەقىڭ يۈز ئۈزە شەبنەم سۇمەن ئارا.
فەئىلاتۈن فەئىلاتۈن مەفائىلۈن

قەرىب بەھرى:

جەمالىڭدا تەھەييۇرغە قالدى كۆز،
بۇ مەئىندە ئۈلۈس ئىچرە تۈشتى سۆز.
مەفائىلۇ مەفائىلۇ فائىلان

ھەفىي بەھرى:

فۇرقەتىن نېش ساچتى يۈرەكىمگە،
ئەشك قانىن ئاقىزدى بۇ ئېتەكىمگە.
فائىلاتۈن مەفائىلۈن فەئىلاتۈن

www.uyghurkitap.com

مۇشاكىل بەھرى:

ئىشقىڭ ئىچرە ماڭا ئەسرۇ ستەمدۇر،
كۆڭلۈم ئوتىغا چەرخ ئۆزرە ئەلەمدۇر.
فائىلاتۇ مەفائىلۇ مەفائىل

مۇتەقارىب بەھرى:

يەنە سەنسىزىن مۇنىسىم غەم بولۇپتۇر،
كۆڭلۈمگە يۈرەك قانى ھەمدەم بولۇپتۇر.
فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن

مۇتەدارىك بەھرى:

نە ماڭىشدۇركى، تەنلەر ھەباسى ئانىڭ،
نە باقىشدۇركى، جانلار فىداسى ئانىڭ.
فائىلۇن فائىلۇن فائىلۇن فائىلۇن

ئەلىشىر نەۋائى ئومۇمىي بەھرلەرنى يەتتە دائىرىگە كىرگۈزگەن: 1) دائىرەئى ”مۇئتەلىفە“ (ئۇيغۇنلاشقان دائىرە)، بۇنىڭغا ھەزەج، رەجەز ۋە رەمەل بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 2) دائىرەئى ”مۇختەلىفە“ (ئىختىلاپلىق دائىرە)، بۇنىڭغا مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 3) دائىرەئى ”مۇنتەزئە“ (مايىللاشقان دائىرە)، بۇنىڭغا سەرىئ، جەدىد، قەرىب، ھەفىق، مۇشاكىل بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 4) دائىرەئى ”مۇتتەفىقە“ (مۇۋاپىقلاشقان دائىرە)، بۇنىڭغا مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىك بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 5) دائىرەئى ”مۇجتەمئە“ (بىرىككەن دائىرە)، بۇنىڭغا مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس، سەرىئ، جەدىد،

قەرىب، ھەفىف، مۇشاكىل بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 6) دائىرەئى "مۇختەلىتە" (ئارىلاشقان دائىرە)، بۇنىڭغا كامىل ۋە ۋافىر بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 7) دائىرەئى "مۇشتەبىھە" (ئوخشىتىلغان دائىرە). بۇنىڭغا تەۋىل، مەدىد، بەسىت بەھرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

نەۋائى بۇ دائىرىلەردىن بەشىنچى دائىرە — "دائىرەئى مۇجتەمىئە"گە كىرگۈزۈلگەن توققۇز بەھر يەنى مۇنسەرىھ، ھەفىف، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس، مۇشاكىل، سەرىئ، جەدىد، قەرىب بەھرلىرىنىڭ سالىم (پۈتۈن) شەكىللىرى ئارىسىدا ئومۇمىيلىق بارلىقىنى تېپىپ، بىر دائىرىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلىگەن. نەۋائى "ئاۋۋالقى بەھر مۇنسەرىھ ئەردى. ئەنە شۇنىڭدىن باشقىلار كېلىپ چىققان" دەيدۇ. ئالتىنچى دائىرە — "دائىرەئى مۇختەلىتە" شېئىردە كەم ئىشلىتىلىدىغان بەھردىن تۈزۈلگەن. نەۋائى: "ئىككى بەھر ... مۇ ئەجەم شائىرلىرىنىڭ ئەرۇزلەرىدە كۆرۈلمەيدۇ. ئۇلاردىن بىرى كامىل بەھرىدۇر ۋە بىرى ۋافىر بەھرىدۇر" دەيدۇ.

يەتتىنچى بەھر — "دائىرەئى مۇشتەبىھە"نى نەۋائى ئەجەم شېئىرىيىتىگە يېقىنلىق بولغان بەھرلەردىن تۈزگەن. نەۋائى: "ئۈچ بەھر... ئەرەب شائىرلىرى نەزمىگە خاسدۇر ۋە ئۇلار تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىت بەھرلىرىدۇر" دەيدۇ.

دېمەك، نەۋائى بەھرلەرنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، مەلۇم دائىرىگە كىرگۈزگەندە، ئەرۇز سىستېمىسىدىكى مۇختەلىفە، مۇنتەزىئە قاتارلىق دائىرىلەرگە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ دائىرەنى يېقىنلىق تەرىقىسىدە قوشۇمچە قىلغان.

نەۋائى بۇ ئەسەرىنىڭ بەھرلەر ۋە ۋەزنلەر توغرىسىدىكى ئاخىرقى بۆلۈكىدە، تۈركىي خەلقلەر پوئېتىكىسىنىڭ (يازما شېئىرىيەت ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى) تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ژانىر جەھەتتىن يېقىنلىق كىرگۈزگەن.

نــەۋائى مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”يەنە بىرنېچە ۋەزنكى، بەزىلىرىنى ئەجەم شائىرلىرىنىڭ كېيىنكىلىرى ئېيتىپدۇر ۋە بەزىلىرى مۇشۇ زاماندا نەزم تېپىپدۇر. بۇ ۋەزنلەر ئەرۇزغە زادىلا داخىلى يوقدۇر“. ئەگەر ئەرۇزغا ئالاقىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەرۇز ھەققىدىكى كىتابلاردا يېزىلمىغان. ”شۇ جۈملىدىن، رەمەلى مەھبۇندۇر، ھەر مىسراسى سەككىز رۇكندۇركى، بەيتى ئون ئالتە بولغاي“.

”يەنە تۈرك ئۇلۇسى، خۇسۇسەن چاغاتاي خەلقى ئارىسىدا شايىئ ۋەزنــلەردۇركىم، ئۇلار سۇرۇدلىرىنى (كۈيلىرىنى) شۇ ۋەزن بىلە ياساپ، مەجلىسلەردە ئېيتۇرلەر“.

”بــىـرســى تــۇيۇغدۇركىم، ئىككى بەيتقە مۇقەررەردۇر... تەجنىس ئېيتىلغاي ۋە ئۇ ۋەزن رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇردۇر. مۇنداق:

يا رەب، ئول شەھدۇشەكەر يالاپمۇدۇر؟
يا مەگەر شەھدۇشەكەر يالاپمۇدۇر؟
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
جانىمە پەيۋەستە ناۋەك ئاتقالى،
غەمزە ئوقىن قاشىغا يالاپمۇدۇر؟
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

يەنە قوشۇقدۇركىم، ئارغۇشتەك ئۇسۇلدا شايىئدۇر ۋە بەزى دائىرەلەر كىتابلىرىدا بۇ ئۇسۇل زىكرى بولماپتۇر“.

”يەنە چىنگەدۇركىم، تۈرك ئۇلۇسى زۇفاف ۋە قىز كۆچۈرۈش تويلىرىدا ئۇنى ئېيتۇرلەر. ئۇ سۇرۇد (كۈي) غايەت تەسىرلىك ۋە ئىككى خىلدۇر. بــىر خىلى، ھېچقانداق ۋەزنگە توغرى كەلمەيدۇ، بىر خىلدا بىر بەيت ئېيتىلىدۇكى، مۇنسەرىھى مەتۋى مەۋقۇف بەھرىدۇر ۋە يار-يار سۆزىنى رەدىف

ئورنىدا زىكرى قىلىدۇ. مۇنداق (بەيت):

قايسى چەمەندىن ئېسىپ كەلدى سەبا، يار-يار،
كىم دەمىدىن تۆشتى ئوت جانىم ئارا، يار-يار؟
مۇفتەئىلۇن فائىلۇن مۇفتەئىلۇن فائىلۇن.

ۋە يەنە تۆرك ئۇلۇسىدا بىر سۇرۇددۇركىم، ئۇنى مۇھەببەتنامە دەرلەر ۋە ئول ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر بەھرىدۇر. بەيت:

مېنى ئاغزىڭ ئۈچۈن شەيدا قىلىپسەن،
ماڭا يوق قايغۇنى پەيدا قىلىپسەن.
مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىل

ۋە يەنە بۇ خەلق ئارىسىدا بىر سۇرۇد بار ئىكەنكىم، ھەجەزى مۇسەممەنى ئەھرەبى مەكفۇفى مەھزۇف ۋەزنىدە، ئاڭا بەيت باشلاپ بىتىپ، ئۇنىڭ مىسرائىدىن كېيىن يەنە شۇ بەھرنىڭ ئىككى رۇكن بىلە ئادا قىلىپ، سۇرۇد نەغمىسىگە توغرى كەلتۈرۈر ۋە ئۇنى مۇستەزاد دەرلەر، مۇنداقكىم (مۇستەزاد):

ئەي ھۆسنۈڭە زەررات ئىچرە تەجەللا،
مەفئۇلۇ مەفائىلۇ مەفئۇلۇن
مەزھەر ساڭا ئەشيا،
مەفئۇلۇ فەئۇلۇن
سەن لۇتۇ بىلە كەۋنۇ مەكان ئىچرە مۇۋەللا،

www.uyghurkitap.com

ئالەم ساڭا مەۋلا".

"ئــوزانلارنىڭ ئوزماغى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ بودى-بودايى ھېچقانداق ۋەزنگە توغرى كەلمەيدۇ... يەنە سۇرۇددۇركىم، ئۇنى تۈركىي دەپدۇرلەر. بــۇ ســۆز ئــۇنىڭغا ئاتاق بولۇپدۇر ۋە ئۇ غايەتدىن تاشقىرى يېقىملىق، روھلاندۇرىدىغان ۋە جايىز كۆرگەن مەئىشەت ئەھلىگە ناھايىتى پايدىلىق ھەم مەجلىسلەردە ئىجرا قىلىنىدىغان سۇرۇددۇر".

3. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»

بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى رۇبائىدە يېزىلىشىچە، پۈتكەن ۋاقتى ھىجرى 905-يىلى جۇمادىل ئەۋۋەل ئېيى چارشەنبە كۈنىگە (مىلادى 1499-يىلى 18-دېكابىرغا) توغرا كېلىدۇ. نەۋائى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا دائىر بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئەسىرىنى ئۆلۈمىدىن ئىككى يىلچە ئىلگىرى يېزىپ تۈگەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئەسەردە، نەۋائى تۈركىي تىل بىلەن پارسىي تىلنى لېكسىكا بايلىقى، سۆز ياساش ۋاسىتىلىرى، ئىپادىلەش قۇدرىتى جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. نەۋائى بۇ ئەسىرىدە "ھۈنەر-سەنئەت" تىلى دەپ قارالغان تۈركىي تىل ـــ ئۆز ئانا تىلىنىڭ پارسىي تىلغا قارىغاندا ھەر جەھەتتىن ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا پارسىي تىلدا يوق لېكسىكا بايلىقى ۋە تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. تــۈركــولوگ ئا.ك. باروفكوف: "بۇ كىتابتا... ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان... ئەلىشىر نەۋائى... ئۇزۇن ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئابرويى راسا كۆتىرىلگەن پەيتتە، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇردى" دەپ باھا بەرگەن.

نەۋائى بۇ ئەسەردە سۆز (تىل)گە مۇنداق تەبىر بەرگەن (تېكىست بىرئاز ئۆزلەشتۈرمە ئۇسۇل بىلەن بېرىلدى):

سۆز بىردۇر، ئۇنىڭ بەھرى كۆڭۈلدۇر... ياخشى سۆز بولسا ئۇنىڭ شارابىدىن ئۆلۈك تەنگە پاك جان كىرىدۇ؛ يامان بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھرى كىرىدۇ.

سۆز گەۋھەرىدۇركى رۇتبەسىنىڭ
شەرھىدە دۇر ئەھلى نۇتۇق ئاجىز.
ئاندىنكى ئېرۇر خەسىس مۇھلىك،
كۆرگۈزگىچە دۇرۇر مەسىھ مۇئجىز.

... ئەمدى سۆز بايانى بىلەن گەپ داستانىغا كەلسەك، تۈرلۈك-تۈرلۈك شەھەر، يېزا-قىشلاق، تاغۇ دەشت، قىر-سەھرا، دەريا-دېڭىز خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى بىرەر ئۇقۇم ۋە مەنانى ئۇقتۇرۇشتا ئۆز تىللىرىغا ئىگە... تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى، كۆپىنچە، ئەڭ ئۇششاق ئۇقۇملار ئۈچۈنمۇ، مۇبالىغە يولى بىلەن مەخسۇس سۆزلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ياكى ئالىملىرى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگىچە، باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، دومسايماق، ئۇمۇنماق، ئىگىرمەك، ئاۋۇنماق، قىستاماق، قىيناماق، سوۋۇرماق، چايقالماق، قىزغالماق، يالىماق، مۇڭلانماق، ئىندىمەك، تېرىكمەك، قىڭغايماق، سىپىماق، سۈركەنمەك، كۆيۈنمەك، ئىگراماق، بۇخساماق، تامشىماق، سىپقارماق، سىگدۈرمەك، قىچىغلاماق، كۆمۈرمەك، گاڭگىراماق، ياداماق... ئەجايىب نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئىنسان ئۆز ھاياتىدا دائىم موھتاج بولۇپ تۇرىدىغان بۇ يۈز سۆزگە (نەۋائى تولۇق كەلتۈرگەن يۈز سۆزدىن يىگىرمە نەچچىسىلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈلۈپ، قالغىنى قىسقارتىلدى ـــ م) سارت (يەنى پارس) تىلىدا لايىق بەدەل تېپىلمايدۇ. سارتلار ھەتتا بۇ سۆزلەرنىڭ ئەكسىرىيىتىنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئۇقۇملارنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىرقانچە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان ئۇزۇن جۈملىلەرنى تۈزۈشكە ۋە جۈملىلەردە ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئومۇمەن، پارسچىدە بەدىلى تېپىلمايدىغان مۇنداق سۆزلەر تۈركىي تىلدا ناھايىتى كۆپ، مىسال ئۈچۈن يۇقىرىدىكى يۈز سۆزدىن بىرنەچچىنى دەلىل قىلىپ ئۆتسەك بولۇر. رەقىب قارشى چىققاندا، سۆزدە يېڭىلىپ خىجالەتتە قالسۇن ۋە باشقىلارنىمۇ بۇنىڭغا قىياس قىلسۇن. ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ بەزىلىرى مەي تەئرىپىدە مۇبالىغىلەر قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە بۇ ھال مەي ئىچىشتە قائىدە بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىرى سىپقارماق سۆزىدۇر. بۇ بابتا بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇبالىغە بولماس، تۈركىي شېئىردا بۇ سۆز مۇنداق كەلگەن. بەيت:

ساقىيا، تۇت بادەكىم، بىرلەھزە ئۆزۈمدىن باراي،
شەرت بۇكىم، ھەرنېچە تۇتساڭ لەبالەب سىپقاراي.

بۇ سىپقاراي سۆزىدىن ئاڭلىنىدىغان ئۇقۇمنىڭ نازۇك تەئرىپلىرىنى ئىپادىلەشكە پارسىي شېئىردا ھېچ ئىلاج تېپىلماغاي! مەينى چۈچۈك ۋە شىرىنلىكىدىن بىر يولىلا ئىچىۋەتمەي، لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، تامشىپ-تامشىپ ئىچىشكە تۈركىي شېئىردا تامشىماق سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نازۇك مەنا تۈركىي شېئىردا مۇنداق بولغاي. بەيت:

ساقى چۇ ئىچىپ، ماڭا تۇتار قوش،
تامشى-تامشى ئۇنى قىلاي نوش.

يەنە، بۇخساماق سۆزى تۈركىي شېئىردا مۇنداق كەلگەي. بەيت:

ھىجرئەندۇھىدە بۇخساپمەن، بىلەئالمان نېتەي،
مەي ئىلاجىمدۇر قوپۇپ دەير پاناغا ئەزم ئېتەي.

پارسگوي تۈركىي بەگلەر ۋە مىرزازادەلەر بۇ بۇخساماق سۆزىنى پارس تىلى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولسا، بەلكى بۇنىڭ تەبىرىنىمۇ تاپار، لېكىن شېئىرنىڭ بىناسى ۋە كۈچ-ماغدۇرى ئىشق-مۇھەببەتكە تەئەللۇق بولغاچقا، ئاشىقلىقتا يىغلاماقتىن تولاراق يۈز بېرىدىغان ئۆزگە ھالەت يوق. ھالبۇكى، تۈركىي تىلدا يىغلاماقنىڭمۇ بىرقانچە خىللىرى بار. مەسىلەن، يىغلامسىماق سۆزىنى ئالساق تۈركىي شېئىردا مۇنداق كەلگەن. بەيت:

زاھىد ئىشقىن دېسەكى قىلغاي پاش،
يىغلامسىنۇرۇ كۆزىگە كەلمەس ياش.

ئىڭىرىماق ۋە سىگرەمەك سۆزلىرىنى ئالساق... پارس تىلىدا بۇ سۆزلەرگە لايىق سۆز يوق... يىغلاماقنىڭ... يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلاماقنى بىلدۈرىدىغان ئۆكۈرمەك مەنىسىدىن باشقىچەرەك بىر ئۇقۇمنى بېرىدىغان ئىنچىكىرمەك دېگەن سۆزمۇ باركى، ئىنچىكە ئۈن بىلەن يىغلاماقنى شۇنداق دېيىلىدۇ... پارسگويلار يىغلاماقنىڭ بىر خىلى بولغان ھاي-ھاي دېگەن سۆز ئىپادىسىدە ئۆزلىرىنى تۈركىگوي شائىرلارغا شېرىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزمۇ ئەسلىدە تۈركىي ئۇسلۇبتۇر. فەقىرنىڭ بۇ سۆز ئىشلىتىلگەن بىر مەقتەئى مەشھۇر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەۋائى ئول گۈل ئۈچۈن هاي-هاي يىغلاما كۆپ،
كى هە دېگۈنچە نەگۈلبۇن، نەغۇنچە، نە گۈل بار.

... ئىشق تەرىقىدە مەهبۇبنىڭ نەزەرى مۇيەسسەر بولسا، ئاشىقنىڭ ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈشى ناهايىتى مۇناسىپ بىر هال. لېكىن پارسلاردا بۇ ئۇقۇمنى بېرىدىغان سۆز يوق. تۈركىي شېئىردا بۇ سۆز ئانداقكى:

تۈكەدۇر قانىمنى هەردەم كۆزلەرىڭ باقىپ تۇرۇپ،
كىم نېچە يۈزۈڭگە باققاي سەن يىراقتىن تەلمۈرۈپ.

تۈركىي تىلدىكى ياسانماق سۆزىگە پارسىي تىلدا ئاراستە ۋە ئارايىش دېگەن بەدەللەر تېپىلىدۇ. لېكىن بېزەنمەك سۆزىگە لايىق تەبدىل يوق. هالبۇكى بېزەنمەك سۆزى ياسانماقنىڭ مۇبالىغەسىدۇر. تۈركىي تىلدا بۇ سۆز مۇنداق ئىپادە تاپقان:

ئېرۇر بەس چۇ هۆسنۇ مەلاهەت ساڭا،
ياسانماق، بېزەنمەك نە هاجەت ساڭا.

... سارت تىلىدا چاقماق ۋە گۈلدۇرمامادەك ئېنىق ۋە روشەن نەرسىلەرگە ئات قويۇلمىغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلىدىكى بەرق ۋە سائىقە سۆزلىرى ئىشلىتىلىدۇ...

ئومۇمەن ئېيتقاندا، سارت (پارس)لارنىڭ تىلىدا سۆز يېتىشمەسلىك هادىسىسىنى بىر-بىردىن ئېيتىشقا توغرا كەلسە، گەپ ئۇزۇراپ كېتىدۇ.

چۈنكى مۇنداق ئەھۋال بەك كۆپتۇر.

جۈملىدىن، بارچە شائىرلار ۋە سۆز سەنئەتكارلىرى نەزەرىدە روشەن ۋە ئېنىق بولغان تەجنىس ۋە ئىھام پارس تىلىدا يوق دېيەرلىك، تۈركىي تىلدا بولسا ناھايىتى كۆپتۇر. بۇنداق سۆزلەر شېئىرلارغا ئالاھىدە زىننەت ۋە سەنئەت بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، ئات سۆزىنى ئالساق، بىر مەنىسىنى ئالساق، بىرەر نەرسىنىڭ ئېتى؛ يەنە بىر مەنىسى مىنىدىغان ئات؛ ئۈچىنچى مەنىسى بىرەر نەرسىنى ئاتماققا بۇيرۇماق بولۇركى بۇ تەجنىسدۇر، شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ، بېگىم،
سۈرئەت ئىچرە دىۋەدۇر ئاتىڭ، بېگىم؛
ھەر خەدەڭكى ئۈلۈس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ، بېگىم.

بـــۇ ئىككى بەيت تولۇق تەجنىسدۇر، پەقەت تۈركىي شائىرلارغىلا خاستۇركى، سارتلاردا يوقدۇر ۋە بۇنى تۈركىي شائىرلار تۇيۇغ دەيدۇر... جۈملىدىن ”ئىت“ سۆزىنىڭمۇ ئۈچ مەنىسى بار... يەنە تۈز سۆزىنىڭمۇ بىرنەچچە مەنىسى بار.

... ھــەرخـــىل غىزا-تائاملار تۈركىي تىلدا يېگۈلۈك (يېمەكلىك) دېيىلىدۇ. سارتلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋە بەلكى بارچىسى يېمەكنىمۇ ئىچمەكنىمۇ ”خورد“ دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئۇلار (پارسلار) بىر تۇغقان ئەركەك قېرىنداشلارنىڭ چوڭ-كىچىكىنى ئايرىماي، بارچەسىنى بۇرادەر دەيدۇ. تۈركلەر چوڭىنى ئاغا، كىچىكىنى ئىنى دەيــدۇ. پــارسلار قىز قېرىنداشلارنىڭ بارچەسىنى خاھەر دەيدۇ. تۈركلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭىنى ئىگىچى، كىچىكىنى سىڭىل دەيدۇ. تۈركلەر يەنە ئاتىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنى ئاپاغا، ئانىنىڭ ئاغا-ئىنىسىنى تاغا دەيدۇ. پارسلار بۇنىڭ ھېچقايسىسىغا ئات قويماي، ئەرەبچىدىن «ئەممە» ۋە «خالە» سۆزلىرىنى ئىشلىتىدۇ... تۈركلەر كىيىكنىڭ ئەركىكىنى ھۇنە، چىشىسىنى قىلچاقچى، سويقۇنىڭ ئەركىكىنى بۇغا، چىشىسىنى مارال دېسە، پارسلار بۇلارغا ئاھۇ ۋە كوزەندىن باشقا سۆز تاپالمايدۇ... تۈركلەر ئۆردەكنىڭ بارچە خىللىرىغا ئات قويغان. مەسىلەن، چۈركە، ئىركە، ئالاباش، چىغىر قانات، تۆمۈر قانات، باغچال ۋە باشقىلار. پارسلار بۇلارنىڭ بارچەسىنى يەنىلا مۇرغابى دەيدۇ. ئەگەر پەرقلەندۈرمەكچى بولسا، تۈركچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ... ۋە يەنە، ئاتنىڭ تورپۇچاق، ئارغىماق قاتارلىق خىللىرىنى ۋە ئات ياشلىرىنى بىلدۈرىدىغان تاي، غونان، دۆنەن، تولان، چىرغا، لانغا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتى تۈركچە ئېيتىدۇ... قوينىڭ بەزى ئەزالىرىغا ئات قويغان بولسىمۇ، ئارقا، ئۇشۇقلۇق ئىلىك، يان سۆڭەك، قوۋۇرغا، ئىلىك، ئوتتۇرا ئىلىك، بۇغۇزلاق قاتارلىق تۈركچە سۆزلەرنى ئۆز پېتى ئىشلىتىدۇ. قايماق، قۇرۇت، قاتلىما، بولماق، مانتا، قۇيماق، بوزا، قىمىز، تاتماچ، ئوماچ، كۆمەچ، تالقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە يېمەكلىكلەرنىمۇ شۇ پېتى تۈركچە ئىشلىتىدۇ...

تۈركىي تىلدا سۆز ياساش ئۇسۇلى جەھەتتە، شۇنداق بىر ماھارەت باركى، سۆزنىڭ ئاخىرىغا «چى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن بىرەر ھۈنەر، ئىش ياكى نەرسىنىڭ ماھىرى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. مەسىلەن، نەيزىچى، سۇچى، تامغاچى، قوشچى، قويچى ۋە باشقىلار. ئىش-ھەرىكەتنىڭ چوقۇم بولماي، گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرۇشقا توغرى كەلسە، پېئىل يىلتىزىغا «غۇ، قۇ، گۇ، كۇ» ۋە ئاندىن «دەك» ئۇلاش بىلەن مەقسەت ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بارغۇدەك، قايتقۇدەك، كەلگۇدەك، كەتكۇدەك ۋە باشقىلار. پېئىل

يىلتىزىغا ”غاچ، قاچ، گەچ، كەچ“ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۈرئىتى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يارغاچ، تاپقاچ، بەرگەچ، يەتكەچ ۋە باشقىلار... سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا بىر ”پ“ ياكى ”م“ ئۇلىنىش بىلەن ئاشۇرما سۈپەت ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئاپ-ئاق، قاپ-قارا، قىپ-قىزىل، ساپ-سارىق، يۇپ-يۇمۇلاق، ئوپ-ئوچۇق، كۆپ-كۆك، بوم-بوز ۋە باشقىلار... بەزى سۆزلەرگە ”ۋاۋ“ (و) بىلەن ”ل“ ھەرپى ئۇلىنىپ ھەربىي-مەمۇرىي مەنسەپ ناملىرى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مىراۋۇل، قاراۋۇل، ياساۋۇل، بېكاۋۇل، توسقاۋۇل، شىغاۋۇل، بوكاۋۇل ۋە باشقىلار. مۇنداق سۆز ياساش ئۇسۇللىرى پارسلاردا يوق. ئۇلار مۇنداق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى تۈركچە پېتى ئىشلىتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشقا شائىرلارنى دەۋەت قىلىپ، شۇنداق خۇلاسىلايدۇ: ”بۇ ئەلفاز ۋە ئىبارەتدە بۇنەۋئى دەقايىق (مۇشۇنداق ئىنچىكە-نازۇك مەنىلەر) كۆپدۇركىم، بۇ كۇنگە دىگۇنچە ھېچ كىشى ھەققىتىغە مۇلاھىزە قىلماغان جەھەتدىن بۇ ياشۇرۇن قالىپدۇر“. ئاندىن نەۋائى تەييارغا ئاشىق بىلىمسىز ياشلارنىڭ ھەدېسىلا ئىشنىڭ ئوڭيىنى كۆزلەپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا قىزىقىدىغانلىقى ۋە شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، ئۆز ئانا تىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ھەم كەڭ قوللىنىش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ شۇنداق دەيدۇ: ”ۋەفىلھەقىقەت، ئەگەر كىشى ياخشى مۇلاھىزە ۋە تەئەممۇل قىلسا، چۇ بۇ لەفزدە ۋۇسئەت (كەڭلىك) ۋە مەيداندا مۇنچە مۇسھەت (ئوچۇقلۇق) تاپىلۇر...“، ”تۈرك تىلىنىڭ جەمئىيەتى مۇنچە دەلائىل بىلە سابىت بولدى (شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاندى)، كېرەك ئەردىكىم، بۇ خەلق ئاراسىدىن پەيدا بولغان تەبئ ئەھلى (شائىر ۋە سەنئەت ئەھلى) سالاھىيىتى ۋە تەبئىلەرىنى (قابىلىيەت ۋە تالانتلىرىنى)، ئۆز تىللەرى تۇرغاچ، ئۆزگە تىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن زاھىر قىلماسا ئەردى ۋە ئەگەر ئىككىلەسى تىل (تۈركىي ۋە پارسى) بىلە ئايتۇر قابىلىيەتلەرى بولسا، ئۆز تىللەرى بىرلە كۆپرەك ئايتسالار ئەردى ۋە يەنە بىر تىل (پارسى) بىرلە ئازراق ئايتسالار ئەردى... تۈرك ئۇلۇسىنىڭ شۇ تەبىئلەرى مەجمۇئى سارت تىلى بىلە نەزم ئايتقايلەر ۋە تۈرك تىلى بىلە ئايتماغايلەر، بەلكى كۆپى ئايتا ئالماغايلەر...“.

ئـاخــىرىــدا، نەۋائى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:... بۇ سۆزلىرىمدىن دۈشمەنلەر بىلەن مۇخالىپلىرىم مېنى ئۆزىنىڭ تەبىئتى تۈركىي تىلغا مايىل بولغىنى ئۈچۈن، بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغە قىلغاي ۋە پارس تىلى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچ ئۇنى رەد قىلىشتىمۇ ھەددىن ئاشۇردى بولغاي دەپ گۇمان قىلمىغايلەر. ھالبۇكى، پارس تىلىنى تەتقىق قىلماق ۋە پارسىي سـۆزلـەردىن پايدىلانماق جەھەتىدە ھېچكىم تېخى مەنچە ئىش قىلغان ئەمەس؛ بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مەندىن ئارتۇقراق بىلمەس...

**4. «مەھبۇبۇل قۇلۇب»**

بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي، پەلسەپەۋىي ۋە ئەخلاقىي-تەئلىمىي قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بەدىئىي ئىجادىيىتىگە يەكۈن چىقارغان ئەسىرىدۇر.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا «كىتابنىڭ تارىخى زىكرىدە» دېيىلگەن رۇبائىيىدا يېزىلىشىچە:

بۇ نامەغەكىم لىسانىم ئۇلدى قايىل،
كىلكىم تىلى ھەر نەۋئ ئەل ئىشگە ناقىل.
تارىخى چۇ خوش لەفزىدىن ئۇلدى ھاسىل،
ھەركىم ئوقۇسا، ئىلاھا، ئۇلغاي خۇشدىل.

يەنى، ”خوش“ سۆزى ”ابجد“ (ئەبجەد) ھېسابى بويىچە ھىجرى 906-يىلى (مىلادى 1500 — 1501-يىلىغا) توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر نەسرىي نەزم ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئومۇمىي كىتاب بىر مۇقەددىمە ۋە ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

نەۋائىي «مۇقەددىمە»دە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر جەريانىنى (سىياسىي-ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي-ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى) تولۇق ئەسلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، مەقسىدىنى ئىزھار قىلىدۇ: ”بۇ مۇقەددىماتدىن مەقسەد بۇ كىم، ھەر كويدا يۈگۈرۈپمەن ۋە ئالەم ئەھلىدىن ھەر نەۋئى ئەلگە ئۆزۈمنى يەتكۈرۈپمەن، ياخشى-يامانىنىڭ ئەفئالىن بىلىپمەن ۋە يامان-ياخشى خىسلەتلەردىن تەجرىبە قىلىپمەن. خەير ۋە شەرلەردىن نوش ۋە نىش (شېرىن ۋە تىكەن) كۆكسۈمگە يېتىپدۇر ۋە لەئىم ۋە كەرىم (ناكەس ۋە كەرەملىك) زەخم ۋە مەرھەمىن كۆڭلۈم دەرك ئېتىپدۇر (پەملەپتۇ، سېزىپتۇ). زەمان ئەھلىدىن بەزى ئەسھاب (سۆھبەتداشلار) ۋە دەۋران خەيلىدىن بەزى ئەھباب (دوستلار)كى بۇ ھاللاردىن خەبەرسىز ۋە كۆڭۈللەرى بۇ خەير-شەردىن ئەسەرسىزدۇر. قىتئە:

نەبىلگەي ئول كىبى كىم شەھد مەينى ئاتمايدۇر
كى ۋەسل ھىجركىبى ئول چۇچۇكدۇرۇر بۇ ئاچچىغ؛
بىلۇر زەلىل مۇسافىركى پويە ئەيلەردە،
قۇمۇتوزاڭ يۇمشاغ، تاغۇ خارەدۇر قاتتىغ.

بۇ نەۋئى ئەسھاب ۋە ئەھبابقا ئىشتىباھ قىلماق (تەنبىھلىمەك) ۋە ئالارنى بۇ ھالەتدىن ئاگاھ قىلماق ۋاجىب كۆرۈندىكى، ھەر تايىپە خىسالىدىن ۋۇقۇفلەرى (خىسلەتلىرىدىن خەۋەردار) ۋە ھەر تەبەقە ئەھۋالىدىن شۇئۇرلەرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(چــۈشــۈنچىلىرى) بولغايكى، مۇناسىپ ئەل خىزمەتتە شتاب قىلغايلەر (ئــالــدىرىغاي) ۋە نامۇناسىپ ئەل سۆھبەتىدىن ئىجتىناپ (چەتلىنىش) ۋاجــىپ بىلگەيلەر. بارى ئەل بىلە مەخفى رازلاردىن (سىرلەردىن) سۆز دېمەگەيلەر ۋە شەياتىن، ئىنس (شەيتانلار ۋە ئىنسانلار) فىرىبىدىن بازى يىمەگەيلەر (ئالدانمىغاي) ۋە ھەر نەۋئى ئەل سۆھبەتى ۋە خۇسۇسىيەتىكى، ئالارغا ھەۋەس بولغاي، بۇ فەقىرنىڭ ئالارغە تەجرىبەسى بەس بولغاي، چۈن بۇ مەقالاتنىڭ قۇلۇبغە (كۆڭۈلگە) مەھبۇبلۇغى (سۆيۈملۈكلىكى) مەئلۇم بولدى. ئاڭا «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئات قويۇلدى ۋە بۇ بىتىلگەن فەۋايىدنىڭ (پايدىلارنىڭ) كەيفىيەتى چۈن بىلىندى، ئانى ئۈچ قىسىم قىلىندى".

«ئەۋۋەلقى قىسىم سايىرەن ناسنىڭ ئەھۋال ۋە ئەفئالىنىڭ كەيفىيەتى» — ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئەھۋال — ئەپئاللىرى خۇسۇسىدا، يەنى تۈرلۈك تەبەقىلەرنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا تۇتقان ئورۇنلىرى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ياكى زىيانلىق تەرەپلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىنغان. بۇ قىسىم قــىرىــق پــەســىــلــگــە بــۆلۈنگەن. پادىشاھلار، بەگ-ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، قوشۇن-ئەسكەرلەر، شەيخۇل ئىسلام، قازى-مۇفتىلار، مۇدەررىسلەر، تەبىبلەر، شائىرلار، كاتىپلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىماملار، قارىلار، ھاپىزلار، مۇزىكىچىلار، قــىسسەخانلار، ۋەزە-نەسىھەتچىلەر، ئاسترونوملار، تىجارەتچىلەر، كاسىبلار، دېھقانلار، يېتىملار ۋە غېرىبلار، گادايلار، قۇشچى ۋە ئوۋچىلار، خاتۇنلار، رىياكار شەيخلەر، خارابلار، دەرۋىشلەر توغرىسىدا سۆزلەنگەن.

«ئىككىنچى قىسىم ھەمىدە ئەفئال ۋە زەمىمە خىسال خاسىيەتى» — ياخشى پېئىللار ۋە يامان قىلىقلار توغرىسىدا، يەنى ئەخلاق ۋە تەلىم-تەربىيە مەسىلىلىرى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئون بابدىن ئىبارەت. بۇ بابلاردا، تــەۋبــە، زاھىدلىق، تەۋەككۇل قىلماق، قانائەت، سەۋرە، ئەدەب-ئەردەم، ئــىزاھلاش، تەۋەججۇھ (يۈزلەنمەك)، رازىلىق، ئىشق مەسىلىلىرى بايان

قىلىنغان.

«ئۈچىنچى قىسىم مۇتەفەررىقە فەۋائىد ۋە ئەمسال ۋە سورەتى» — «ھەرخىل پايدىلىق مەسەلىلەر ۋە ھال-ئەھۋاللار توغرىسىدا»، بۇ قىسىمدا كىچىك-كىچىك تەربىيىۋى ھېكايىلەر، نۇرغۇن ماقاللار، ھېكمەتلىك سۆزلەر بايان قىلىنغان. ئۈچ قىسىمدىن بەزى ئۆزۈندىلەرنى كەلتۈرىمىز.

بىرىنچى قىسىمدىن:

«تۆتىنچى فەسل، زالىم ۋە جاھىل ۋە فاسىق پادىشاھلار زىكرىدە»:

"ئـادىل پادىشاھ — كۆزگۇ ۋە بۇ (زالىم پادىشاھ) ئانىڭ ئۈچەسىدۇر (ئـارقـىـسىدۇر)، ئول (ئادىل پادىشاھ) — يارۇق سۈبھى، بۇ ئانىڭ كېچەسىدۇر. زۇلم ئانىڭ (زالىم پادىشاھنىڭ) كۆڭلىگە مەرغۇپ ۋە فىسق (بۇزۇقلۇق) ئانىڭ خاتىرىغە مەھبۇب... ئابادلار ئانىڭ زۇلمىدىن ۋەيرانە، كـەبـۇتەر تاقچەلەرى جۇغدغە ئاشيانە... ئەگەر قان تۆكمەك ئاڭا پېشە (ھۈنەر) كىم كى جانى بار ئاڭا ئەندىشە، ئۆز ناشايىستى (قاملاشمىغان ئىشى) ئۆز ئاللىدا خوب ۋە ئەل مەئقۇلى ئاڭا مەردۇد ۋە مەئيۇب (ناماقۇل ۋە ئەيىبلىك). خەتارايى ئوك كەلمەسە دەخلىسىزلەرگە شىركەت ۋە بەلكى نەقىزلەرگە (قارشى چىققۇچىلارغا) تۆھمەت... ھەيات سۈيىن ئاغۇ دېسە مۇسەللەم تۇتماغان (قايىل بولمىغان) گۇنەھكار ۋە قۇياش نۇرىن قارانغۇ دېـسـە تـەھسىن قىلماغان (ماختىمىغان) تىيرەروزگار (بېشىغا قارا كۈن چـۈشكەن)... بىر پەشىز (بىر پۇلغا ئەرزىمەيدىغان) قارا قۇزغۇننى ئاق تۇيغۇن دېسە قازنى ياخشى ئالۇر دېمەگەن مۇقەسسىر (ئەيىبدار)، يارۇق كـۈنـنـى تـىيرەتۈن دېسە سۇھا (ھۈلكەر) كۆرۈنەدۇر دېمەگەن مۇدبىر (بەختسىز)، چىن دەرئەلگە جان خەتەرى، خەيرغە دەلالەت قىلغۇچىغە ئۆلۈم زەرەرى... قـەتىل ئۈچۈن جان بەرمەك شىئارى، ئەل مالىۇجانىغە قەسد شـەھكارى (ھىيلە-مىكرىسى). بۇ يامان پادىشاھكى بولغاي ۋەزىرى ھەم

www.uyghurkitap.com

يامان، ئاتداقكى فىرئەۋن نەيابەتىدە (ئورۇنباسارلىقىدا) هامان... تەڭرى مۇنداق بەلالارنى ئەدەم جاھىدىن ۋۇجۇد تەختىگاھىغە كەلتۈرمەسۇن ۋە يوقلۇغ زىندانىدىن بارلىق شەھرىستانىغە يەتكۈرمەسۇن".

«ئـون تـۆرتـۈنچى فەسل. مۇدەررىسلەر زىكرىدە»: "مۇدەررىسنىڭ كىرەككى غەرەزى مەنسەب بولماسا ۋە بىلمەس ئىلمنى ئايتۇرغە مۇرتەكىب بولماسا (ئۇرۇنمىسا)، خۇدنەمالىغ (ماختانچاقلىق) ئۈچۈن دەرس ھەۋەسىن (دائىرىسىنى) تۈزمەسە ۋە خۇدستانلىق (بىلەرمەنلىك) ئۈچۈن تەكەللۇم ۋە غەۋغا كۆركۈزمەسە... قىلماس ئىشلارنى قىلماق ئاندىن مەئلۇم بولغاي ۋە قىلۇر ئىشلار تەركى ئاندىن قائىدە ۋە رۇسۇم بولغاي. بۇ مۇدەررىس ئەمەسدۇر كىم مۇبتەدىئدۇر (بىدئەتچىدۇر) ۋە مۇنداق كىشى سۆھبەتى ئىسلام ئەھلىدىن مۇمتەنىئدۇر (مەنئى قىلىنغان)".

«ئون ئالتىنچى فەسل. نەزم گۈلىستانىنىڭ خۇش نەغمە قۇشلارى زىكرىدە»: "ئول نىچە تەبەقەدۇر؛ ئەۋۋەلغى جەمائەت نۇقۇد كۇنۇز (نەخ خەزىنە) مەئرىفەت ئىلاھادىن غەنى ۋە خەلق تەئرىفىدىن مۇستەغنىدۇرلەر (ئېھتىياجسىز)، ئىشلەرى مەئانى خەزايىنىدىن جەۋھەر تەرمەك ۋە ئەل فەيزى ئۈچۈن ۋەزن سىلكىگە (تىزمىسىغا) نەزم بەرمەك. نەزم ئەداسى بىغايەت ئەرجۇمەند ۋە بىنەھايەت شەرىف ۋە دىلپىسەند... چۇن مەئەل قەسد ئەمەس ئەل ھۆرمەتى جەھەتىدىن ئانى شىئىر دىمەس... يەنە ئەدنا تەبەقەسى جـەمـائەتىدۇرلاركىم، نەزم فەقەت بىلە خۇشنۇدۇ خۇرسەند ۋە رازى ۋە بەھرەمەندۇرلەر ۋە يۈز مۇشەققەت بىلە بىر بەيتكىم باغلاشتۇرغايلەر، دەئۋا ئاۋازەسىن يەتتى فەلەكدىن ئاشۇرغايلەر. سۆزلەرىدە نەھەقايىق ۋە مەئارىف نوشىدىن ھالاۋەت ۋە نەزملەرىدە نەشەۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھەرارەت. نە شائىرانە تەركىبلىرى ئەھسەن ۋە نە ئاشىقانە سۆزۈدۇردلەرى شۆئلەئەفكەن (ئوت چاچقۇچى)، بەئزىدىن ئەگەر گاھى بىرەر ياخشى بەيت ۋاقىئ بولۇر

ئەمما ئۇن ئانچە يامان دەئۋا زاھىر بولۇركى ئۇل ھەم زايىئ بولۇر... گويا ئۆزلەرىگە ئەقىدە دە مۇۋافىقدۇرلەر ۋە سۆزلەرىگە ئىتىقاددا مۇتتەفىق".

«يــــگىرمى ئىككىنچى فەسل، مۇترىب ۋە مۇغەننى زىكرىدە» ـــ «ناخشـــچـى ۋە نــەغـمــچـىلەر توغرىسىدا»: "مۇترىب تەرب ئەفزا (خۇشاللاندۇرغۇچى) مۇغەننى غەمزۇدا (غەمنى كەتكۈزگۈچى)، ئىكەلىسىگە ھالۇدەرد ئەھلى جان قىلۇرلەر فىدا، ئۇلكى كۆرگۈزگەي مۇلايىم تەرانە ۋە نەغەم، ئەگەر ئىشتكۈچىنىڭ ھەياتى نەقدى ئاڭا فىدا بولسا نې غەم، كۆڭۈل قۇۋۋەتى خۇش نەۋازدىن، روھ قۇۋۋەتى خۇش ئاۋازدىن... ئاتەشىن يۈزلۈك مۇغەننىكى خۇلقىدىن مۇلايىم سۇرۇد چىقارغاي، ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن دۇد چىقارغاي..." نەۋائى بۇ يەردە ئەرغىنون، نەي، غىجەك، تــەنــبــۇر، چــەڭ، رابــاب، قوبۇز، قانۇن، چىغانە قاتارلىق چالغۇلارنىڭ خــۇســۇســـيەتلىرىنى تەئرىپلەيدۇ. ئاندىن ناخشچى ۋە نەغمچىلەرنىڭ مىجەز-پەيلى، ئىش-ھەرىكەتلىرىگە باھا بېرىدۇ: "ئەمما بۇ تائىفەنىڭ سايىرى ھەم (سەير ئەتكۈچىلىرىمۇ) ئەگەرچە تەرب ئايىن مىھنەتزۇدادۇرلەر ۋە لېكىن فىلھەقىقەت لەئىم سىيرەت (پەس خۇلقلىق) ۋە گەدادۇرلەر... ئەگەر يىللار بەھرى ئالىپدۇرلەر ئىھسانىڭدىن ئاشنالىغ بەرمەي ئۆتەرلەر. يانىڭدىن ئاز ئالسالەر ناسىپاس (شۈكرى قىلماس) كۆپ ئالسالەر ھەق ناشىناس (ھەق لايــىق كۆرمەس). ئەكسەرى فاسىق ۋە بەدخۇي ۋە قالغانى كەج تەبئ دۇرۇشــتــگــوي (مىجەزى قىيىق ۋە سۆزى قوپال). ھەرەكەتلەرى خارىج (يېقىمسىز) تۈزۈكسىز سازلارىدەك ۋە كەلىماتلارى (سۆزلىرى) ھەشۇ (تولا، ئارتۇقچە) مەھەلسىز نازلارىدەك، مۇغەننى ۋەفاسىز كىنىگىر ھەياسىز (شەرمۇ ھاياسىز)، ئەگەر يىللار رىئايەت قىلىپسەن غەمخانەدۇر، بىر قاتلەكى نېمە بەرمەدىڭ بىگانەدۇر... سەۋت ۋە نەغەم بىلە ئەۋامغە راھزەنىدۇر (قاراقچىدۇر) تەبل (ناغرا) ۋە ئەلەم بىلە. مەسنەۋى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىگە بولماسۇن بۇ فىتنە دۇچار،
كى ئۇتىدىن نەجاتى تەيرى ئۇچار.

يانسا قونماققا تەبل ئۇرار ھەردەم،
كىم ئۇشۇل قۇشقە كۆپرەك ئۇلغاي رەم.“

«ئوتتۇز بىرىنچى فەسل. دېھقانلىقلار زىكرىدە» : ”دېھقانكى دانە ساچار، يەرنى يارماق بىلە رىزق يولىن ئاچار... قوشى ئىككى ھەم زور پەھلىۋان. يۈكىگە بويۇن سۇنۇپ ئاللىدا رەۋان... ئالەم مەئمۇرلىغى ئالاردىن، ئالەم ئەھلى مەسرۇرلىغى (خۇشاللىقى) ئالاردىن، ھەرقايان قىلسالەر ھەرىكەت، ئەلگە ھەم قۇۋۋەت يەتكۇرۇر بەرىكەت“. بۇ يەردە، چاشقان، قۇرت، قۇش، چۆل ۋەھشىلىرى، چۇمۇلە، كەپتەر، تورغايلارنىڭ تەييارتاپلىقى، ئوراقچى، باشاقچى، گاداي، مۇساپىر، ناۋاي، پەقىرلەر، زاھىد-سوپىلار دېھقاندىن مەنپەئەتدار بولىدىغانلىقى، پادىشاھنىڭ خەزىنىسى تويۇنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن دېھقانىنىڭ باغۋەنچىلىكى تەرىپلىنىدۇ: ”باشى جەننەتدىن نەمۇدار (جەننەتتەك كۆرۈنىدۇ) فالىزىدا (پەلەزلىرىدە) روھ قۇۋۋەتى پەيدادار (پەيدا بولىدۇ).“

«ئوتتۇز بەشىنچى فەسل. كەدخۇدالىغ سىفەتى ۋە خاتۇنلار زىكرىدە» : ”مۇۋافىق تۇشسە كەدبانۇ (ئۆي كىشىسى، ئايال) دەۋلەت ۋە جەمئىيەتقە بولماقدۇرۇر ھەمزانۇ (قولداش)، ئۆيىنىڭ ئارايىشى (زىننىتى) ئاندىن ۋە ئۆيلۈكنىڭ ئاسايىشى (راھىتى) ئاندىن، جەمالى بولسا كۆڭۈلگە مەرغۇب ۋە سەلاھى (تۈزۈك) بولسا جانغا مەتلۇب، ئاقىلە بولسا روزگارغا ئاندىن ئىنتىزام ۋە مەئاش ئەسبابىغا ئاندىن تەرتىب ۋە سەرەنجام، بۇ نەۋئى جۇفت كىشىگە قاۋۇشسا بەلكى مۇنداق كامگارلىق (بەختىيارلىق) ئىلىككە تۇشسە

نىھانى غەم ۋە مىھنەتدە ھەمراز (يوشۇرۇن غەم ۋە مىھنەتتە سىرداش) ۋە ھەمدەمىڭ بولغاي، مەخفى ۋە نىھان دەردۇ مۇشەققەتتە دەمساز (ھەمدەرد) مەھرەمىڭ بولغاي، روزگاردىن ھەر جەفا يەتسە ئەنىسىڭ (يېقىنىڭ) ئول ۋە چــەرخى دەۋۋار (پەلەك-تەقدىر)دىن ھەر ئىبتىلا (دۇچارلىق) كەلسە جەلىسىڭ (ئۈلپىتىڭ) ئول... ئەمما نەئۇزۇبىللاھ، ناساز (نالايىق) جۇفت ئەۋگە مۇھلىك (ئۆلتۈرگۈچى) مەرەزدۇر، ئاشكار ۋە نۇھۇفت سەلتە (ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن شالالاق) بولسا، كۆڭۈل ئاندىن رەنجە ۋە قەبىھە (قەبىھ-يامان) بولسا روھغە ئاندىن شىكەنجە (قىيناق)، يامان تىللىك بولسا ئابۇشقە كۆڭلى ئاندىن يارالىغ، يامان ئىشلىك (قىلىقلىق) بولسا ئەرگە ئاندىن يۈز قارالىغ ... بۇ تەفاۋۇت (پەرقلىق) ئۈچ قىسمدۇر: بىرى ئەۋامدۇر ( ئادەتتىكىلىرى). بىرى خاسدۇر. بىرى خاسۇلخاسدۇر. ئەۋاملارى بەھايىم ۋە سىباڭ مانەند (چار پاي ۋە يىرتقۇچلارغا ئوخشاش). ئىچمەك-يېمەك ۋە ئۇيقۇغە خۇرسەند. تائەتلەرى زىبۇ ئارايىش، ئىبادەتلەرى زىننەتۇ نەمايىش... خاسلارى ئىبلىس شــىئــار ۋە دىــۋە ئايىن، شىۋەلەرى مىكىر ۋە پىشەلەرى كىن... ئەمما خاسۇلخاسلارى، بۇلارغا ئەكس مۇتلەق ھەقگوي ۋە ھەقشۇناس ۋە تىللەرىدە ھەق ۋە كۆڭۈللەرىدە داغى ھەق... ئىففەت باشلارىدا مۇقەننەڭ (چۇمبەت) ۋە ئىسمەت (پاكلىق) ھىيلەسىدىن يۈزلەرىدە بۇرقەڭ (نىقاب)".

«ئوتتۇز توققۇزىنچى فەسل. خەرابات ئەھلى زىكرىدە» — «مەيخانە كىشىلىرى ھەققىدە»: "رىندخەراباتى (بىپەرۋا ۋەيرانىلەر) كى مەي ئىچمەك بىلە ئۆتەر ئەۋقاتى... دەيرىدە (مەيخانىدە) ھەرقايان كى بەزمى كۆرۈپ، سەبۇكەشلىك ۋەسىلەسى (مەي قۇيغۇچى بانىسى) بىلە ئۆزىنى يەتكۈرۈپ، نامۇس دەستارىن باشىدىن ئالىپ، بىر جۇرئە (ياماق) ئۈچۈن مەيفۇرۇش ئاياغىغە سالىپ... ياقاسى مەيخارە شوخلار ئىلكىدىن چاك، كۆڭلى ھەم ئالار ئىشقى تىغىدىن ھەلاك... دەيرىدە مەي گەدالىغىغە ئەشغالى، ئىلكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەيخانەنىڭ سىنۇق سەفالى، رەسۋالىق كويىدا ئاياغى-باشى ھەم، بەدمەستلەر دەستى بەردىدىن (سوغۇق قولىدىن) ماڭلايى زەخملىق قاشى ھەم... زامان نـەۋايىدىن (سادالىرىدىن) كۆڭلى غەمسىز، فەلەك ھەۋادىسىدىن خاتىرى ئەلەمسىز... زەمان ياخشى-يامانى بىلە ئىشى يوق، كى ئالەمدە مۇنداق كىشى يوق.”.

ئىككىنچى قىسمىدىن:

«ئالتىنچى باب. تەۋازۇئ ۋە ئەدەب زىكرىدە» — «كەمتەرلىك ۋە ئەدەب توغرىسىدا» : ”تەۋازۇئ خەلقنى كىشى مۇھەببەتىغە شىفتە قىلۇر (ئىرىشتۇرۇر) ۋە ئۇلۇسنى فائىلى مەۋەددەتىغە فىرىفتە قىلۇر (ئەل-ئۇلۇسنى دوستلۇققىغە مـەپـتۇن قىلۇر). دوستلۇغ گۈلشەنىدە نەزارەت گۈللەرى ئاچار ۋە ئول گۈلشەندىن ئەنىسى ۋە ئۇلفەت بەزمىدە تۈرلۈك گۈللەر ساچار. مۇتەكەببىر دۇشمەنغە مۇلايىمەت سارى يول كۆر گۆزلەر ۋە مۇئەججىب خەسم (رەقىب) خـاتـىرىغە ئىنسانىيەت زەۋقىن ئولتۇرغۇزۇر. تەكرارى ھەياسىز مۇددەئىنى (دەۋاگەرنى) ئۇيات سەرھەددىغە باشقارۇر ۋە تەئدادى (ھەددىن ئاشقان) ئىنسافسىز ئەدۇۋۋنى (دۇشمەننى) يامانلىغىدىن ئۆتكەرۇر... ئەدەب كىچىك ياشلىغلارنى ئۇلۇغلار دۇئاسىغە سەزاۋار ئىتەر ۋە ئول دۇئا بەركەتى بىلە ئۆمۈردىن بەرخۇردار (بەھرى ئالغۇچى). كىچىكلەر مىھرىن ئۇلۇغلار كۆڭلىگە سالۇر ۋە ئول مۇھەببەت كۆڭۈلدە مۇئەببەد (ئەبەدى) قالۇر. ئۇششاغلارنى كۆزگە ئۇلۇق قىلۇر، ئەتۋارىدىن خەلق ئۇلۇق بىلۇر... مۇھەببەتقە زىبۇ پىرايە (زىننەت-بىزەك) ئەدەبدىن بىتەر ۋە مەۋەددەتقە رەۋنەق ۋە بەھا ئەدەب تەركىدىن كىتەر. ئەدەب ۋە تەۋازۇئ دوستلۇغ كۆزگۈسىگە جىلا بىرۇر ۋە ئىككى جانىبدىن يارۇغلۇق يەتكۈرۇر... بەيت:

ئەقلۇ ھىكمەت ئىشى دۇر بىلە مەئاشۇ ئايىن،

قايدا تاپقاي مۇنى ھەرنەفسپەرەستۇ خۇدبىن.

ھېكايەت، ئەخبار راۋىلارى ۋە ئاسار ھاۋىلارى مۇنداق رەۋايەت قىلىپدۇرلاركىم، بىر ئاۋ ھەنگامەسى غەۋغاسىدا ۋە چاپماقۇ ئاتماق ئاراسىدا، خىسرەۋ پەرۋىزنىڭ سەرئەفرازلىق تاجىدىن گەۋھەر ئابدار ۋە دۇررى شەھۋار ئۈزۈلۈپ يەرگە تۈشتى ۋە ئاۋ ئىشتىغالىدىن ئاڭا ھىچ كىشىگە خەبەر بولمادى. ئاۋدىن مەدىنىغە (شەھەرگە) قايتتىلەر. چۇن ئول ئىشنى بىلدىلەر، خەلايىقنى مۇنادى بىلە چىقاردىلەر ۋە ئول گەۋھەرى نايابنى تىلەي باردىلەر. چۇن ئول زىب تاج مۆلۈك خىراجى ئەردى (ئۇ تاجنىڭ زىننىتى مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كېلەتتى)، تاپقانغا كۆپ نىمە ۋە كىرامەند سىلە (قىممەتلىك ئىنئام) ۋەئدە بولدى. خەلق ئول بايابانىدا گەۋھەر جويىدا (ئىزدەش) ۋە سىلە ئاررۇسى گۇفت كويىدا، ئىتتىفاقا ئىككى ھەمراھ — بىرى غافىل ۋە بىرى ئاگاھ، غافىل جەھل يۈزىدىن خۇدپىسەند (مەنمەنچى) ئاگاھ تەۋازۇئ ۋە ئەدەب زىبۋەرىدىن (يارىشىقىدىن) ئەرجۇمەند (قەدىرلىك). بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر (تەلەيسىز) جەھانگەرد ۋە بىرىنىڭ ئاتى مۇقبىل (تەلەيلىك) جۇۋانمەرد. ئول بايابان داغى يولغا ئازىم ۋە شەھەر سارى بارۇغە جازىم. پويەنەما ۋە دەشتى بىيما ئەردىلەر (قورقۇنۇچلۇق چۆلدە چاپسان يۈگۈرۈشكەنىدى). چۇن دۇر تەلەب ئەلگە ياۋۇشتىلەر، ئول خەلقنى باشلاپ چىققان كىشىگە يولۇقۇشتىلەر. مۇدبىر تەكەببۇر بىلەن ئاڭا باقماي ئۆتتى. مۇقبىل ئىنسانىيەت تەرىقىن ئىلگەرى تۇتتى؛ ئول سالارغا (باشلىققا) ئەدەب ۋە تەۋازۇئ بىلەن باش ئىندۇردى؛ ئاياغى ئاستىدا گەۋھەر خود تۈشكەن ئەرمىش كۆرۈپ ئالىپ ئول سالارغا تۇتابەردى، ئول مەۋئۇد (ۋەدە قىلىنغان) سىلەنىڭ ۋەكىلى ئەردى. مۇقبىلنىڭ ئىلكىن تۇتۇپ شەھەرغە قايتتى ۋە ئۆتكەن ھالەتنى خىسرەۋ قاشىدا شەرھ بىلە ئايتتى. خىسرەۋ خوشھال ۋە

www.uyghurkitap.com

مۇنبەست بولدى (چىرايى ئېچىلدى) ۋە ئانىڭ ئۆزىنى دېگەندىن ئارتۇق ئېھسان بىلە قولدى. مۇدبىر تەكەببۇر نەتىجەسىدىن شەھەر گۈلخەنىدە مەقام تۇتۇپ، مۇقبىل ئەدەب ۋە تەۋازۇئ فايدەسىدىن گەۋھەر مەقسۇد تاپىپ شاھ گۈلشەنىدە ئارام تاپتى. بەيت:

مۇتەكەببىر كىبزىبان شەھەردە خارۇ مەردۇد.
مۇتەۋازۇئنى غەنى ئەيلەدى دۇررى مەقسۇد.

ئۈچىنچى قىسىمدىن:

”تەنبىھە... ھېچكىم ئۆز كۆڭلىغە غەم تىلەمەس ۋە ئۆز نەفسىغە ئەلەم ئىستەمەس... ئالەم ياخشىلىغىنى كىشى ئۆزىدىن دەرىغ تۇتماس (ئايىماس) ئەمما ئۆزگە كىشىگە ياۋۇتماس... ھەر بىشەۋەرغەكىم ھۈنەرى تەئرىفىدە مۇبالىغە ۋاقىئدۇر. ئول تەئرىف فىلھەقىقەت ئۆز نەفسىغە راجىئدۇر (تېگىشلىكدۇر)...

كۆپ دېگەن كۆپ ياڭىلۇر، كۆپ يېگەن كۆپ يىقىلۇر، قالىب ئەمرازىنىڭ مادەسى (قېلىپ بوشاتقۇچى يەنى ئۆلۈم كېسەللىكلىرىنى تۇغقۇچى) كۆپ يېمەكدۇر ۋە قەلب ئەمرازىنىڭ مادەسى كۆپ دېمەكدۇر...

ئىنسانىيەت باغىنىڭ دىلپىسەندراق شەجەرى ئېھساندۇر ۋە ئادەمىيلىق كانىنىڭ ئەرجۇمەندراق گەۋھەرى ھەم ئېھساندۇر.

ئەمما بۇ زەمانۇ دەۋراندا يا زەمان دەۋران،ئىنقىلاب ۋە قۇسۇرىدىن، يا دەۋرانۇ زەمان ئەھلى خىرەد (ئېقىل ئەھلى) ۋە ئىنسانىيەت فۇتۇرىدىن (ۋەيرانلىقىدىن).

ھەركىمگە بىر خىزمەت قىلدىڭ ئۇن شىددەتغە مۇھەييا (زەرىبگە تەييار) تۇرماق كېرەك ۋە ھەر كىشىگە بىر مۇلايىمەت كۆرگۈزدۈڭ مىڭ غىلزەت

ۋە كۇدۇرەتغە سەلا ئۇرماق (قوپاللىق ۋە غەشلىكنى چاقىرماق) كېرەك...

جانىڭنى دوستلۇغلارىدا بەرمەسەڭ دۇشمەن جانىڭ ئېرۇرلەر. خاتىرلەرى ئۈچۈن ناھەق قانغا رازى بولماساڭ قانىڭغا تانۇغلۇق بېرۇرلەر. دائىم تىلەگەنلەرىدەك قىلغانغا بىر قەتلە تەئخىر قىلسا شىكايەت ۋە تەشنىئلەرى (دوقلىرى) شايىئ، مەدام ئىستەگەنلەرىدەك قىلغانغە بىر نەۋبەت تەقسىر قىلسا ئۆمرۈڭدە قىلغانلار بارى زايىئ...

سەخاۋەتسىز كىشى ياغىنسىز ئەبرى بەھار (باھار بۇلۇتى) ۋە رايىھەسىز (پۇراقسىز) مۇشكى تاتار. مېۋەسىز يىغاچ هامانۇ ئوتۇن هامان. ياغىنسىز بۇلۇت هامانۇ تۇتۇن هامان... ئادەمى بەدەندۇر ھىممەت ئاڭا روھ ۋە ھىممەت ئەھلىدىن ئالەمدە يۈز مىڭ فۇتۇھ (غەلىبە)... ئىسراف سەخا ئەمەس، ئىتلافنى (سورۇۋېتىشنى) مەئنى ئەھلى سەخا دېمەس...

جەھان گۈلشەنى ۋەفا گۈلىدىن زىننەتسىزدۇر ۋە بەشەرىيەت گۈلى ۋەفارايىھەسىدىن نەكھەتسىزدۇر (خۇشبۇيسىزدۇر). ۋەفا شەئىدۇركىم دەھر تىبىرە خاكدانىن (يەر يۈزىنى) يارۇتمايدۇر ۋە زەمان بىۋەفالارى كۆڭلى بىلە ئۇلفەت تۇتمايدۇر.

كەرەم ۋە مۇرۇۋۋەت ئاتا ۋە ئانا دۇرلەر. ۋەفا ۋە ھەيا ئىككى ھەمزاد (قېرىنداش) فەرزەند، ھەرنېچە ئول ئىككەۋگە نۇر بىلە سەفادۇر بۇ ئىككەۋگە ئىنسال بىلە پەيۋەند (بەتلەنگەن ئوق-باشاق)...... ۋەفاسىزدە ھەيا يوق، ھەياسىزدە ۋەفا يوق ۋە ھەركىمدە بۇ ئىككى يوق ئىمان يوق ۋە ھەر كىمدە ئىمان يوق ئاندىن ئادەمىيلىق كەلمەك ئىمكان يوق، بەيت:

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفاكىم يۈز جەفاسىن كۆرمەدىم،
كۆرگۈزۈپ يۈز مېھر مىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمەدىم.

www.uyghurkitap.com

... مەزلۇمغە بەخشايىش كۆرگۈزكى زالىمدىن ئاسايىش كۆرگەيسەن. زىردەستلەرگە (قول تۆۋەنلەرگە) نەپ يەتكۈر، ئەگەر تىلەسەڭكى زىر-دەستلەردىن زەرەر كۆرمەگەيسەن.

دەرد ئەھلىنىڭ نەفسى بىر ئوتدۇركىم قاتتىق كۆڭۈلنى يۇمشاتۇر ۋە قۇرۇغ كۆزنى يىغلاتۇر. سۆز ئەھلىنىڭ دەمى بىر يەلدۇركىم ئەنانىيەت (مەنمەنلىك) خاشاكىن ساۋۇرۇر ۋە غەزەبىيەت تۇفراغىن سۇپۇرۇر...

ۋەلى نىئمەتغە (باققۇچىغا) ئەيب رەۋا كۆرگۈچى قۇل پىرىغە مۇرتەد مۇرىددۇر ۋە ئاتاسىغا هارامزادە ئوغۇل...

ھەركىمكى بىراۋ بىلەن ياردۇر ياكى يارلىق دەئۋىسىدە باردۇر، كىرەككىم ئۆزىگە رەۋا تۇتماغاننى يارىغا رەۋا تۇتماسا، كۆپ نىمە ئۆزىگە ھەم رەۋا تۇتسا ئاڭا تۇتماسا...

كۆڭۈل بەدەن مۈلكىنىڭ پادىشاھىدۇر، ئاڭا سەھەت مۇڭا ھەم سەھەت، ئاڭا تەباھى (بۇزۇق، يەنى ئۇ بۇزۇلسا) مۇڭا ھەم تەباھىدۇر...

يامانلارغا لۇتفۇ كەرەم-ياخشىلارغا مۇجىب (سەۋەبچى) زەرەرۇ ئەلەم، مۇشۇككە رىئايەت كەبۇتەرگە ئافەتدۇر...

ھەر دىشۋار ئىشكى مال سەرف ئەتمەك بىلە مۇيەسسەردۇر، قىلماساڭ جانغا خەتەردۇر...

نادان پەندىدە غەلەت مۇقەررەردۇر، دۇشمەن نەسىھەتىدە فىرىب مۇتەسەۋۋۇردۇر...

ھەر كۆڭۈلكى تىل سىنانىدىن (نەيزەسىدىن) جەراھەتدۇر ھەم يۇمشاغ سۆز ۋە شىرىن تىل ئاڭا مەرھەم ۋە راھەتدۇر...

تىلگە ئىختىيارسىز ئەلگە ئېتىبارسىز... يامان تىللىك ئانداقكىم، ئەل كۆڭلىگە جەراھەت يەتكۈرۈر، ئۆز باشىغا ھەم ئافەت يەتكۈرۈر... مەكرۇھىكى، ھىرزەسى (بىھۇدە سۆزى) تەۋىل (ئۇزۇن) ۋە ئاۋازى كەرىھەدۇر (يېقىمسىز)

ئۆزى ئول سەۋتى (ئۈنى) بىلە قۇربەقەغە شەبىھەدۇر (ئوخشايدۇر)... تىل مۇنچە شەرەف بىلە نۇتقنىڭ ئالەتىدۇر ۋە ھەم نۇتقدۇركى ئەگەر ناپسەند زاھىر بولسا تىلنىڭ ئافەتىدۇر...

يالغاننى چىندەك ئايتقۇچى سۇخەنۋەر، كۈمۈشنى ئالتۇن بىلە روكەش قىلغۇچى (قاپلىغۇچى) زەرگەر...

بىراۋكىم يالغان سۆزنى بىراۋگە باغلاغاي، ئۆزىنىڭ قارا بولغان يۈزىنى باغلاغاي...

ئـولـكى سۆزنى بىر-بىرىدىن يەنە بىر-بىرىگە يەتكۈرگەي، ئەلنىڭ ئـۆتـكەن گۇناھىنى ئۆز بويىنغا ئىندۈرگەي... سۆز تەرگۈچىنىڭ ئەگەر كىچىكى ۋە ئۇلۇغى، بىلكى ئېرۇرلەر تۇمۇغ ئوتىنىڭ تۇترۇغى.

... سەلاتىن (سۇلتانلار) دەرگاھىدىن يىراق ۋە خەۋاقىن (خاقانلار) بەزمگاھىدىن قىراق (چەتلەشمەك)...

ئىشتا ئاشۇقماق ياش ئوغلان ئىشىدۇر، سەبىر بىلە ئىش قىلغۇچى تەجرىبەلىغ ئۇلۇغ ياشلىغ كىشى ئىشىدۇر.

[مەي توغرىسىدا تەنبىھ] ئاشكار ۋە كۆپ ئىچمەكى ناساز، شەرتى مـەخـفـى ئـىـچـمـەكـدۇر ۋە ئـاز... ئـاقـسـۇم ئـۇسرۇكلاردىن (راسا مەس-ئەلەسلەردىن) خارىج تەرانە، تەلبە ئىتلار ئولاشقاندىن نىشانە.

ئەر كىشى كۆپ ياسانسا بىۋە بولغاي، بۇ سىفەت زەئافاغا (ئاياللارغا) شىۋە بولغاي (ئوخشاپ قالغاي)، بەيت:

ئەر كىشىگە زىبۇ زىننەت ھىكمەتۇ دانىشدۇرۇر،
ياخشى كىيمەك بىرلە خاتۇنلارغا ئارايىشدۇرۇر.

ئىلىم ئوقۇپ ئەمەل قىلماغان كارىز قازىپ توخم (ئۇرۇق) سالماغانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشار، يا توخم سالىپ مەھسۇلىدىن بەھر ئالماغانغا...
سەيىيادىنىڭ بالىقىغا شەست (قارماق) سالماغى نەفس مۇددەئاسى ئۇچۇندۇر ۋە بالىقىنىڭ ھەم قارماققا گىرىفتار بولماغى جوۋ (ئاچلىق) بەلاسى ئۇچۇن.
قابىلىغا تەربىيەت قىلماق زۇلمدۇر ۋە ناقابىلغا تەربىيەت ھەيف (ئەتتەڭ).
ھەزلغە شۇرۇئدىن (كىرىشىپ كېتىشىدىن) بىھۆرمەتلىغ ئوق ئارتار ۋە ھەزلىنىڭ نەھايەتى (ئېشىپ كېتىشى) جىدەلغە تارتار...
ئەسكى چاپان بىلە فارىغ تۇفراغدا ئولتۇرماق ياخشىراقكىم زەربەفت خەفتان (زەرباپ-ئېسىل تون) كىيىپ بىراۋ ئالىدا تۇرماق...
يىگىتلىك ئۆمۈر گۈلشەنىنىڭ بەھارىدۇر ۋە ھەيات شەبىستانىنىڭ نەھارى (قاراڭغۇلۇقىنىڭ كۈندۈزى)... ئىنسانىنىڭ زىبۇ رەئنالىغى ئاندىن ۋە بەشەرنىڭ تابۇ تەۋانالىغى (قەدرى-قۇدرەتلىكى) ئاندىن... شەباب مەيىنىڭ مەخمۇرلۇغى (مەستلىكى) قەرىلىق ۋە يىگىتلىك سىھھەتىنىڭ رەنجۇرلۇقى قەرىلىق، شەيخۇخەت ئەييامى (قېرىلىق كۈنلىرى) نىشات (شادلىق) ئەھلىن ناشاد قىلۇركىم ئادەمى قەددىن خەم قىلىپ (پۈكۈلدۈرۈپ) ئۆمۈر بىلە خەير باد قىلۇر (خوشلاشتۇرۇر).
ھېكمەتلىك سۆزلەردىن:
دەردلىغ كۆڭۈل شۆئلەلىغ چىراغ، ياشلىغ كۆز سۇلۇق بۇلاغ.
سۇنىڭ مەزەسى مۇزبىلە، ئاشنىڭ مەزەسى تۇز بىلە، ئادەم ياخشىلىغى سۆز بىلە.
سىھھەت تىلەسەڭ كۆپ يىمە، ئىززەت تىلەسەڭ كۆپ دىمە.
بىبباك (ھېيىقماس) ھەمدەملىققە ياراماس، ناپاك مەھرەملىققە ياراماس، ياسانچاق مەردانە بولماس، كۆپەلەك پەرۋانە بولماس.

فاسىقدىن ھەيا تىلەمە، زالىمدىن ۋەپا تىلەمە.

ئىشقىسىز كېسەك، دەردسىز ئېشەك.

ياخشى بول يا يامان، ئىككىسى بولۇرمەن دېگەن ھامان يامان.

ھامان يامان بىلە ياخشى ئاراسىدا كۆپ پەرقدۇر، ئىككى كېمەنىڭ ئۇچىن تۇتقان غەرقدۇر.

سەيدزادە (باشلىق ياكى پەيغەمبەر ئەۋلادى) كىم لولىگە ئۆيتكەنگەي (دورىغاي) مايمۇنبازلىق ۋە دېدەكتەرلاشلىقدىن ئۆزگە نە ئۆرگەنگەي. ياماندىن ياخشىلىق كۆز تۇتماق فاسىد (بۇزۇق) خەيالدۇر، ئىتدىن كىيىككە ۋە مۈشۈكدىن كەبۇتەرگە شەفقەت مەھالدۇر.

دۇشمەن ۋە مۇخالىفنى دوست دېمە، ئۆزۈڭگە بازى بەرمە ۋە بازى يېمە (ئۆزۈڭنى ئالدىما ۋە ئالدانما).

ئادەم بىلەن شەيتان مۇخالىفەتىن ئۇنۇتما، ئاتا دۇشمەنىن ئۆزۈڭگە دوست تۇتما.

چىن سۆزنى يالغانغا چۇلغاما، چىن ئايتا ئالۇر تىلنى يالغانغا بۇلغاما.

ئاقىل چىندىن ئۆزگە دېمەس، ئەمما بارچە چىننى ھەم دېمەك ئاقىل ئىشى ئەمەس، ۋەلې بارى ھەم چىن دېگۈلۈك ئەمەس، كىشى چىن سۆز دېسە زىيادۇرۇر، نېچە مۇختەسەر بولسا ئۇلادۇرۇر.

خاتىمەدە:

سۇدىن ئاسراغۇلۇقدۇر تۇفراق ۋە بالچىق ئۆيىن، ئوتدىن ئاسراغۇلۇقدۇر يىغاچ ۋە قامىش ئۆيىن، يەلدىن ئاسراغۇلۇقدۇر بۆز ئۆيىن، تۇفراغدىن ئاسراغۇلۇقدۇر كۆز ئۆيىن، جەمئ ماسىۋاللادىن (باشقا نەرسىلەردىن) ئاسراغۇلۇقدۇر كۆڭۈل ئۆيىن.".

## 5. «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد»

بۇ — ئەلشىر نەۋائىنىڭ تەزكىرە ئۇسلۇبىغا كىرىدىغان ئەسەرلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

بىرى. پەھلىۋان مۇھەممەد ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قىرىق يىللىق ھەمسۆھبەت دوستى بولۇپ، پەھلىۋانلىقتا تەڭدىشى يوق كۈشتىگىر (چېلىشچى) ئاتالغان بۇ زات، شېئىرىيەتتە، بولۇپمۇ مۇئەممما ئىلمىدە، مۇزىكا سەنئىتىدە، ھەتتا تىبابەتتىمۇ يېتىشكەن تالانت ئىگىسى ئىدى. نەۋائىي بۇ دوستىنى «مەجالىسۇن نەفائىس»نىڭ تۆتىنچى مەجلىسىدە تونۇشتۇرغان 73 زاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تەرىپلىگەن. بۇ زات نەۋائىنىڭ يېزىشىچە، مەخدۇم (جامى) دىن بىر يىل كېيىن، يەنى ھىجرى 899- يىلى (مىلادى 1493-يىلى) ۋاپات قىلغان. پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ تەرجىمھالى ۋە قابىلىيەت-پەزىلەتلىرى توغرىسىدا نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

"پەھلىۋاننىڭ نەسەبىدە سەيادەت (سەييدلىق — پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىدىن) شەرەفى بار. ئەمما چۈن تاغايىسى پەھلەۋان ئەبۇسەئىدكىم، زەماننىڭ پەھلەۋان ۋە مۇسەللەم كۈشتىگىرى ئەركەندۇر... باۋۇجۇدۇ ئۇلكى، ئۆز فەندەكى، كۈشتى بولغايكىم، شۆھرەتى ئول ئىسمى بىلەدۇر... چۈن قابىلىيەتى بەلەند تۈشكەندۇر ۋە مۇلايەمەتى تەبئى بارچە فۇنۇنغا (فەنلەرگە) مۇناسىب ۋە بەھرەمەند ۋاقىئ بولغاندۇر... ئول جۈملەدىن ئەدۋار ۋە مۇسىقى ئىلمىدۇركىم (كومپوزىتورلۇق ۋە مۇزىكاشۇناسلىق) چۈن لەھجەسى ۋە ھۆسنى سەۋتى (چىرايلىق ئاۋازى) خوپ ئىكەندۇر ۋە ئۇسۇلى مەزبۇت ۋە ھەرەكاتى ۋە سەكاناتى (يۈرۈش-تۇرۇشى) مەرغۇب... دىلكەش نەقشلەر ۋە ئەمەللەر (ناخشا ۋە كۈيلەر) ۋە دىلپىسەند قەۋللەر (گەپ-سۆزلەر) ۋە غەزەللەر تەسنىف قىلۇر ئەردى ۋە خوپ ئايتۇر ئەردى. ئانداقكى ئىشتكەن خاسۇ ئەۋام خۇشھال بولماقتا بىئختىيار ۋە ئۆزگەنمەكتە بىقەرار ئەردىلەر.

ئول ئەسىرنىڭ بۇ فەندە ماھىرلەرى مىسالى: ئۇستاز مۇھەممەد خارەزمى ۋە مەۋلانا نوئمان ۋە مەۋلانا ساھىب بەلخى ۋە شەيخ سافىي سەمەرقەندى ۋە خوجا يۇسۇف ئەندىجانىيدەك كىشىلەرنىڭ تەسنىفاتى مۇقابىلەسىدە

ئىشلەر (كۈي-ئاھاڭ) ياساپدۇر؛ ۋە نەقش ۋە سۇفىي ۋە ئەمەل ۋە قەۋل ۋە يىر چارزەبلەردەك ۋە چۇن ئۆزى ئالەرنىڭ كۆپىدىن ھەم خۇشگويراق ۋە ھەم خۇشخان ئەرمىش. ئىشلەرنىڭ شۆھرەتى كۆپرەك ۋاقىئ بولۇر ئەرمىش... مەشھۇر ئەمەللەردىن بىرى چھارگاھ ئەمەلىدۇر... يەنە سىگاھ ئەمەلىدۇركىم... بابىر ئاتىغا باغلاپتۇركىم، ئول داغى بەغايەت مۇئەسسىر ۋە خۇشايەندە ئىشدۇر...

ۋە شىئىر ۋە مۇئەمما بابىدا ئىلمى ۋە ئەمەلىيىسىدە پەھلىۋان ساھىب ۋۇقۇف (خەۋەردار) ۋە جەلد (چاققان) ئەردى. ئول نەۋئكىم، زەمان شۇئەراسىنىڭ يۈزىدىن بىرىگە ئانچە شۇئۇر (پەملەش) ۋە ۋۇقۇف يوقتۇر ۋە ئەكسەر نەزم ئەھلى ھەر نەۋئ شىئىر ئايتسالەر ئەردى، پەھلەۋان نەزەرىغە يەتكۈرۈرلەر ئەردى ۋە ئانىڭ ئىسلاھ ۋە تەغيىر ۋە تەبدىلىن (ئۆزگەرتىشى ۋە ئالماشتۇرۇشىنى) قەبۇل قىلۇر ئەردىلەر ۋە ئۆزىنىڭ داغى شىئىر ۋە مۇئەمما فەنىدە تەبئى مۇلايىم ئەردى... جەمىئكى مۇئەمما ئايتۇرلەر بەسى زەخمەت بىلەبىر بەيتدىن يا بىر رۇبائىيدىن بىر ئىسىم ھاسىل قىلۇرلەر... ۋە ياخشى رۇبائىيلەرى بار... ۋە مۇلايىم قىتئەلەرى ھەم بار... دەغى ياخشى سۆز مەسنەۋىيسى ھەم باركى، نەزم ئەھلىنىڭ مۇتەئەييىنلەرىغە (مەلۇم-بەلگىلىكلەرگە) ئول نەۋئ ئەبيات ۋاقىئ بولمايدۇر...

يەنە سەنايى ۋە ئەرۇز (شىئىرىي سەنئەت ۋە ئەرۇز ۋەزنى) قافىيەسىدە ھەم كۆپ ساھىب ۋۇقۇف ئەردى. دەغى قىرائەت ئىلمىن ھەم ياخشى بىلۇر ئەردى ۋە خوب مەخرەج ۋە تەجۋىد بىلە قۇرئان ئوقۇر ئەردى...

يەنە نۇجۇم ۋە ھىكمەتكە (ئاسترونومىيە ۋە پەلسەپىگە) مۇلايەمەتى بار ئەردى...

(تىبابەت ساھەسىدىمۇ ئۆز زەمانىدا تەڭدىشى يوق تەبىبلەر بىلەن سۆھبەتداش ھەم مەسلىھەتچى بولۇش بىلەن بىللە، پەھلىۋانىڭ ئۆزىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋالايىتى)...

كەچىراقلىق ۋە كۈندۈزلۈك يىگىرمە تۆرت سائەتتە پەھلەۋاننىڭ تەكىيەسىدە، خاھ سەفەردە، خاھ ھەزەردە (تۇرالغۇدا) تەبىخ ئىشتىلاغىلىدىن (بىرەر مەشغۇلاتتىن) فەراغەت يوق ئەردى. ئانداقكى، بۇ نېئمەت ۋە ئەغزىيەدىن (ئەلۋەك غىزالاردىن) فۇقرا ۋە مەساكىن، مۇقىم ۋە مۇسافىر مەھزۇز ئەردىلەر (بەھرىمەن ئىدى). ئەغنىيا (بايلار) ۋە ئەھلى تەمكىن (سۆلەتلىكلەر)، ئازادەلەر ۋە شاھزادەلەر، ئەكابىر ۋە ئەشرەف (كاتتىلار ۋە شەرەف ئىگىلىرى) ھەم بەھرىمەند ئەردىلەر...... بارچە سادات (سەيىدلەر) ۋە مەشايىخ ۋە ئۇلەما ۋە فۇقەرانىڭ مەھبۇبۇل قۇلۇبى ئەردى ۋە پادىشاھ ئىشىكىدە ئەركانى دەۋلەتدىن ئالىيشان بەگلەر ۋە ئالىيمەكان ئىچكىلەر ۋە سۇدۇر (دىنىي باشلىقلار) ۋە سايىر خەلايىققە پەھلەۋاننىڭ سۆھبەتى نەۋرۇز ۋە بەيرەمچە بار ئەردى... سۇلتاننىڭ... بارچە مەجلىس ۋە مەھفىلدە (بەزمىدە) پەھلەۋان ھازىر ئەردى ۋە سۆھبەتىنىڭ خۇشلۇغىغە بائىس ئەردى. ۋە شېئىر ۋە مۇئەمما ۋە مۇسىقىيكى، سۆھبەتىنىڭ مۇجىبى نىشات ۋە ئىنبىساتىدۇر (خۇشلۇق ۋە يايراشنىڭ سەۋەبچىسىدۇر)...

قىرىق يىلغا يېقىن بۇ فەقىر بىلە مۇساھىبى جانىي ۋە مەھرەمى رازى نىھانىي ئەردى (ناھايىتى يېقىن — جان دوست ۋە سىرداش ئىدى). فەلاكەت ئەييامىدىن زاھىر يۇزىدىن تەئەييۇن ۋە ئىستىتائەت زەمانىغىچە (نەۋائىنىڭ پەلاكەت باسقان كۈنلىرىدىن تارتىپ تاكى شۆھرەت-قۇدرەت تاپقان زامانىغىچە) كۆپرەك ئەۋقات بىلە ئىكەندۇر.. بىز ئىكەۋدىن ئىكەۋ ھەر كويدا يۈگۈرگەن، ئۆزنى ھەر ئەھلى دىل شەرەفى مۇلازەمەتىگە يېتۈرگەن، ئانىڭ رىفقۇ مۇ ۋافەقەتىن (دوستلۇقى ۋە ئۇيتۇقلىرىنى) نە تىل بىلە تەقرىر قىلا ئالغايمەن ۋە قەلەم تەھرىرى بىلە بەيان قىلا ئالغايمەن...

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زەمانىدەكىم، خوراسان ئەھلى سەمەرقەند

ئەھلىغە ئەسىر ئەردىلەر ۋە ھەرنەۋئ زۇلىم ۋە تەئەددىكى، ئالاردىن ۋاقتئ بولسا، بـۇ ئـەسـىـرلـەر مـۇتىئ ۋە فەرمانپەزىر (ئىتائەت قىلغۇچى ۋە بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى)، بۇ فەقىرنى ئەينى ئىفلاس ۋە فەلاكەت ۋە سەرنەۋىش ۋە رەنجۇرىش (بىتەلەيلىك ۋە كىسەللىك) مەشھەد سارى تارتىپ ئېلىتتى ۋە ئاندا يەتكەندىن سوڭرە، مەفاسىل مەرەزى (ئۇگە ئاغرىقى) تارى بولۇپ، بىر گوشەدە (بىر بۇلۇڭدا) يىقىلدىم. ئىتتىفاقا، پەھلەۋان خىزمەتلەرى ھەم ئۇل ئەييامدا مەشھەددە ئەردى، بۇ فەقىرنىڭ ھالىدىن خەبەر تاپقاندىن سوڭرە، ھەر كۈن قەدەم رەنجە قىلىپ، ئۇلچە قائىدەئى شەفقەت ۋە يارلىغ ۋە تەرنىقى مۇھەببەت ۋە غەمخارلىق بەقا كەلتۈرۈر ئەردىلەر! ئانغەچەكى مەرەز دەفئ بـولدى... پەھلەۋان مېھرىبانلىق ۋە شەفقەت يۈزىدىن ھەر كۈن ئىيادەتىمغە (يوقلاپ) كېلۇر ئەردى... قەزارا، بىر كۈنكىم، سەھەرى فەقىر بۇ شېئىرنى ئايتىپ ئەردىكىم، مەتلەئى بۇ دۇركىم:

ھەر قايان باقسام يۈزۈمگە ئۇل قۇياشدىن نۇر ئېرۇر،
ھەر سارى قىلسام نەزەر ئۇل ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.

ۋە بۇ شېئىر يەتتى بەيت ئەردى ۋە مۇسەۋۋىدە قىلىپ جەيبەمگە (كـۆچـۈرۈلـمىگەن پېتى يانچۇغۇمغا) سالىپ ئەردىم ۋە ھەنۇز كىشىگە ئوقۇمايدۇر ئەردىم ۋە كۆرسەتمەيدۇر ئەردىم.

پەھلەۋان... دېدى:

ــــ سەۋالىمىز بۇدۇركى، تۈركىگوي شۇئەرادىن ئۇلچە شېئىرلار روزگار سەفھەسىدە سەبتدۇر، قايسى قايسى ياخشىراق ئايتىپدۇرلەر؟ ۋە سىنىڭ ئەقىدەڭ ئانىڭ ياخشى ئايتماقىغا بارۇر، سەن بىگەنۇرسەن (يارىتارسەن)؟

فەقىر دېدىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بارچە ياخشى ئايتىپدۇرلەر، مەن بىگەنۇرمەن.
پەھلەۋان دېدى:
— سەن تەكەللۇف ۋە كەسرى نەفسنى (كەمتەرلىكنى) قوي. ۋاقىئە يۈزىدىن (رېئاللىقتىن) سۆز ئايتكى، بۇكى بارىنى بىگەنۇرمەن دەرسەن، بارچە خۇد بىردەك ئەمەس، ئەلبەتتە تەفاۋۇت بار.
فەقىر ئايتتىمكىم:
— مەۋلانا لۇتفى ھالا مۇسەللەمدۇرلەر (ھەممە قايىل بولارلىق) ۋە بۇ قەۋمنىڭ ئۇستادى ۋە مەلىكۇل-كەلامىدۇر...
پەھلەۋان... يۇقارى بىتگەن بەيتنى ئوقۇدىكىم، فەقىر بۇ سەھەر ئايتىپ ئەردىم، چۇن مەتلەئىنى ئوقۇدى، ئۆزگە ئەبياتنى ھەم مۇتەئاقىب (كـەيـنـى-كـەيـنـدىن) بايان قىلدى ۋە تەخەللۇسكىم بۇ نەۋئ ۋاقىئ بولۇپتۇركىم:

گەر نەۋائى سىيمبەرلەر ۋەسلىن ئىستەپ كۆرسە رەنج،
يوق ئەجەب، نەۋچۇنكى خام ئەتكەن كىشى رەنجۇر ئېرۇر.

زەرۇرەت يۈزىدىن سوردۇم:
— بۇ شېئىرنى قاچان ياد قىلىپ تۇتۇپ ئەردىڭ؟
دېدىكىم:
— ئون ئىككى يىل بولغايكى، بابىر مىرزانىڭ مەجلىسىدە بۇ شېئىر ئۆتەر ئەردى، ماڭا بەغايەت خۇش كەلدى، بىتىپ ئالىپ، ياد تۇتتۇم.
... بەيەكبارە پەھلەۋاننىڭ ئۇششاقلارىدىن (باللىرىدىن) بىرى بۇ فەقىر قاشىغە ئىزتىراب بىلە يۈگۈرۈپ كەلدىكى، پەھلەۋانغا بىۋاستە غەشى ۋاقــىئ بــولــۇپتۇر (ئۆزىدىن كېتىش) ۋە ھۇشى زايىل بولۇپ، بىخۇد

يىقىلىپدۇر. سىزگە خەۋەر قىلدۇقكى تېپىپ يۈبەرگەيسىز. فەقىر فىلھال مەۋلانا ئابدۇلھەيي بىلە مەۋالانا نۇرىددىنكىم — ھازىر ئەردىلەر — تەئجىل بىلە (ئالدىراش) يۈبەردىم. ئالەر يەتكۈنچە پەھلەۋان خۇد ئۆزگە ئالەم ئەزىمەتىگە ئاياق ئۇرغان ئېكەندۇر.

پەھلىۋان نىئمەتئابادقا دەفنە قىلىنغان.“

* * * * *

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەزكىرەشۇناسلىققا دائىر مۇھىم ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» بولۇپ، ئۇستازىم دەپ قاتتىق ھۆرمەتلەيدىغان مۇتەپەككۇر شائىر ئابدۇراھمان جامىغا بېغىشلانغان. نەۋائىنىڭ يېزىشىچە: ”چۇن بۇ رىسالە خەيالغا كەلدى، بىناسىن (ئاساسىنى) بىر مۇقەددىمە ۋە ئۈچ مەقالە ۋە بىر خاتىمەغە قويۇلدى ۋە بۇ بەش دەفئە سۆزگە كىم، ئۇقۇغۇچىلارغا كۆپ مۇجىبى تەھەييۇر ئەردى — «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» تەسمىيە قىلىندى“ («ھەيرانىلەر خەمسەسى»).

”مۇقەددىمە، ئالەرنىڭ نەسەبلەرى ۋە ۋىلادەتلەرى (تۇغۇلغانلىقى) ۋە ساير ئەۋقاتلەرىنىڭ سۇلۇكى (ۋە باشقا ۋاقىتلاردا تۇتقان يولى) ۋە بۇ فەقىر ئالەر خىزمەتلەرىگە قاچان مۇشەررەف بولغانىم:

ئەۋۋەلگى مەقالەت، ئالەر بىلە بۇ فەقىر ئاراسىدا ئۆتكەن ئىتتىفاقىي ئۇمۇر ۋە غەراباتلىق (غارايىبلىق) سۆزلەركىم، ئاندىن ئالەرنىڭ بۇ فەقىرغە خۇسۇسىيەت ۋە ئىلتىفاتلىرى مەلۇم بولۇر؛

ئىككىنچى مەقالەت، ئالەر بىلە بۇ فەقىر ئاراسىدا بىتىلگەن رۇقئەلەر (خەتلەر) بابىدا كىم، ھالا ئالەرنىڭ كۇللىياتىدا (ئومۇمىي توپلىمىدا) مەزكۇردۇرۇر ۋە مۇنشەئاتلەرىدە (خەت-چەكلەر توپلىمىدا) مەستۇركىم، فەقىر

www.uyghurkitap.com

جەۋاب بىتىپمەن يا ئەكس.

ئـۈچـىـنـچـى مەقالەت. كۆتۈب ۋە رەسائىل بابىداكىم، ئالەرنىڭ مۇسەننىفاتىدۇر ۋە بۇ فەقىر ئالەرنىڭ تەئلىفىگە بائىس ۋە تەسنىفىگە سەبەب بولۇپمەن ۋە بۇ مەئنى ھەمۇل كۆتۈبنىڭ كۆپرەگىدە زاھىردۇر؛

خاتىمە. ئول كۆتۈب ۋە رەسائىل بابىدا كىم، بۇ فەقىر ئالەر خىزمەتىدە تەئلىم ۋە ئىستىفادە يۈزىدىن ئوقۇپمەن ۋە ئالەرنىڭ ھەياتلەرىنىڭ ئاخىرىنىڭ تارىخى ۋە ئول ھالات كەيفىياتى.»

*　　*　　*　　*　　*

ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرى توغرىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «ئۈمىدىم ئولدۇركى ۋە خەيالىمغە ئانداق كېلۇركى، سۆزۈم مەرتەبەسى ئەۋجىدىن قۇيى ئىنمەگەي (تۆۋەنگە چۈشمىگەي) ۋە بۇ يازغان ئەسەرلەرىمنىڭ تەنتەنەسى ئەلا دەرەجىدىن ئۆزگە يەرنى ياقتۇرماغاي.»

شۇنداق، نەۋائىنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى جاھانغا تـونۇلدى. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت-ئەدەبىيات خەزىنىسىدە تۆردىن ئورۇن ئالدى.

# ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلى

ئــەلــشىر نەۋائى — XV ئەسىردە، ئەدەبىيات بىغىدا يېتىشتۈرگەن پــاســاھــەتلىك، بەدىئىي ئەسەرلىرى ۋە مەرپەت كانىدىن قازغان بىلىم گــۆھــەرلــىرى بــىــلەن، تۈركىي تىلدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنى جاھان سەۋىيىسىگە كۆتەرگەن مۇمتاز ئەدىب ۋە يېتۈك تىلشۇناس.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) «بابۇرنامە» ئەسىرىدە، نەۋائىغا مۇنداق باھا بەرگەن: ”ئەلشىر بەك تېڭى يوق كىشى ئىدى، تۈركىي تىل بىلەن تا شېئىر ئايتىپدۇرلەر، ھېچكىم ئانچە كۆپ ۋە خوب ئايتقان ئەمەس“. نەۋائىنىڭ ساۋاقدىشى — پادىشاھ ھۇسەين بايقارامۇ: ”قابىلىيەتىنىڭ يىلتىزىنى ئىبتىدائىي بىر دەرىجىدىن ئەۋجى بەلايە قەدەر (ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگىچە) يۈكسەلدۇرگەن ۋە ھەقىقىي مۇزەللەتىنى (ئەڭ تۆۋەن لىياقىتىنى) ئەفلاكىنىڭ كەنارەسىگە كۆتەرگەن“ دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. نەۋائى بىلەن زامانداش، مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراھمان جامى «بەھارىستان» ئەسىرىدە، ھەكىم شاھ سەمەرقەندىمۇ «مەجالىسۇن نــەفــائىــس» تــەرجــىمىسىنىڭ ئىلاۋىسىدە، نەۋائىنىڭ تۈركىي تىلدىكى ئــەدەبــىــيــاتــىــنى راۋاجــلانــدۇرۇشــتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى مەدھىيىلىگەن.

نەۋائى بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ غەزەل شەكلىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئۆز زامانىسىدا داستان ئىجادىيىتىدە رەسىم بولۇپ

قالغان «خەمسە» شەكلىنى بەدىئىي-غايىۋى جەھەتتىن يۇكسەلدۈرگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەدەبىياتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، پەلسەپە-مەنتىق جەھەتلىرىدە نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈنلا مۇتەپەككۇر ئەدىب بولۇپ قالماستىن، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى شۇكى، نەۋائى ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىشنى پائال تەشەببۇس قىلغان، گۈزەل-پاساھەتلىك ۋە يېتۈك-بالاغەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۈلگە كۆرسەتكەن ئىجادكار بولغىنى ئۈچۈن، XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىياسىدا "تۈركىي تىل" ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ سىيماسىغا ئايلانغان. رۇس تۈركولوگلىرىدىن ئا.ك. بوروۋكوف بۇ ھەقتە نەۋائىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە باھا بېرىپ يازغان مۇنۇ قىتئەسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن:

مەن ئۇل مەنكى تۈرك بېدادىدۇر [1]،
بۇ تىل بىرلە تا نەزم بۇنيادىدۇر [2].
فەلەك كۆرمەدى مەن كەبى نادىرى،
نىزامى كەبى نەزم ئارا قادىرى.

ئەلىشىر نەۋائى مەنىلەر خەزىنىلىرىنى يورۇققا چىقىرىشتا مىڭ جاپالارنى چېكىپ ئىجاد ئەتكەن نەزم-نەسىرلىرىگە ئۇل بولغان تىل — "تۈركىي تىل" ئىكەنلىكىنى مەزكۇر قىتئەسىدە ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، بۇ تىلنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك ئاتىلىشى "چاغاتاي تىلى" دەپ «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزنلەر مىزانى») دېگەن ئەسىرىدە ئېنىق يازغان: "ئەجەم شۇئەراسى ۋە فۇرس فۇسەھاسى ھەرقايىسى ئۇسلۇبىدەكىم، سۆز ئەرۇسىگە جىلۋە ۋە

① بېدادى — جاپاكەش.
② بۇنيادى — ئۇل، ئاساس.

نەمايىش بىرىپ ئەردىلەر، تۈرك تىلى بىلە قەلەم سۈردۈم ۋە ھەرنېچۈك قائىدەدەكىم، مەئنى ئەبكارىغە زىبىنەت ۋە ئارايىش كىرگۈزۈپ ئەردىلەر، چەغەتاي لەفزى بىلە رەقەم ئۇردۇم".

"تۈرك تىلى" ياكى "چاغاتاي تىلى"دا سۆزلىشىدىغان تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا نەۋائى "كى تۈرك قەۋملەرى جوجىدۇر، ئىينەك ۋە چەغەتايى" دەپ "جوجى ئۇلۇسى" بىلەن "چاغاتاي ئۇلۇسى" تەۋەسىدىكى خەلقلەرنى كۆرسەتكەن. ئەلائۇددىن جۇۋەينى «تارىخ جەھانكۇشاي» ئەسىرىنىڭ «چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن Ⅳ بابىدا، چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىننى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلغاندا، "قايالىغ ①ۋە خارەزم ئۆلكىلىرىدىن ساقسىن②ۋە بۇلغار چېگرىسىغىچە سوزۇلغان ياقتىكى تاتارنىڭ ئات تۇۋاقلىرى يەتكەن يەرلەرنى چوڭ ئوغلى جوجىغا ئىنئام قىلدى. چاغاتايغا سويۇرغىغان زېمىنلەر ئۇيغۇرىيەدىن تارتىپ سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە بولۇپ، ئۇنىڭ تۇراقلىق يېرى ئالمالىق تەۋەسىدىكى قوياس ئىدى" دەپ قەيت قىلغان.

موڭغۇل دەۋرىدە، تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە، تاكى سىر دەريا ۋادىسىدىن ۋە خارەزمدىن ئىدىل ۋادىسىغىچە ھەم قىرىمغىچە پۈتۈن "دەشتى قىفچاق" ("قىپچاق سەھراسى")نىڭ كۆچمەنچى ئاھالىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، "توغماق" دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە جوجى ئۇلۇسىدا، شەرقتىن كەلگەن تۈركىي ۋە موڭغۇل قەۋملىرى ئومۇمەن "تاتار" دەپ ئاتىلاتتى؛ قىپچاق دالىسىدا ئۇلارغا تەۋە بولغان كۆچمەنچى قەۋملەر "قىفچاق" دەپ ئاتىلاتتى. ئاندىن، بۇ ئىككىسىنى — "تاتار" بىلەن "قىفچاق"نى قوشۇپ "توغماق" دەپ ئاتىغان. ئالتىن (جىن) سۇلالىسىنىڭ شىگدىك 4-يىلى (مىلادى 1220-يىلى) غەربىي شىمال

---

① قايالىغ — (ھازىرقى قاپال) يەتتەسۇ ۋادىسىنىڭ شىمالىدا.
② ساقسىن — ئىدىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىيارلىرىغا ئەلچىلىككە بارغان سۇن جۇڭدۇەننىڭ خاتىرىسىدە، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان كەڭ دالىدا، مۇكسى-مۇقرى، قىرغىز، نايمان، قانقلى، ئۇيغۇر، توغماق، قارلۇق قەۋملىرى ياشايدىغانلىقى يېزىلغان.

قاراكىدانلار ۋە موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈشلىرى ئارقىسىدا، بالدۇر سىر دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئوغۇز-قىفچاقلارنىڭ بىر قىسمى غەربىي جەنۇبىي تەرەپكە سۈرۈلگەن. ئەسلىدە قىفچاقلارنىڭ تولىسى تىن (دون)، ئىدىل (ۋولگا)، يايىق (ئورال) دەريالىرىنىڭ ئارىسىدا ماكانلاشقانىدى؛ قانقلىلار تۈركمەنلەر بىلەن بىللە تۇراتتى (يەتتە سۇنىڭ غەربىدە). بۇلارنىڭ ئورنىنى شەرقتىن كەلگەن قەۋملەر ئىگىلىدى، قىفچاق دالىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار 9-ئەسىردىلا ئىرتىش بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى؛ يەنە بىر قىسمى بۆگۈخاننىڭ 8-ئەسىردە غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرىدە، سىر دەريا بويىدا قالغان ئۇيغۇرلار ئىدى. مەسىلەن، يەتتەسۇ ۋە بالقاش ھەم سىر دەريا بويلىرىدا داڭقى چىققان ئۆكتۈلمىش ۋە ئوغلى جانى بەگ "ئۇيغۇر قەۋمىدىن" ئىدى. جانى بەگنىڭ «سەرگۈزەشتلىرى»دە مۇنداق يېزىلغان: "ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئۆكتۈلمىش ئوغلى جانى بەگ دەيدۇركىم... 591-يىلى (مىلادى 1194-يىلى) بارس يىلىنىڭ خەيرلىك سەفەر ئايىنىڭ بەشىنچى — چارشەنبە كۈنى، ئون بەش يېشىمدا، بارچە موڭغۇللار قاغانى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكىرى بولدۇم... مەن كۆپ يىللار چىڭگىزخان ھەم ئوغۇللىرى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلى ئەزگۈخان (باتۇخان) بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، سوقۇش قىلغانلىقىمدىن، بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى يازماق بولدۇم".

موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە، جوڭغارىيە، ئىلى، تالاس، چۇ، يەتتە سۇ ھەم ئىسسىق كۆل ۋە قەشقەرىيە رايونلىرىدىن يەنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۇيغۇر، باسمىل، چىگىل، قارلۇق، ئارغۇ، توقسى قەۋملىرىدىن بىر بۆلۈكى يەنە غەربىي قىسمىغا تاكى خارەزم رايونىغىچە

كۆچتى. بۇ كۆچۈش ئۇيغۇر قاغانلىقى، قاراخانىلار ۋە قاراكىدانىلار زامانلىرىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆچۈش ئىدى. تۈركولوگ ھېرمان ۋامبېرىنىڭ دېيىشىچە: ”ئوتتۇرا ئاسىيادا، موڭغۇللار ئىستىلاسى ئاقىۋىتىدە قەۋملەرنىڭ ھاياتى ئۆزگەردى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممە جايلىرىدا، تۈركىي ئەللەر تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار بۇ يەرگە موڭغۇللارنىڭ ئىستىپاقچىلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بولۇپ كەلدى. جەيھۇن ساھىلىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەمقەبىلىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنى — ئىلگىرىكى زامانلاردا كېلىپ ئورۇنلاشقان تۈركىيلەرنى تاپتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ يەرلەرگە ئاسان جايلاشتى“. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جوجى ئۇلۇسىدا ياشايدىغان قەۋملەر قېتىش-قويۇش بولۇپ كەتتى. ھەتتا، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرى بولغان خارەزم ۋە ماۋەرائۇننەھردە بالدۇر ياشىغان ۋە ئىرانىيلارغا يېقىن قەۋملەردىن بىرمۇنچىسى تۈركلەشتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، بۇ جايلاردىكى بىرمۇنچە تۈركىي قەۋملەر تاجىكلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا، سەمەرقەند، بۇخارا ئاھالىسى ”ئىككى تىللىق“ بولۇپ قالغانىدى. ماۋەرائۇننەھر چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بارلاس، دوغلات، جالايىر، ئارلات ۋە قاۋچىن قەبىلىلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بېرىلگەنىدى. بۇلار ئۇ يەردە تۈركلەشتى. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى تۈركىي بولغان تاشكەنت، خوقەند، قارشى (نەسەف)، كەش، جىزاق، مەرغىلان قاتارلىق شەھەرلەردە ئارىلاش ياشايدىغان تاجىكلار تامامەن تۈركلەشكەن. بۇنداق ئېتنىك ئۆزگىرىشلەر تەبىئىي يوسۇندا تىلغا تەسىر قىلاتتى. بۇ قەۋملەرنىڭ دىئالېكتلىرىدىن بىرەرسى بىر پۈتۈن ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەكچى دىئالېكت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

## 1. نەۋائىدىن ئىلگىرىكى تىل مۇھىتى

جوجى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسلىرىدا ياشىغان قەۋملەر تىل جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغقان قەۋملەر، يەنى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان قەۋملەر ئىدى. تىل جەھەتتىن بىر-بىرىگە تەسىرى ئۆتتۈشۈپ تۇراتتى.

ئەسلىدە، 10 ـــ 11-ئەسىرلەردە، شەرقتە قوچۇ-قەشقەرىيىلەردە باشلانغان تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىي-ئىلمىي ئىجادىيەت ھەرىكەتلىرى غەربكە يېيىلىشقا باشلىغان؛ 12-ئەسىردە سەيھۇن بويلىرى ۋە خارەزم رايونىغىچە كېڭەيگەن ۋە بۇ رايونلاردىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى قايتا تىكلىشىگە تۈرتكە بولغان. تۈركىي ئەدەبىي تىل بۇ رايونلاردا تۆرمۆشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە سىڭىپ بىرىۋاتقان ئەرەبچە-پارسچىگە مۇقابىل سۈرەتتە مەدەنىيەت تىلى سۈپىتىدە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە، ئەسلى توپ-ئاساسى بىر بولغان "ئىدىقۇت تىلى" بىلەن "خاقانىيە تىلى" تېخىمۇ بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا زونىسىدا "ئورتاق ئەدەبىي تىل" بولۇپ قالغان. تۈركولوگلارنىڭ تەھقىقلىشىچە، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسلىق ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئايغى يەتكەن يەرلەرگە ئۆز تىل-يېزىقىنى بىللە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئېلىپبەسى ئومۇملاشقانغا قەدەر، تۈركىي قەۋملەر ئارا ئورتاق يېزىقلىق رولىنى ئوينىدى؛ موڭغۇل دەۋرىدە تاكى ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدىمۇ سەلتەنەت ھۆججەتلىرى ۋە تۈركىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىقى ئىدى. ھېرمان ۋامبېرىنىڭ يېزىشىچە: "خارەزمشاھلار، سالجۇقىلار گەرچە مەنشەت جەھەتتىن تۈركىي بولسىمۇ، ئۇلار غەربىي ئىسلام-ئىران مەدەنىيىتىگە مۇخلىس ئىدى. تۈركىي خەلقنىڭ راۋاجى ئۇچۇن ناھايىتى ئاز ئىش قىلغانىدى. تۆمۈر دەۋرىدە، مەملىكەتنىڭ رەسمىي تىلى ھەر ۋاقىت تۈركچە بولدى. ھەتتا موغۇل-ئۇيغۇر يېزىقى ـــ مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بەك يامان كۆرۈلگىنىگە قارىماي ـــ

مۇھاپىزەت قىلىندى". دېمەك، ۋامبېرى توغرا خۇلاسە چىقارغان. تۆمۈر دەۋرىدە بەگلەرگە ۋە قوشۇنغا چىقىرىلىدىغان بۇيرۇقلار ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈركىي تىلدا يېزىلاتتى. بارچە چوڭ ۋەقەلەر ۋە سەپەرلەر توغرىسىدىكى لايىھەلەر ئاۋۋال ئۇيغۇر باخشىلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلەتتى؛ ئاندىن، موللاملار پارسچىغە تەرجىمە قىلاتتى. چاغاتاي خانلىرىمۇ موڭغۇلچە ئەمەس، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئەرەب سەيياھلىرىدىن ئىبنى بەتۇتە بايان قىلغان. مەسىلەن، چاغاتاي خانلىرىدىن تارماشىر ئۆزنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا تۈركىي تىلدا خىتاب قىلغان ۋە بامداتتىن كۈن چىققىچە ئۇنىڭ بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن، كېيىنكى خانمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىگەن.

تۈركولوگلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 12 — 14-ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت تىلى سۈپىتىدە قەۋملەر ئارا قوللىنىلغان ئەدەبىي تىلنى "خاقانىيە تىلىنىڭ داۋامى" ياكى "قەشقەر تۈركچىسى" دەپ ئاتاشتى. بەزى تۈركولوگلار "ئورتاق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى" ياكى "چاغاتايچىنىڭ ئىلگىرىكىسى" دېگەن نامنىمۇ بېرىشتى. بۇ ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرمۇنچە ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئەنە شۇ تىلدا ۋۇجۇدقا كەلدى.

تەخمىنەن 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى») مۇئەللىپى ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى، بۇ ئەسەرنىڭ B نۇسخىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق قۇرمۇقۇر پاراللېل كۆچۈرۈلگەن نۇسخا)نىڭ ئاخىرىدا، ئارسلان خوجا تارخاننىڭ «ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە» يازغان شېئىرى ئىلاۋە قىلىنغان:

«تەمامى ئېرۇر كاشغەرى تىل بىلە،
ئايتمىش ئەدىب رىققەتى دىل بىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،
بىلۇر ئول ئەدىبىنىڭ نەكىم ئايمىشى».

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى بولغان «دىۋانى ھېكمەت» — سەيھۇن (سىر دەريا) بويىدا يەسە شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرى 562-يىلى (مىلادى 1166-يىلى) ۋاپات قىلغان خوجا ئەھمەد يەسەۋى كىتابى. بۇ ئەسەردە، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەسەۋۋۇپ غايىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاممىۋى شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئاددىي خەلق ئۇگاي چۈشىنىدىغان ئاممىباب ۋە يەڭگىل تىل بىلەن بايان قىلىنغان. تۈركولوگ م.فۇئاد كۆپرۈلۈ: ”ئەھمەد يەسەۋىنىڭ لەھجىسى «قۇتادغۇبىلىك» لەھجىسىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان، يەنى ئەدەبىي ’خاقانىيە تۈركچىسى‘ دەپ سانىلىدۇ“ دەيدۇ.

ئەبۇلقاسىم مەھمۇد بىنىنى ئۆمەر زەمەھشەرى (1074 — 1134) تىلغا ئالىنت يازغان «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب» دىگەن كىتابىنى تۈركولوگلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» كىتابىدىن كېيىن، تۈركىي تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن مۇھىم كىتاب، دەپ يۇقىرى باھالىغان؛ بۇ كىتابنىڭ ئەڭ كونا نۇسخىسى (روسىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان نۇسخا) ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما، بۇ كىتابتا، تۈركىي تىلىنىڭ خارەزم ۋە جەنۇبىي شىۋىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئۆچىنچى خەلىپىسى ۋە ”باقىرغانى“ دەپ تونۇلغان سۇلايمان ئاتانىڭ «باقىرغانى كىتابى» ، «ئاخىر زامان كىتابى» ۋە «مەريەم كىتابى» ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىگە ئەينەن تەقلىت قىلىنغان.

شەمسەددىن مۇھەممەد بىننى قەيس تۈزگەن ۋە جەلالىددىن خارەزمشاھ نامىغا بېغىشلانغان «تىبيانۇل لۇغاتىت تۈركىي ئەلا لىسانىل قاڭلى» («قاڭلى شىۋىسى بويىچە تۈركىي تىللار نىگىزى») — بۇ لۇغەت كىتابى خارەزم ئاھالىسىدىن بولغان قاڭلى شىۋىسىنى ئاساس قىلغان "خارەزم تۈركچىسى"نىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇرھانىددىن ئوغلى ناسىرىددىن رابغۇزى ئەسىرى — «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى»)، تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان بۇ كىتاب ھىجرى 710-يىلى (مىلادى 1310-يىلى) يېزىلغان. تۈركولوگلارنىڭ پىكرىچە، بۇ كىتاب "خاقانىيە تىلى" بىلەن "چاغاتاي تىلى"نى باغلايدىغان مۇكەممەل زەنجىرلىك رولىنى ئۆتىگەن.

رابغۇزى ئەسىرىنىڭ تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان تىلدا، تەخمىنەن 12 — 13-ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن ۋە مۇئەللىپلىرى ياكى تەرجىمانلىرى نامەلۇم بولغان تەفسىر، فىقھە ۋە قۇرئان تەرجىمىلىرى ئومۇمەن تىل ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدا ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان رۇس تۈركولوگلىرىدىن ئا.ك. بوروۋكوف « XII - XIII ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تەفسىرى لېكسىكىسى»نى تۈزگەن.

"خارەزم تۈركچىسى" توغرىسىدا سۆز قىستۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. تۈركولوگلارنىڭ پىكرىچە، بالدۇر تالاس ۋە ئىسسىق كۆل ئارىسىدىكى رايوندا ياشىغان ۋە كېيىن خارەزمگە كۆچكەن قانقلى (قاڭلى) قەبىلىسى بىر مەزگىل خارەزمدە خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى؛ "قەشقەر ئەدەبىي تىلى"نىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە، ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىفچاق ۋە قانقلى شىۋىلىرىدىن تەركىب تاپقان "خارەزم تىلى" شەكىللەندى. بەزى تۈركولوگلار بۇ تىلنى "ئورتاق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى"نىڭ "خارەزم شىۋىسى" دەپ ئاتىدى؛ ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە "خارەزمچە تۈرك تىلى"

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتىلىدۇ. بىرقانچە قەۋم-قەبىلە جايلاشقان خارەزمدە يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى شۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ ئانا تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئۇ مۇئەللىپلەر تەتقىق قىلغان تىلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىپادىلىگەن.

ئەلى ئوغلى مەھمۇد ھىجرى 8-ئەسىر (مىلادى 14-ئەسىر)دە يازغان «نەھجۇل فەرادىس» («جەننەتنىڭ يولى») رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»سىغا نەزىرە سۈپىتىدىكى دىنىي ئەسەر. شەيخ شەرىف خوجا ھىجرى 713-يىلى (مىلادى 1313-يىلى) يازغان «مۇئىنۇل مۇرىد» («تەلەبكارلارغا ياردەم») ئاساسەن "كاشغەر تىلى" بويىچە، خارەزم شىۋىسى ئىملاسىدا ھەرەكەلەنگەن دىنىي، شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ۋەزن جەھەتتىن پۈتۈنلەي «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا ئوخشايدۇ.

خارەزمدە يېزىلغان ئەڭ مۇھىم تىل يادىكارلىقلىرىدىن يەنە بىرى — «مۇھەببەتنامە» بولۇپ، تەخەللۇسى "خارەزمى" دېيىلگەن شائىرنىڭ نامىغا تەئەللۇقدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا:

مۇھەببەتنامە سۆزىن مۇندا يىتتىم،
قامۇغىن سىر ياقاسىندا بىتىدىم.

بۇ دەفتەركىم بولۇپتۇر مىسىر كەندى،
يەتى يۈز ئەللى دۆرت ئىچرە تۈگەندى.

دەپ يېزىلغان بېيىتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر بۇ ئەسەرنى سىر دەريا بويىدىكى مىسىر كەنتىدە، ھىجرى 754-يىلى (مىلادى 1342-يىلى) مۇھەممەد خوجا بەگكە بېغىشلاپ يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى

بارتولد، ئەرەب يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى ئوسمان سىرتقايا نەشر قىلدۇرغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، "غەربىي تۈرك تىلى"نىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان "ئوتتۇرا ئەدەبىي تىل"دا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، ئەلى يازغان «قىسسەئى يۇسۇف» ياكى «يۇسۇف-زىلەيخا»، قۇتب يازغان «خۇسراۋ ۋە شىرىن»، شەرىف يازغان «رەۋنەقۇل ئىسلام» ۋە باشقىلار.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا تۈركولوگلار نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاساسەن بىر پىكىرگە كېلىشكەن.

فونېتىكا جەھەتتە: "خاقانىيە تىلى" نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان "ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى"دا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار: ئا (a)، ئە (ɛ)، ئې (e)، ئى (i)، ئو (o)، ئۇ (u)، ئۆ (∅)، ئۈ (γ). بۇ سوزۇق تاۋۇشلاردىن "ئى" (i) نىڭ ئۇزۇن تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋارىيانتى بولغان؛ گاھىدا، "ئې" (e) بىلەن ئالمىشىپ تەلەپپۇز قىلىش ھادىسىلىرىمۇ بولغان. "ئە" (ɛ) تاۋۇشى "خاقانىيە تىلى"غا خاس تاۋۇش بولۇپ، ئومۇمەن تىل ئالدى ئىنچىكە سوزۇقلىرى ۋە "ك" (k)، "گ" (g) تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە، ئاندىن ۋە بەزى تەركىبىدە "ق" (q)، "غ" (ʁ) ھەم باشقا بوغۇز تاۋۇشلىرى بولغان ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەردە قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»تىن باشلاپ قېلىپلاشقان ۋە شۇ دەۋردە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىملا قائىدىسىگە مۇۋاپىق، تۈركىي سۆزلەردە كەلگەن "ئە" (ɛ) تاۋۇشى " ا " (ئەلىف) بىلەن يېزىلىپ، "ئە" (ɛ) — سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بېقىپ تەلەپپۇز قىلىنغان. مەسىلەن:

ايركاك — ئەركەك　　　　امكاك — ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

ارسا — ئەرسە　　　ايلايين — ئەيلەيىن
تيكان — تىكەن　　　تيلاكيم — تىلەكىم
بزكا — بىزگە　　　كيما — كېمە
كوجيكا — كۆچىگە　　　كوركاى — كۆرگەي
زوقى غە — زەۋقىغە　　　شيخ غە — شەيخخە

تۈركىي سۆزلەردە (بىيېىق بوغۇملاردا) ”ئە“ (ɛ) ئومۇمەن ” اي “ ياكى ” يې “ بىلەن يېزىلغان. مەسىلەن:

ايردى — ئەردى　　　ايل ايچى — ئەل ئىچى
بيىركا چالدى — يەرگە چالدى　　　خيال اتتى — خىيال ئەتتى (گاھىدا ”ايتتى“ قىلىپمۇ يېزىلغان).

ئۇزۇك تاۋۇشلار ئومۇمەن ئوخشاش. پەقەت ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە خاس ھەرپلەردىن ”ط“ خارەزم شىۋىسىدە ” ا “ (a) نىڭ سوزۇلما قاتتىق ۋاريانتى بىلەن كېلىدىغان سۆزلەردە ”ت“ (t) ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

”ئورتاق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى“دا قوللىنىلغان ”ۋ“ تاۋۇشى ”ۋ“ (w) دىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، ”ف“ (f) ياكى ”و“ (v) بىلەن ئىپادىلەنگەن. ”ذ“ (d) تاۋۇشى گاھىدا ” د “ (d) بىلەن، بەزى ئەسەرلەردە ”ي“ (j) بىلەن ئالماشقان. ”ق“ (q) تاۋۇشى بىلەن ”خ“ (x) تاۋۇشى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇلماي ئەينەن ساقلانغان. سۆز بېشىدا كەلگەن ”ي“ (j) تاۋۇشى شىمالىي ۋە غەربىي شىۋىلەردىكىدەك ”ج“ (dʒ) لاشتۇرۇلماي، ئەينەن ساقلانغان.

”ئورتاق ئەدەبىي تىل“دىكى ”ڭ“ (ŋ) تاۋۇشى ”نك“ (ng) شەكلىدە يېزىلىپ، ئىككى بوغۇمغا تەۋە قىلىنماي، بىر تاۋۇش قىلىپ ئوقۇلغان.

يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيەت شۇكى، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا، تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىنغان.

ئەمما، جوجى ئۇلۇسىغا تەۋە بولغان ئۆزبېك، قازاق، نوغاي — ماڭغىت قەۋملىرىنىڭ تىللىرىدا بولسا، "ε" (ئە) تاۋۇشى ئورنىدا ئاساسەن "e" (ئې) تاۋۇشى قوللىنىلغان ياكى تىل ئورنى ئارقىغا مايىل تەلەپپۇز قىلىنغان " ï " (ئى) تاۋۇشى بىلەن بىللە، ئۇنىڭ قىسقا، قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان "ï" ۋارىيانتى كۆپرەك قوللىنىلغان. "ئورتاق ئەدەبىي تىل"دىكى "چ" (tʃ) تاۋۇشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەۋملەر تىللىرىدا "ش" (ʃ)، ئەكسىچە "ش" (ʃ) بولسا "س" (s) بىلەن ئالماشقان. "ل" (l) ۋە "ن" (n) بىلەن باشلانغان باغلىغۇچىلار باش ھەرپى ئوچۇق يەنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، "د" (d) بىلەن ئالماشقان. سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىسىدىكى "غ" (ʁ)، "گ" (g) تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى ئۇزۇك تاۋۇشتىن كېيىن كەلسە، "ۋ" (w) ياكى "ي" (j) لاشقان. مەسىلەن،

| | |
|---|---|
| يازغۇچى — يازۇۋچى | ئوقۇتقۇچى — ئوقۇتۇۋچى |
| كەلگۈچى — كېلۈۋچى | باغلام — بايلام |

مورفولوگىيە جەھەتتە: 12 — 14-ئەسىرلەردە قوللىنىلغان "ئورتاق ئەدەبىي تىل"دا، ئىسىملارنىڭ كېلىشلىرى، سان، سۈپەت، ئالماش، پېئىللار (پېئىل زامانلىرى، پېئىل سىغىللىرى، پېئىل دەرىجىلىرى) ئومۇمەن "خاقانىيە تىلى"دىكى بىلەن ئوخشاش. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ تىلدا قەدىمكى تۈركىي تىلنىڭ جۇملىدىن ئوغۇز-قىپچاق تىلىنىڭ مەلۇم تەسىرلىرىمۇ ساقلانغانىدى. مەسىلەن: چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى "ni -" بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com

"-in/ -n" شەكلىمۇ قوللىنىلغان. خلق-ين — خلقين (خەلقىن)، قايغۇسى-ن — قايغۇسىن (قايغۇسىن)؛ بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى "-ʁa/-gɛ" (غا/گە)نىڭ ئىخچاملاشقان شەكلى "-a/-ɛ" (ئا/ئە): كونكلومە — كۆڭلۈمگە، اغزيمە — ئاغزىمغا.

دەرۋەقە، قىپچاق تىلى قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ بىرىدۇر. قىپچاقلار "كۆپىنچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىشتىراك ئەتكەن"؛ "تارىخچىلار دەشتى قىپچاقنى تارىخىي ئەسەرلەردە ئۆزبېكلەر دىيارى دەپ كۆرستىلگەننى يازماقتا"؛ "تۈركىي تىللار، شۇ جۈملىدىن ئۆزبېك تىلى تارىخىدا قىپچاقلارنىڭ تۇتقان ئورنى كاتتا"، دەپ توغرا ئېيتقان ئۆزبېك تىلشۇناسلىرىدىن س. م. مۇتەللىپوف.

## 2. نەۋائى زامانىدىكى تىل مۇھىتى

چاغاتاي خانلىرىنىڭ مەركەزلىرى كۆپىنچە ئالمالىقتا ۋە بەزىدە تاشكەنت، بۇخارا، قارشى تەۋەسىدە بولۇپ تۇرغان. بۇ جايلار مەركىزنى شەھەر بولۇش ئىمتىيازى سەۋەبىدىن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. چاغاتاي خانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تىلى "تۈركىي تىل" بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا بۇ جايلاردا "تۈركىي تىل" ئىمتىيازلىق ئىدى. شۇڭا، بەزى تۈركولوگلار "چاغاتاي ئەدەبىياتى نامى بىلەن تونۇلغان ئەدەبىيات ئومۇمەن ئەمىر تۆمۈر تايانغان قەۋملەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان چاغاتاي ئۇلۇسىغا مەنسۇپ ئىدى" دەيدۇ.

140 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا پارسىي تىل، مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدىلا ئەمەس، ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ئالاقىلىرىدىمۇ

ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقە ۋە ئوقۇمۇشلۇق قاتلام ئىچىدە "ئەرەب تىلى — جەننەت تىلى، پارس تىلى — سەلتەنەت تىلى، تۈرك تىلى — جامائەت تىلى" دەيدىغان قاراش ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. جامال قارشىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قاراشلىرىچە، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار بالاغەتلىك، پارسچە يېزىلغانلار نۇكتە پەرداز (گۈزەل مەنىلىك)، تۈركىيچە يېزىلغانلار ساپ ۋە ئۆز سانىلاتتى. ھەتتا تۈركىي تىلدا گۈزەل غەزەللەرنى يازغان ۋە چارەك ئەسىر شىمالىي ئىران، ئافغانىستان ۋە سىيىستاندا ھىراتنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھۇسەين بايقارا ئوردىسىدىمۇ پارس تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى.

ئەنە شۇنداق — پارس مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ پارس شېئىرىيىتى ۋە پارس تىلىنىڭ چوڭ ئىمتىيازى ۋە قىزىقتۇرۇشى ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا، ئەلىشىر نەۋائى باشلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر ئۆز ئەجدادلىرىدىن قالغان ئەنئەنىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدى. ئۇ زامانلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي بۆلۈكىدە (يەنى بۇخارا، سەمەرقەند ۋە ھىراتلاردا) شەھەر ھاياتى پارسلار ئىلكىدە، يېزا-قىشلاق ھاياتى تۈركلەر قولىدا ئىدى. نەۋائى ئومۇمەن شەھەردە ياشىغۇچى ئىرانلارنى "سارت" دەپ ئاتىغان. تۈركىي تىل-ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق مەركەزلىرىدىن بولغان سەمەرقەند-ھىراتلاردىمۇ پارس تىلىنىڭ ئۈستۈنلۈك قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن نەۋائى مۇنداق يازغان:

"ئەمما تۈركنىڭ ئۇلۇغىدىن كىچىكىگە دېگىنچە ۋە نۆكەرىدىن بېگىگە دېگىنچە، سارت تىلىدىن بەھرىمەندۇرلەر، ھەتتا تۈرك شۇئەراسى (شائىرلىرى) كىم، فارسى تىل بىلە رەنگىن ئەشئار ۋە شىرىن گۇفتلار (رەڭدار شېئىرلار ۋە شىرىن سۆزلەر) زاھىر قىلۇرلەر... ئاندىن سوڭرەكىم، تۈرك تىلىنىڭ جەمئىيىتى مۇنچە دەلايىل بىلە سابىت بولدى (شۇنچە دەلىللەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىسپاتلاندى) . كىرەك ئەردىكىم، بۇ خەلق ئاراسىدىن پەيدا بولغان ئاب ئەھلى (زىيالىيلار) سالاھىيەت ۋەتابلەرىن، ئۆز تىللىرى تۈرغاچ، ئۆزگە تىل بىلە زاھىر قىلماسا ئەردى ۋە ئىشكە بۇيۇرماسالەر ئەردى" (م— ل ) .

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي بۆلۈكىدىكى ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىدىن 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سەمەرقەند، كېيىنكى يېرىمىدا ھىرات، ئەنئەنىۋى تۈركىي ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، پائالىيەت مەركىزى بولغانىدى. بۇ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا، "تۈركىي ئەدەبىيات" بىر يېڭى ئەدەبىي مەكتەپ شەكىللەندى ۋە قارار تاپتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يارىتىلغان شېئىرىيەت كلاسسىك شېئىرىيەت دەپ ئاتالدى. سەمەرقەند — مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ياراتقۇچىسى سەككاكى ئىدى. ئەلىشىر نەۋائى ھىراتتا تەسىرى چوڭقۇر ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان لۇتفىغا قانداق يۇقىرى باھا بەرگەن بولسا، سەككاكىغىمۇ شۇنداق يۈكسەك باھا بەردى. سەمەرقەنتتە، سەككاكىغا ئوخشاش ئۆز ئانا تىلى ۋە "تۈركىي ئەدەبىيات" ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان يەنە بىر شائىر ئەتايى ئىدى. بۇ ئەدەبىيات مۇھىتىدا مۇقىمى، يەقىنى، ئەمىرى، گەدايى قاتارلىق شائىرلار بار ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى مەدەنىيەت-سەنئەت مەركىزى بولغان ھىراتتا، تۈركىي تىل ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى ۋە ئۇلۇغ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن پىكرى-زىكرىنى ۋە سالاھىيەت قۇدرىتىنى بېغىشلاپ راۋاجلاندۇرماقچى بولغان ئانا تىلى توغرىسىدا ئۆز ئىدىيىسىنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا ئوچۇق ئىپادە قىلغان ۋە ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن كۈرەش شۇئارى قىلغانىدى:

سەگا ئانچە ھەق لۇتفى ۋاقىئدۇرۇر،

كى تا تۈرك ئەلفازى شايىئدۇرۇر.
بۇ تىل بىرلە نەزم ئېرۇر خەلق ئىشى،
يەقىن قىلماىش خەلق سەندەك كىشى.

(تۈرك تىلى قانچىكى كەڭ بېيىلسا، ھەقنىڭ لۇتفى-مەرھەمىتى شۇنچە يۈزلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ ئىشى مۇشۇ تىل بىلەن نەزم-شېئىر ئارقىلىق بايان قىلىنسا، خەلق ساڭا ئوخشاش كىشىنى يېقىن دوست بىلىدۇ)

نەۋائى ئۆز ئانا تىلىنى ئەرەبچە-پارسچىغا مۇقابىل سۆزەتتە "تۈركىي تىل" دەپ ئاتىغان بولسا، ئوغۇز-قىپچاق تىلىغا مۇقابىل ھالدا "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتىغان. "چاغاتاي تىلى" ئەسلىدە "چاغاتاي ئۇلۇسى تىلى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان تىل بولۇپ، "ئىدىقۇت-خاقانىيە تىلى"نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىنى ئۆتكۈزۈپ، 15-ئەسىردە رەسمىي شەكىللەنگەن يېزىق ئەدەبىي تىلىدۇر.

كۆپچىلىك تۈركولوگلار، مەسىلەن، ئوتتو-ۋلاۋ، كورش، رادلوف قاتارلىق ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن "تۈرك ئەدەبىي تىلى"نى "چاغاتاي تىلى" دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن. بۇ خۇلاسىنى ئابېل رېمۇسات، جائۇبېرت، داۋىد، شۇنىڭدەك نەۋائىينى دەسلەپ تەتقىق قىلغۇچىلاردىن نىكتىسكىي قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن.

"ئەدەبىي تىل"نىڭ بىر شەرتى يېزىق بولۇشى، يەنە بىر شەرتى كۆپچىلىك خەلق ئۇچۇن ئۆلچەم (نورما) تىل بولۇشى، ئۈچىنچى بىر شەرتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسى بولغان دىئالېكتنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇشى كېرەك. يېزىق بولىدىكەن، ئاندىن يېزىق تىل-ئەدەبىياتى شەكىللىنىدۇ، ھەممە ئۇ تىلنىڭ مەلۇم قائىدىگە سېلىنغان يەنى قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىملاسى بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كىرىش قىسمىدىلا "قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى يېزىلىپ كەلگەن" يېزىقنى كۆرسەتكەن. ئىككىنچىدىن، «قوچۇ-قەشقەر تىلى»دا، 9 — 12-ئەسىرلەردە ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات ۋە دىنىي ساھەلەرگە ئائىت ئاجايىپ قىممەتلىك ئەسەرلەر يارىتىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلى ئىشلىنىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، مەلۇم ئۆلچەمگە سېلىنغانىدى. ئۈچىنچىدىن، "خاقانىيە تىلى" تۈركىي تىللاردا، بولۇپمۇ "شەرق تۈركچىسى"دە يېتەكچى تىل بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، بۇ ئەدەبىي تىل 12-ئەسىردىن كېيىنمۇ شەرقىي — تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ تىپىك نامايەندىسى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىۋەردى. 14-ئەسىر ئاخىرىدىن باشلاپ، "چاغاتاي ئۇلۇسى تىلى" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. بۇ تىلدا يارىتىلغان ئەدەبىيات "چاغاتاي ئەدەبىياتى" دەپ ئاتالدى.

## 3. نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

تىلشۇناسلار "ئېتنىك تەسىر، ھەممىدىن ئاۋۋال تىل ئىگىلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك-ئاناتومىيىلىك شەكىللىنىشىگە باغلىق بولىدۇ. ئەكسەرىيەتتە، بۇ تەسىر ئۆزىنى تەبىئىي ھالدا تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئىچكى قۇرۇلمىسىدا كۆرسىتىدۇ" دەيدۇ. ئېتنىكىلىق جەھەتتە ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئانا تىلىمۇ ئۆز ئەجدادىيەتلىرىدە فونېتىكىلىق-گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق جەھەتلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتكەن. نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن بىرىنى مىسال قىلىپ، فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىلغا قىلايلى (ئومۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىرقى يېزىقىمىزدا

ترانسكرىپسىيە قىلىندى):

نازىنىنلىق باغىدا قەددىڭ نىھال ئەي سەرۋى ناز،
پەرۋەرىش تاپىپ نىياز ئەھلى تۆكەردە ئەھلى راز.

ئىشق سۆزىدىن نىگە كۆيدۈڭ دىبان ئەيب ئەيلەمەڭ،
زۇلم ئىرۇر نەۋچۇن چاقىندىن قىلمادىڭ دەپ ئىھتىراز.

سەرۋىنازىم نىچە كىم ھەرلەھزە يۈز مىڭ ناز ئىتەر،
نىتكەمەن كۆرگۈزمەيىن ھەرنازىغە يۈز مىڭ نىياز.

بويلەكىم ھەق نۇرى زاھىردۇر يۈزۈڭدە بولماغاي،
فىلھەقىقەت سىررى ئىشقىڭغە خەيال ئەتمەك مەجاز.

شەمئىد ئۆرتەر دىمەگىل پەرۋانەنى كىم، بىلدىكىم،
شەمئىغە پەرۋانە كۆڭلى ئوتىدا ئەرمەس گۇداز.

خەم بولۇپ يەر ئۆپمەكىم كويىدا ھەرياندىن نى ئەيب،
كەئبەغە جايىزدۇرۇر ھەرساردىن قىلسا نەماز.

راستلارنىڭ چۇن خوراسان ئىچرە يوقتۇر ھۆرمەتى،
ۋەقت ئىرۇر قىلساڭ نەۋائى ئەمدى ئاھەڭگى ھىجاز.
(ف — ك)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلشۇناسلار ئېيتقاندەك، "نەۋائى ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىلىدا مەۋجۇد بولغان تاۋۇش تەركىبىنى ۋە بۇ تاۋۇشلارنىڭ هازىرقى 'مىللىي تىلدىكى' پاراللېللىرىنى بەلگىلەش زۆرۈر".

**فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت:**

ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، خالىسانە پىكىر قىلغۇچى تۈركولوگلار نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار دەيدۇ. نەۋائىنىڭ يۇقىرىدىكى غەزىلىدىن تېرىپ چىقايلى:

| | |
|---|---|
| باغىدا a — (ئا) | تۆكەر ɛ — (ئە) |
| ئېرۇر e — (ئې) | بىلىدى i — (ئى) |
| ئوتىدا o — (ئو) | كۆيىدۇك ∅ — (ئۆ) |
| يوقتۇر u — (ئۇ) | يۈزۈك y — (ئۈ) |

بۇ قەدىمكى تۈركىي تىل يازما مەنبەلىرىدىكى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات داۋامى بولغان "ئىدىقۇت-خاقانىيە تىلى" هەم بۇ تىلنىڭ راۋاجى هېسابلانغان "ئورتاق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى"دىكى ۋوكالىزم سىستېمىسىنىڭ نەۋائى دەۋرىدە ئىزچىل مەۋجۇد ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. نەۋائىنىڭ يۇقىرىدىكى غەزىلىدىن كەلتۈرۈلگەن سەككىز سۆزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش بۇ پىكىرنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

نەۋائى ئەدەبىي تىلىدىكى ۋوكاللىق خۇسۇسىيەتلەردىن مۇهىم بىرى ɛ (ئە) تاۋۇشىنىڭ e ۋە i لاردىن مۇستەقىل هالدا ئايرىم قوللىنىلىشىدۇر. ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنى مۇستەسنا قىلغاندا، تۈركىي تىلدىكى ئومۇمەن تىل ئالدى تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت مەهمۇد قەشقەرى يەكۈنلەپ ئىشلەپ چىققان قائىدە بويىچە،

نەۋائى تىلىدىمۇ ئىزچىل ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، يۈرەك، سۆڭەك، ئىتەك، ئەگرى، ئەتمەك، ئەيلەمە، يەتمەك، كۆرگەن، يەتكۈر، تىلەگەي، تۈشكەچ، ئىستەر...

نەۋائى ئۆز ئانا تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۆت ئىكەنلىكىنى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»دە مىسال كەلتۈرۈپ ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇ زامانىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە بىرخىل يېزىلىپ، ئورنىغا ۋە مەنىسىگە قاراپ پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەردىن: اوت (ئوت-يانغىن)، اوت — اوتماق (ئۇت — ئۇتماق)، اوت — اوتماك-اوتكالى (ئۆت — ئۆتمەك-ئۆتكەلى)، اوت — اوتمك (ئۈت — ئۈتمەك-يۈتمەك)؛ تور (تور-ئوۋ قورالى)، تور (تۇر — تۇرماق — تۇرغۇزماق)، تور (تۆر — ئۆينىڭ تۆرى)، تور (تۈر — تۈرمەك، تۈرمەل).

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە، ئانا تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئىزچىل رىئايە قىلغان. ئەدەبىي تىلغا خاس سىنگارمونىزم قانۇنىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۆزلەردە تاڭلاي گارمونىيىسىگە تولۇق ئەمەل قىلغان. ھەتتا سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان گىرامماتىكىلىق ئالامەتلەردىمۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقى، ئەدەبىي تىلنىڭ بىر پۈتۈن سىستېما ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىدىن بارچە مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنى ئانا تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق قوللانغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. قوشۇمچىلارنى ئىشلىتىشتىمۇ سۆزلەرنىڭ تاڭلاي گارمونىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلغان. (نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ بەزى كۆچۈرمە ۋە چاپ نۇسخىلىرىدا، كاتىپلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك لەھجىلىرىگە بېرىلىپ، ئەدەبىي تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەي، ئىملانى ھەرخىل يېزىپ تاشلىغان).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئانا تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق سىستېمىسىغا ئىزچىل رىئايە قىلىپ، سۆزلەرنىڭ ئالدى ياكى ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن ۋە جاراڭلىق-جاراڭسىز ھەم قېلىن-ئىنچىكە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقانلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە (ئورۇن ئاھاڭداشلىقى ۋە لەۋ ئاھاڭداشلىقىغا) قاراپ، ئۇيغۇن قوشۇمچىلارنى ئۇلىغان. مەسىلەن:

جنون — جنونوم (جۇنۇنۇم)، بيخودلوغوم (بىخۇدلۇغۇم)، كونكلوم — كونكلونك (كۆڭلۈم — كۆڭلۈڭ)، قوللوق (قۇللۇق)، خذمتكارليق (خىزمەتكارلىق)، عاشقليغى (ئاشىقلىغى)، اوزونلوغى (ئۇزۇنلۇغى)، قايغولوغ (قايغۇلۇغ)، ياروغلوق (يورۇغلۇق)، توشتوم (تۈشتۈم)، يتتيم (يەتتىم)، منك بيلچيليق (مىڭ بىلچىلىق)، تيريلماكليك (تىرىلمەكلىك)، وجودوم (ۋۇجۇدۇم)، اوروپتور (ئۇرۇپتۇر)، توزوپتور (تۈزۈپتۈر)، اغزيم قوروب دميم توتولوب سيكراسام (ئاغزىم قۇرۇپ دىمىم تۇتۇلۇپ سەكرەسەم).

غەزەللىرىدىن بىر مىسال:

ئەي كۆڭۈلگە شەھدى لەئلىڭ ھەسرەتىدىن يۈز تۈشۈك،
ھەر تۈشۈكدۈر شەھد زەمبۇرى ئۆيى ياڭلىغ چۈچۈك.

گەر تىرى بىرلە سۆڭەكمەن تۇئمە ھەم قىلماس ئىتىڭ،
كىم تىرى ئەسرۇ قاتىق بىلمىش سۆڭەك ئەسرۇ چۈرۈك.

نە لەبىڭدىن كام تاپتىم، نە كۆزۈڭدىن جەۋر ئوقى،
بۇ سىفەت مەھرۇملۇقتىن نە تىرىكمەن نە ئۆلۈك.

ئۇيلە زەنجىرى جۇنۇن رەسۋاسىمەنكىم ھەر زەمان،

تەگرەمە فەرھادۇ مەجنۇندەك يىغلىمىش بىر سۇرۇك.

ئىشق ئوتىدىن قۇللۇغۇڭ داغىنى قويدۇم كۆكسۇمە،
ئۆزنى بىر نەۋئ ئەيلەدىم ئىشق ئەھلى ئىچرە بىلگۈلۈك.

فەقر ۋادىسىدە ئۆزلۈك نىچە كەمرەك ياخشىراق،
يولنى ئاسان قەتئ ئېتەر سالىك يېڭىلرەك بولسە يۈك.

ئەلگە ئوت سالدىڭ ۋەلى كۆيدى نەۋائى غۇسسەدىن،
ئوخشاماس ئوت بىرلە كۆيدۈرگەنگە بۇ ياڭلىغ كۆيۈك.
(«غ — س»)

ئاندىن، نەۋائى ئەسەرلىرىدە، سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق، جاراڭسىز ۋە تىل ئورنى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاشتا پەرقلەندۈرگەن. مەسىلەن:

كوكتين (كۆكتىن)، ايزدين (ئىزدىن)، باققان، سىنغان، تويدۇرغان، كۆيدۈرگەن، تاغديك (تاغدەك)، ايتتك (ئىتتەك)، يك جهت ليك (يەكجەھەتلىك)، تيلاكاى (تىلەگەي)، بارغاى (بارغاي)، قيلغوم (قىلغۇم)، ايچماكيم (ئىچمەكىم)، بولغالى (بولغىلى)، كيركالى (كىرگىلى)، اوقوغوچى (ئوقۇغۇچى)، بيلكوچى (بىلگۈچى)، قيلغيل (قىلغىل)، كوركيل (كۆرگىل)، سالغوچە (سالغۇچە)، توتقونچە (تۇتقۇنچە)، اولماكونچە (ئۆلمەگۈنچە)، توشكونچە (تۈشكۈنچە) ۋە باشقىلار.

يەنە ھەممىگە مەلۇم، ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بىر خۇسۇسىيەت باركى، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن a، ε (ئا، ئە) سوزۇقلىرىنىڭ ئوچۇق بوغۇملۇق ھالەتتە ئاجىزلىشىش ياكى ئالمىشىش

www.uyghurkitap.com

هادىسىسى 10-ئەسىردىن باشلاپ كۆرۈلگەن. بۇ هال نەۋائى ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خاقانىيە تىلىدا "اۋدى" (ئۆيدى-ئالدىرىدى)، "ايۋك" (ئىېۋەك-ئالدىراڭغۇ)، "سوۋ كمينى اكردى" (سۇۋ كەمنى ئەگىردى)؛ "كىما-نى — كمينى" (كېمە-نى-كېمىنى)، "برون قندى" (بۇرۇن قانادى)، "قندى — قنيدى" (قانادى-قانىدى) دەپمۇ يېزىلغان. نەۋائى ئەسەرلىرىدە "توشوك — تيشوك" (تۆشۈك-تېشۈك) بۇ سۆزنىڭ تومۇرى "تەش-تەشمەك"، "دە-ديدى" (دە-دېدى)، "ايكين-اكين" (ئىگىن-ئەگىن) — ايكنيم" (ئەگنىم-ئەڭنىم) دەپ يېزىلغان.

نەۋائى ئەسەرلىدىمۇ خۇددى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شىۋىسىدىكىگە ئوخشاش كىچىك تىل تاۋۇشلىرىدىن ʁ (غ) ياكى q (ق) بىر سۆزدە تەڭلا قاتار كەلمەيدۇ؛ تەبىئىي يوسۇندا بىرىنچى بوغۇمدا q (ق) ياكى جاراڭسىز باشقا تاۋۇش كەلسە، كېيىنكى بوغۇمدا ئاساسەن ʁ (غ) كېلىدۇ. مەسىلەن، اقساغ، چيراغ، قورساغ، شيرداغ، چاغليق، اغيرليق.

نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا، ئۆزبېك تىلشۇناسلىرىمۇ تىل پاكىتلىرىغا هۆرمەت قىلىپ توغرا يەكۈن چىقارغان. "نەۋائى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ تاۋۇش تەركىبى، سوزۇقلار تەركىبى جەهەتتىن هازىرقى ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شىۋىلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ تاۋۇش تەركىبى جەهەتتىن ئەنجان ۋە قوقان تىپىدىكى فەرغانە شىۋىلىرىگە يېقىن. چۈنكى بۇ شىۋىلەردە، O ۋە u فونېمىلىرى قاتتىق ۋە يۇمشاقلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە" (ۋ.ۋ. رېشېتوف، ش. شائەبدۇراخمانوف)، "نەۋائى ئەدەبىي تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە لەب گارمونىيىسى ساقلانغان، o، u، ɵ، ü سوزۇقلىرى پەرقلىنىدىغان شىۋىلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن" (ئا. رۇستەموف).

دېمەك، هازىرقى بۇ تىلشۇناسلارمۇ بۇنىڭدىن تۆت يېرىم ئەسىر

ئىلگىرى ئۆتكەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ھەقلىق سۇرەتتە، نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىنى ھىراتتا پۈتۈنلەي ئەنجان تىلىدا يېزىپ داڭق چىقارغان دېگەن پىكرىنى تەكىتلىگەن، ”فەرغانە شىۋىسى“ (جۈملىدىن ئەنجان شىۋىسى) 10-ئەسىردىن ئېتىبارەن ”خاقانىيە تىلى“نىڭ شىۋىسى بولۇپ كەلگەنىدى. بىرەر ئەدىبنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنىڭ بىرەر جايغا (مەسىلەن ئەنجانغا) بارغان-بارمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىگىلى بولماس.

**گىراماتىكا جەھەتتە:**

ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا ”شەرق تۈركچىسى“ يەنى ”قەشقەر تۈركچىسى“گە خاس بولغان گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرقانچە مەسىلىنىلا بايان قىلىمىز.

ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ”غەربىي تۈركچە“ دىكىدەك dan -/dɛn - (- دان/- دەن) بولماستىن ”شەرقىي تۈركچە“ دىكىدەك din - (- دىن ھەم جاراڭسىز شەكلى)، يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى ʁa -/qa - (- غا/- قا) ھەم تىل ئالدى جۈپلۈك شەكلى gɛ -/kɛ - (- گە/- كە)، بۇ قوشۇمچىلار شەخس كۆرسەتكۈچ ئالماشلار (a/u,sɛn,mɛn) بىلەن قوشۇلغاندا، تاۋۇش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، ŋ (ڭ) لىشىپ كەتكەن. ”خاقانىيە تىلى“دىكى بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك»تىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن.

باده ھىجرىدىن ئاقارمىش كۆزلەرىم ئەي پىرى دەير،
ئەيلەگىل مەي شىشەسىدىن سىندۇرۇپ ئەينەك ماڭا.
(«غ — س»)

ھەر نېچە دېدىمكى كۈن-كۈندىن ئۇزەي سەندىن كۆڭۈل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەھكى كۆن-كۆندىن بەتەررەك مۇبتەلا بولدۇم ساڭا.
(«غ — س»)

يۈزى كۆزىن يارۇتۇر، لېك قۇياش خىرە قىلۇر،
بىلۇر ئۇلكىم كۆزى باركىم، مۇڭا يوق نىسبەت ئاڭا.
(«ب — ۋ»)

ئەرەبچە پارسچە سۆزلەردە (سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالدى-ئارقىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىماي) بىردەكلا ʁɛ -/qɛ - (- غە /- قە) قوللىنىلغان. مۇنداق قىلىش خۇددى a نى يۇمشاق (ئالدى سوزۇققا مايىل) تەلەپپۇز قىلغانغا ئوخشاش، ۋەزن ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلغان.
ئىسىملار ۋە ھەرىكەتناملارنىڭ ئېنىق ۋە ئېنىقسىزلىق بېقىندىلىق (ئىگىلىك) كاتېگورىيىسىدە، شۇنىڭدەك ئىسىملاردىن بىرەر ئىش-ھەرىكەت خاسلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياساشتا، نەۋائى ئەدەبىي تىلىدا خۇددى ”قەشقەر تۈركچىسى“دىكىگە ئوخشاش، liʁ -/lig - (- لىغ-/ لىگ ھەم جاراڭسىز ۋە لەۋلەشكەن تۈرلىرى) قوشۇمچىسى ئىشلىتىلگەن.

مەنۇ غەرىبلىغۇ ھەجرۇ بېنەۋالىغلار،
دىيارۇ يار فىراقىغا مۇبتەلالىغلار.
(«ب — ۋ»)

نەۋائى، ئەنجۇمەنى شەۋق جان ئارا تۈزسەڭ،
ئانىڭ باشاغلىق ئوقىن شەمئى ئەنجۇمەن قىلغىل.
(«غ — س»)

بۇخارى ئاھىم ئېرۇر لايىق، ئاگلاغىل، ئەي ئەشك،
بەھارى ھۆسنىغە ناگاھ كېرەكلىك ئولسا بۇلۇت.
(«غ — س»)

شەيخ بىرلە خانىقاھدىن چۇن يارۇغلۇق تاپمادىم،
دەير پىرى خىزمەتىغە كويى خەممار ئىستەدىم.
(«ن — ش»)

ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئۇ ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا.
(«غ — س»)

غەمدە تۇرلۇك تۇرلۇك بەلاغە ئۇچراپمەن
كى، ھەر بىرسى مېنى كۆيدۈرۈر نېچە تۇرلۇك.
(«ب — ۋ»)

بۇ خۇسۇسىيەت ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. قوشاقلاردىن مىسال:

دىلىمنىڭ ئاقلىغى ياخشى،
بېشىمنىڭ ساقلىغى ياخشى.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
ئۆزۈمنىڭ تاقلىغى ياخشى.

تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەلپىكىمنىڭ تۆپىلىكىنى،
چىپەرقۇتتا تاشلايمەن.
يارىم كەلسە كەچلىككە،
گۈل تۇۋىگە باشلايمەن.

مەھمۇد قەشقەرى ”خاقانىيە تىلى“ بويىچە قائىدىلەشتۇرۇپ بەرگەن بىر خۇسۇسىيەت بار. يەنى، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ ئىشلەشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداشنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا gylyk/- ʁuluq - (- غۇلۇق/ - گۈلۈك) قوشۇلىدىغان خۇسۇسىيەت نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنچىل كۆپ ئىپادىلەنگەن. بۇ خۇسۇسىيەت ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن شىۋىسىدە كۆپ ئىپادىلىنىدۇ. نەۋائىي:

سەبرۇ قەرارۇ ھۇشنى ئالماغلىغىڭ نەدۇر،
ئەي جانلار ئافەتى ساڭا جانىمدۇر ئالغۇلۇق.
مۇغ كويى ئەزمىدىن مەنى مەنئ ئەتمە، ئەي رەفىق،
بۇ يول ئېرۇر چۇ ئەھلى مەلامەتقە بارغۇلۇق.
(«ب — ۋ»)

دېدى: ئولىيان جەنىبەت سۇرگۈلۈكدۇر،
بۇ ئىش گەر ۋاقىئ ئولسا كۆرگۈلۈكدۇر.
(«ف — ش»)

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن:

چامغۇرلۇقۇ چامغۇرلۇق،
چامغۇرلۇقچە ماڭغۇلۇق.
يارنىڭ مەيلى بولمىسا،
بىر قاراپلا يانغۇلۇق.

پېئىللاردىن بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇندىماق — ئۇستىگە ئالماق بولغان شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياساشتا، سۇپەتداش قوشۇمچىسى نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلىدا، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك، ʁutʃi - /gytʃi - (- غۇچى /- گۈچى) ھەم بۇنىڭ جاراڭسىز تۈرلىرى قوللىنىلغان. ھالبۇكى ”غەربىي تۈركچە“دە بولسا، uwtʃi - (- ۋۇچى) دۇر.

ئوقۇ — ئوقۇغۇچى ئوقۇۋۇچى
بىل — بىلگۈچى بىلۈۋچى
سات — ساتقۇچى ساتۇۋچى
سۆزلەش — سۆزلەشكۈچى سۆزلەشۈۋچى

شۇنىڭدەك، پېئىلنىڭ شەخسسىز ئېنىقسىز كاتېگورىيىسىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك نەۋائىي ئەدەبىي تىلىدا، ʃ (ش) ياكى q (ق) قوللىنىلغان، ئەمما ”غەربىي تۈركچە“دە بولسا w (ۋ) كېلىدۇ.

ئوقۇ — ئوقۇش ئوقۇۋ
قاتنا — قاتناش قاتناۋ
ياز — يېزىق يازۇۋ

سۇپەتداشنىڭ ئىمكانىيەت رايىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

-ʁu/-gy (-غۇ/-گۈ ھەم جاراڭسىز تۈرلىرى) قوشۇلغاندىن كېيىن، ئېھتىماللىق ئوخشىتىش قوشۇمچىسى dɛk — (— دەك) ئۇلىنىش بىلەن ياسالغان.

يار بولمىش ئورتاغە ھىجران تەرىقىن سالغۇدەك،
ئەقلۇ ھۇشۇ جانۇكۆڭلۈم خەيلى ھەم قوزغالغۇدەك.
ساقىيا مەي تۇت مۇغەننى نەۋھە ئاھەڭگىنى چال،
كىم سىپاھى ئۆمرۈم ئۇلمىش كوسى رىھلەت چالغۇدەك.
(«غ — س»)

بۇ ئوخشىتىش قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ”— دەك“ شەكلىدە قوللىنىلغان:

تا بارچە ئىشلىك دېگەندەك بولغاي،
كۆڭلۈك نەچۈك ئىستەگەندەك بولغاي.
(«ل — م»)

نەۋائى تىلىدا پېئىلنىڭ ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان شەكلى ئومۇمەن -ur/-yr (-ۇر / -ۈر) بىلەن ئىپادىلەنگەن:
”تىلەمەسەڭىز ھەم يەتكۈرۈر، يېمەسەڭىز ھەم يېدۈرۈر“ («م — ق»)
نەۋائى ئەدەبىي تىلىدا پېئىل دەرىجىلىرىمۇ تامامەن ”شەرق تۈركچىسى“دىكىگە ئوخشاش. پەقەت مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسىنى مىسالغا ئالساق كۇپايە قىلىدۇ. بۇيرۇق پېئىلى ئاخىرىغا -dur/-tur (-دۇر/-تۇر) دىن باشقا، -ʁuz/-gyz (-غۇز/-گۈز) قوشۇلۇش بىلەنمۇ

ياسىلىدۇ.

”... ئىشق سىپاھى چاپقۇنىدىن نىشانە كۆرگۈزۈر ئەردى“. («م-ق»)
چىقماسام تەئنۇجەفا تاشىن باشىمغە ياغدۇرۇڭ،
ئىشق مۈلكى تۆرت بازارىدا سۆدرەپ كەزدۇرۇڭ.
(«ف — ك»)

گاھىدا، ʁ (غ) ياكى q (ق) بىلەن ئاخىرلاشقان بۇيرۇق پېئىلغا ʁuz - (- غۇز) ئۇلاشقا توغرا كەلگەندە، ʁ (غ) قىسقارتىلىپ، iz - (- ئىز) ئۇلانغان.
كۆزلەرىم شۇرابەسىن ۋەھكىم ئاقىزدىڭ يۈزسارى...

نەۋائى تىلىدا خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك، ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ھەرقانداق شەخس قوشۇمچىلىرى، سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە قوللىنىلغان:
-dyk/-duq;-di, (-dyn) -dun/-din, (-dym) -dum/ -dim;
پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايىنى كەلگۈسى زامان ئېھتىماللىق شەكلى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، -gysi/-usi (-غۇسى / -گۈسى) قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان. پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان كەسكىن بۇيرۇق شەكلىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك -sun (-سۇن) قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن.
سۈپەتنىڭ قىياسلىق ئاشۇرما دەرىجىسى سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، -rɛk/-raq (-راق /- رەك) قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

”تۇرفەراق (قىزىقراقى) بۇكىم، ھەربىرىنىڭ سۆزىدە مەنا ئازراق، ئۆزىدە دەئۋا كۆپرەك“ («م — ق»)

نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا، پوئېتىك ئېھتىياج سەۋەبىدىن، ”غەربىي تۈركچە“دىن قوبۇل قىلىنغان بەزى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كەلگۈسى زامان بولۇشسىز پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۇچۇن -man، ئۆتكەن ھەم كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ئۇچۇن -ɛm/-am لەرمۇ قوللىنىلغان.

كۆڭۈلگە يۈز تۈمەن نىش ئۇرسا ھىجران، ئەيلەمان نالە،
ۋىسالىڭ نوشىدىن ئول زەخملەر بىر كۈن ئوڭالغاي دەپ.
(«غ — س»)

ماڭاكىم غەمزەسىدىن ئۆلمىشەم، ھەياتى ئەبەد،
خەيالىغە لەبى جان پەرۋەرى ئېرۇر بائىس.
(«غ — س»)

بىر ئاي فىراقىدا بىخۇدلۇغ ئىستەرەم، تولا تۇت،
ئەگەر قىلىپ ئىسەڭ ئەفلاك جىرمىدىن ئەقداھ.
(«غ — س»)

**لېكسىكا جەھەتتە:**

لېكسىكا — تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇنىڭ لۇغەت فوندى خېلى تۇراقلىق بولىدۇ. لۇغەت تەركىبى بولسا، تەرەققىي قىلىپ بېيىپ بارىدۇ. 12-ئەسىردىن تارتىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا، ئىسلام ئەرەب-پارس

مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر كۆپرەك كىرىشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئالدى بىلەن دىنىي ئىلىمگە ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەردە كۆپرەك ئەكس ئەتتى. شۇنداقتىمۇ، نەۋائىي كەبى ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىدىكى قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان لۇغەت بايلىقىدىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلاندى. "غەربىي تۈركچە"دە ئارخائىزم ھېسابلانغان ياكى ئىستېمال قىلىنمايدىغان سۆزلەر نەۋائىي ئەدەبىي تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئاھالە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان رايون شىۋىلىرىدە ھېلىمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا. نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن ۋە نەۋائىي ئەسەرلىرى ئاساسىدا XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تـالـىـﺌ ئـىبىمانى تەرەپىدىن تۈزۈلگەن «بەدايىي ئەل-لۇغەت»دىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

**تۈرغۇن سۆزلەر (ئىسىملار، سۈپەت، رەۋىشلەر):**

ابوشقه ـــ ئوبۇشقا، اداش ـــ ئاداش، اريق ـــ ئېرىق، اماج ـــ ئاماچ، ايبانك ـــ ئايپاڭ، اريغ ـــ ئېرىغ، امراغ ـــ ئامراق، اشليق ـــ ئاشلىق، اينك (اينكليك) ـــ ئەڭ (ئەڭلىك)، ايگرى ـــ ئەگرى، ايرته‌كون ـــ ئەتىگەن، ايليك ـــ ئىلىك (قول)، ايكاچه ـــ ئىگىچە، ايمدى ـــ ئەمدى، ايلدام ـــ ئىلدام، ايكاولان ـــ ئىككۆيلەن، ايتيك ـــ ئىتتىك، ايكن ـــ ئىگىن (اينكنيم ـــ ئەگنىم)، اوتاغه ـــ ئوتىغات، اوزاغون كۈن ـــ ئوزاقى كۈن، اوسال ـــ ئوسال، اوى ـــ ئۆي، اوچور ـــ ئۇچۇر، اوشاق ـــ ئۇششاق، اوقار ـــ ئۇقار، اوكسوك ـــ ئۆكسۈك (اوكسوماك ـــ ئۆكسۈمەك)، اونك ـــ ئۆڭ، اوت ـــ ئۆت، باغر ـــ باغىر، بېغىر، بات ـــ پات (باتراق ـــ پاتراق)، بوساغه ـــ بوسۇغا، بوغۇز ـــ بوغۇز، بيلتيك ـــ ملتەك ~ مۇلتەك، بيچك ـــ پىچەك، بيرك ـــ بەك، پاقلان ـــ پاقلان، پوشكال ـــ پوشكال، بورنا ـــ بۇرنا (ـكۈن)، ـــ تانكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تاڭلا (-ئەتە)، تاوشقان — توشقان، تيغ — تىغ، توسن — توسۇن، تونكرا — توڭگۇر، توز — توز (توزغاق)، توش — تۆش (تۆشمۆتۆش)، توشلوق — تۆشلۈق، توتروق — تۆترۈق، توز — تۆز (توزراك- تۆزرەك)، چاپقون — چاپقۇن، چبن — چىن، چبنك — چىڭ، چونك — چوڭ، چنوك — چۆنۈك ~ چۆلۈك، خندق — خەندەك، دالباى — دالۋاي، دالدا — دالدا، داپقور — داپقۇر، قابان — قاۋان، قات — قات، قاقشال — قاقشال، قينكراق — قىڭراق، قوتان — قوتان، قولان — قۇلان، قولداش — قولداش، قورساغ — قورساق، قور — قۇر، قيا — قىيا، قياش — قاياش، كەركە — كەكە، كينت — كەنت، كونكلك —كۆڭلەك، سپاغ — ساپاق، سوكسوك — سۆكسۆك، شوك — شۈك، مينك — مەڭ، مونكوز — مۆڭۈز~مۆڭگۈز، يارماق~يارماغ — ياماق (پۇل)، يارغاغ — ياغاق، يارغوچاق — ياغۇنچاق، ياوز — ياۋۇز، ياپپانك — ياپپاڭ، يل — يەل، يوقسول — يوقسۇل، يورون — يۇرۇن، يونك — يۇڭ.

**پېئىللار:**

ازيقماق — ئېزىقماق، الداراماق — ئالدىرىماق، ارغاديماق — ئاغدىماق، ايكيشماك — ئېكىشمەك، اونكالماق — ئوڭلانماق، اوپراماق — ئۇپرىماق، اورلاماك — ئۆرلىمەك، ايوروشماك — ئۆرۈشمەك، اوركوداماك — ئۈگۈدىمەك، باقتوراماق — باقتۇرماق (پال)، بورداماق — بوردىماق، بوتراماك — پىترىمەك، بوتماك — پۈتمەك، بوكونماك — پۈكۈلمەك، مانكماق — ماڭماق، توتماق — تۇتماق (تەقدىم)، يادماق — يادىماق، يارماشماق — يارماشماق، ياراشماق — ياراشماق، يومرولماق — يۇمۇرۇلماق، يوكوندورماك — يۈكۈندۈرمەك، ديپساماك — دەپسىمەك ~ دەسسىمەك.

لېكسىكا جەھەتتە يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى،

ئىدىقۇت-ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كېيىن ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق "چاغاتاي تىلى"دا قوللىنىلغان سۆزلەر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

| | |
|---|---|
| مىنكىز — مەڭىز | (mianzi 面子) |
| اينجو — يىنجو — ئۈنچە | (zhenzhu 珍珠) |
| جىڭ — جەڭ | (zhan 战) |
| رىڭ — رەڭ | (ran 染) |
| پى — پەي | (pai 排 سىگىر) |
| شور — شور | (xiao 硝) |
| تونك — تۇڭ | (tong 桶) |
| تونك — توڭ | (dong 冻 توڭ+لا) |
| ينكليغ — ياڭلىغ | (yang 样 كەبى، ئوخشا) |
| تىنك — تىڭ | (ting 听 تىنكلا-تىڭلا) |

دەرۋەقە، لېكسىكىلىق تەركىبلەر بىرەر تىلنىڭ خاسلىقىنى تەھقىقلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدۇ، لېكىن تىللارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

## نەۋائىينىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى بەزى سىنتاكتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر

شەكلەن قارىماققا، نەۋائىي نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى جۈملە تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گويا جانلىق تىلدىن ئايرىلغان "سۇنئىي يېزىق تىلى"دەك سېزىلىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى نەۋائى ئۆز خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىكى جۇملە شەكىللىرىنى مەلۇم سىنتاكتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ يۈكسەلدۈرگەن. ئۇيغۇر جانلىق تىلدا، بەزەن ھەرىكەتنىڭ خەۋىرى ئالدىن ئېيتىلىپ، مەقسەت كېيىن ئېيتىلىدىغان ياكى ئارىلىقتا قىستۇرما — كىرىشمە ئىبارىلەر كېلىدىغان جۇملە شەكىللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: "سوراپ بارغان ئىدۇق، رازىلىق بېرەرمىكىن دەپ"، "كېيىنچە بىر گەپ بولا، نېمە ئانچە ئالدىرىغۇلۇق"، "ئېنىق كۆردۈم دەرىزىدىن، قارىسام ئىككىيلەنكەن"، "بەزى ئادەملەر بار، شۇنداق جاھىلكى، دېگىنىنى قىلمەن دەيدۇ".

نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى جۇملىلەر بەزى پارسچە جۇملە شەكىللىرىنىڭ تەسىرىنى كۆپ قوبۇل قىلغان ئەدىبلەرنىڭ جۇملە تۈزۈلۈشلىرىدىن مۇتلەق پەرقلىنىدۇ. نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدە، مۇرەككەپ ھەتتا ئاددىي گەپلەردە، قىستۇرما-كىرىشمە جۇملە-ئىبارىلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. مۇنداق قىستۇرما-كىرىشمە تەركىبلەر كۆپىنچە ئىزاھلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەت نەۋائى ئەسەرلىرىدە، يەككە-يەككە سۆزلەر، سۆز بىرىكمىلىرى، ئاددىي گەپ، قوشما گەپ ۋە كۆچۈرمە گەپ شەكىللىرىدە كەلگەن. بۇنداق شەكىللەردە "ئۇمىد ئولكىم"، "دۇرلەركىم"، "كى-كىم"، خەۋەر ئۈچۈن "ئەردى-ئىدى"، "بولغاي" (بۇنداق "- غاي / - گەي" بىلەن ئاياغلاشقان ياردەمچى پېئىللارغا سىپايىلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى "- لەر" قوشۇلغان)، "- دۇر/- تۇر" قاتارلىق باغلىغۇچىلار ياكى ياردەمچىلەر ئىشلىتىلگەن.

"ئۇمىد ئولكىم، چۈن ئوقۇغۇچىلار دىققەت ۋە ئېتىبار كۆزى بىلە نەزەر سالغايلەر ۋە ھەرقايسى ئۆز فەھم ۋە ئىدراكلەرىغە كۆرە بەھر ئالغايلەر."

(«م — ق»)

"يەنە ئەدنا تەبەقەسى جەمائەتندۇرلەركىم، نەزم فەقەت بىلە كۆڭۈللەرى خۇشنۇد ۋە خۇرسەند ۋە رازى ۋە بەھرەمەندۇرلەر ۋە يۈز مۇشەققەت بىلە بىر بەيتكىم باغلاشتۇرغايلەر، دەئۋا ئاۋازەسىن يەتتى فەلەكدىن ئاشۇرغايلەر."

(«م — ق»)

نەۋائى نەسرىي ئەسەرلىرىدە، بىۋاستە خەۋەرگە باغلىنىپ، خەۋەرنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىگە كۆپىنچە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى — p- (- پ)، ip- (- ىپ)نى ئۇلاپ، "دۇرلەر" ياكى "ئەردى-ئىدى" قاتارلىق ياردەمچىلەر ئىشلىتىلگەن گەپلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

"ئالەر مىكرى تەئرىفىدە كۆب ئۇلۇغلۇق دەنا ۋە كۆب دىققەتلىغ ھۆكۇما كىتابلار تەسنىف ئىتىپدۇرلەر ۋە مۇجەللەد بىتىپدۇرلەر."

(«م — ق»)

"ئوتتۇز يىل ئەردىكىم، جەمئ زاھىر تەتەئىماتىدىن بىبەھرە ئەردى ... بىر مەسجىد مەنزىلى ئەردىكىم، غەير نەجدىد ۋەزۇئ ئۈچۈن مەزكۇر مۇددەتدە ئاندىن چىقمايدۇر ئەردى. بۇ ئوتتۇز يىلنى يانى ئاستىدا بىر بورىيا ۋە باشى ئاستىدا بىر خىشت بىلە ئۆتكەرىب ئەردى."

(«م — ق»)

بۇنداق جۈملە شەكىللىرىدە، بەزەن خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلنى بولۇشسىز ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدىغان mɛs/- mas - (- ماس / - مەس) قوشۇمچىسى بىلەن ئاياغلاشتۇرغان.

"قەنائەت چەشمەئى دۇركىم، سۇيى ئالماق بىلە قۇرۇماس ۋە مەخزەندۇركىم، نەقدىنى سىيپاماق بىلە ئۆكسۇمەس".

(«م — ق»)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەۋائىي جۈملە تۈزۈشتە، سىپايى-سىلىقەت ۋە تەۋسىيە-تىلەك شەكىللىرىنى كۆپرەك قوللانغان، خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان پېئىللارنى، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغاندەك، gɛj/- ʁaj - (- غاي / - گەي) قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىشلەتكەندىن باشقا، كۆپىنچە، شەرت، بۇيرۇق-ئىستەك رايلىرىنى بىلدۈرىدىغان sɛ/- sa - (- سا/- سە) قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن.

"مۇدەررىسنىڭ، كېرەككى، غەرەزى مەنسەپ بولماسا ۋە بىلمەس ئىلمىنى ئايتۇرغە مۇرتەكىب بولماسا".

(«م — ق»)

"يەنە ئۇلكىم، مەجلىس تۈزۈپ، چاغىر ئىچەرگە كۆپ ھىرىس كۆرسەتىلمەسە".

(«م — ق»)

مۇنداق جۈملە شەكىللىرى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئەدەپ-تەكەللۇپ ۋە سىلىقەت يۈزىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. "بولسىلا، كەلسىلە، قىلمىسىلىرا، كەتمىسىلىرى..." دېگەندەك. ئۇيغۇر تىلىدا، خۇددى نەۋائىي جۈملىلىرىدە ئىشلىتىلگەندەك، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلغا قوشۇلغان lɛr/- lar - (- لار/- لەر) بۇنداق ھاللاردا كۆپلۈكنى بىلدۈرمەي، ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە ئانا تىلىنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى تۈزۈشتە جانلىق تىلغا ئوخشاش ياكى يېقىن بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئەمما، بەزى پەلسەپەۋى-غايىۋى پىكىرلىرىنى ئاڭلىتىشتا، ھەشەمەتلىك-دەبدەبىلىك شەكىللەرنىمۇ قوللانغان. بۇ ھاللاردا، جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتە، ئەرەبچە-پارسچە ئىبارىلەرگە ياندىشىش بىلەن بىللە، سۆزلەردىمۇ، ئەرەبچە-پارسچىنى كۆپرەك ئىشلەتكەن. بۇنىڭدا، شۇ زاماندا ئەدەبىيات

ئەھلى ۋە سەلتەنەت جامائەسىگە مودا بولغان تىل ئادىتىنىڭ تەقەززاسىغا باقفان.

ئۆز ئانا تىلىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن ئەلشىر نەۋائى بىر ئۆمۈرلۈك ئەمەلىيىتىدىن چىقارغان خۇلاسىسىگە ئاساسەن، ۋاپاتىدىن بىر يىل ئىلگىرى يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ئەسىرىدە، ئىپتىخارلىق بىلەن: ”ئارىغ تۈركىي تىلگە نەزم ئايىتىپتىمەن“ دېگەنىدى. نەۋائى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ۋە تىل جەھەتتە تارىخىي ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ ھەم يېڭى ئامىللارنى يارىتىپ، قېرىنداش قەۋملەردىن ۋە پارسچىدىن پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئانا تىلىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

شۇ زامانىنىڭ ئاتالغۇسى بىلەن ”تۈركىي شائىر“ دەپ ئاتالغان مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىنىڭ ”ئۇيغۇر ئەسلىلىك“ ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تىل پاكىتلىرىمۇ دەلىللەيدۇ.

دەرۋەقە، نەۋائى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ”ئۆزبېك شائىرى“ دەپ تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىندى. چۈنكى، ئۆزبېك خەلقى قىپچاق ئەسلىلىك قەدىمكى تۈركىي قەۋملەردىن بىرى. ئۆزبېك كۆچمەنچىلىرى سەيھۇن بويىدىن 16-ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى نەۋائى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر ۋە فەرغانە دىيارىغا كۆچۈپ كېلىپ جايلاشقاندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ مەئىشەت ۋە مەدەنىيەت، جۈملىدىن تىل جەھەتلىرىدە بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ جايلاردا قەدىمدىن ياشاپ ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. بولۇپمۇ فەرغانە دىيارىدىكى ”شەرق تۈركچىسى“ ئۆزبېكلەرنىڭ تىلىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. شۇ سەۋەبتىن، نەۋائىنى شەرتلىك ھالدا ”ئۆزبېك شائىرى“ دېيىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

نەۋائى ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ ماقالىمىز پەقەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەسلەپكى كىرىش، خالاس. نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلنى تارىخىي سېلىشتۇرماشۇناسلىق يولى بىلەن ئۆگىنىشتە، بارلىق ئەسەرلىرىنى ئىزچىل ۋە پەيدىنپەي تەتقىق قىلىش خىزمىتى تىلشۇناس، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇسى.

**قوشۇمچە:**

## نەۋائى تىلىنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدا

نەۋائى ياشىغان زاماندا پارس تىلىنىڭ نوپۇزى يۇقىرى ئىدى. 14 — 15-ئەسىرلەردە، كافكاز، ئەزەربەيجاندىن تارتىپ بۇخارا، سەمەرقەنتكىچە، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ياشايدىغان دىيارلاردىمۇ، ھۆكۈمران تەبىقە ۋە فېئودال زىيالىيلارنىڭ ئىمتىيازى ھەم قوللىشى تۈپەيلىدىن، پارس-دارا تىلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ئەدىبلەر، شائىرلار ۋە ئالىملارنىڭ تولىسى ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. ئۆز ئانا تىلى سەلتەنەت ۋە ئىلىم-سەنئەت تىلى مەۋقەسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. (نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە تونۇشتۇرۇلغان 92 ئەدىبتىن پەقەت 16 سىلا تۈركىگوي ئىكەنلىكىنىڭ ئەسلىتىلگەنلىكى بۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ). شۇڭا، نەۋائى ئەدىب، شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلىپ، مۇنداق دەپ يازغان: ”بۇ ئەلفاز ۋە ئىبارەتتە بۇ نەۋئ دەقايىق كۆپدۇركىم، بۇكۈنگە دېگۈنچە، ھېچ كىشى ھەقىقەتىگە مۇلاھىزە قىلماغان جەھەتىدىن بۇ ياشۇرۇن قالىپدۇر...

ۋە فىلھەقىقەت، ئەگەر كىشى ياخشى مۇلاھىزە ۋە تەئەممۇل قىلسا، چۇ، بۇ لەفزدە ۋۇسئەت (كەڭلىك) ۋە مەيداندا مۇنچە مۇسھەت (ئوچۇقلۇق) تاپىلۇر...".

نەۋائىي ئەرەبى، پارسىي ۋە تۈركىي — بۇ ئۈچ تىل ئىستىخىيىلىك ھالدا رىقابەتلىشىۋاتقان ئەمما ھۆكۈمران دائىرىلەر ۋە كۆپچىلىك زىيالىيلار قاتلىمى پارسىي تىلغا يان بېسىۋاتقان زاماندا، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلىنىڭ باي خەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمەن پارس تىلىنىڭ قايسى شەكىل ۋە ئۇسلۇبىدا قانداق ئەسەرلەر يېزىلغان بولسا، ئۆز ئانا تىلىدا شۇنداق ئەسەرلەرنى ياراتتى.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پىر-ئۇستازى ھەم دوستى — نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى (1414 — 1492) يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان «ھەفتەپەيكەر» («يەتتە يۇلتۇز») ناملىق ئەسىرىنىڭ خاتىمىسىدە، نەۋائىينىڭ بۈيۈك تۆھپىسى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

زىھى تەبئىي تۇ ئۇستادى سۇخەن،
زى مىفتاھى كىلكەت كۇشادى سۇخەن.

سۇخەنرا كى ئەز رەۋنەق ئۇفتادە بۇد،
بەكۇنچى ھەۋان رەخت بىنھادە بۇد.

تۇدادى دىگەن بار ئىن ئابروي،
كەشدى بەجەۋلەنگاھى گۇفتۇگوي.

سەفا ياب ئەز نۇرى رايى تۇشۇد،

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەۋائى زى لۇتفى نەۋائى تۇشۇد.

(مەنىسى: ئەي، سىنىڭ تەبئىتىڭ سۆز ئۇستازىدۇر، قەلەم ئاچقۇچۇڭ بىلەن سۆز ــ تىل ئىشكىنى ئاچتىڭ. روناق تاپالماي قالغان ۋە خارلىق بولۇشىدىن ئورۇن ئالغان (تۈركىي) تىلغا سەن يېڭىدىن ئابروي بەردىڭ، ئۇنى ئىجادىيەت مەيدانىغا ئېلىپ چىقتىڭ، ئۇ سىنىڭ رايىڭنىڭ نۇرىدىن ساپالىق بولدى. لۇتفىڭ نەۋاسى (بايلىقى)دىن نەۋالىق (بەھرىمەن) بولدى.)

نەۋائى ئەدەبىي-ئىلمىي ئىجادىيەتتە ئۆز ئانا تىلىغا ئېتىبار بېرىشنى كۈچلۈك تەرغىپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز خەلقىنىڭ تىلىنى قەدىرلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. نەۋائى: «تىلغا ئىختىيارسىز ئەلگە ئېتىبارسىز» دەپ، ئۆز ئانا تىلىنى قوپال تىل دەپ كەمسىتكۈچىلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن.

رۇس تۈركولوگلىرىدىن ن. ئى. ئىلمىنسكىي نەۋائىنى «ئانا تىلى ئۈچۈن كۈرەشتە يېگانە ۋە باھادىر جەڭچى ئىدى» دەپ تەرىپلىگەن. جۇغراپىيىشۇناس م. بېلىن نەۋائىغا مۇنداق باھا بەرگەن: «نەۋائى مىللىي تىلغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئاساسلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى باشلاپ بەردى».

نەۋائىي تىلنىڭ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن. نەۋائىي تىل (نەۋائىي ئاتالغۇسىدا سۆز) ھەققىدە مۇنداق تەبىر بەرگەن:

سۆزدۇركى، نىشان بېرۇر ئۆلۈككە جاندىن،
سۆزدۇركى، بېرۇر جانغا خەبەر جانانىدىن.

ئىنساننى سۆز ئەيلەدى جۇدا ھەيۋاندىن،
بىلكىم، گەۋھەرى شەرىفراق يوق ئاندىن.

كۆڭۈل دۇرجى ئىچرە گەۋھەر سۆزدۇرۇر،
بەشەر گۇلشەنىدە سەمەر سۆزدۇرۇر.
(«ف — ش»)

جىسىم بوستانىغا شەجەر سۆزدۇر،
روھ ئەشجارىغا سەمەر سۆزدۇر.

بويلە بۇلبۇل نەۋاسى سۆزدۇر بەس،
نەغمەئى جانفەزاسى سۆزدۇر بەس.
(«س — س»)

گەر خۇد ئىبرۇر خەنجەر پولاد تىل،
سۇفتى داغى ئىنجۇلەرى سۆزنى بىل.

سۆزدىن ئۆلۈكنىڭ تەنىدە روھ پاك،
روھ داغى تەن ئارا سۆزدىن ھەلاك.

تىرگۈزۈپ ئۆلۈكنى كەلامى فەسىھ،
ئۆزگە جان بەخش لەقەب دەپ مەسىھ.

تەگرىكى ئىنساننى قىلىپ گەنج راز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆز بىلەن ھەيۋاندىن ئاتقا ئىمتىياز...

(«ھ — ئە»)

نەۋائى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سۆزدىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە ئۇلگە كۆرسەتكەن. نەۋائى سۆز (تىل)نى ئاۋۋال كۆڭۈلدە راسا پىشۇرۇپ، ئاندىن سۆزلەش ۋە يېزىش كېرەكلىكىنى، كۆڭۈلدە نىمە بولسا، ئاغزىمغا شۇ كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمەسلىكنى تەكىتلىگەن:

"سۆزنى كۆڭۈلدە پىشقارماغۇنچە تىلغا كەلتۈرمە،
ھەرنەكىم كۆڭۈلدە بار تىلغا سۈرمە"؟

"كۆڭۈل مەخزەنىنىڭ قۇلپى تىل ۋە ئۇل مەخزەننىڭ كەلتى — سۆز بىل".

"ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك ناداننىڭ ئىشى،
ئالىلغا كەلگەننى يېمەك ھەيۋاننىڭ ئىشى."

"ئاقىل چىن سۆزدىن ئۆزگىنى دېمەس، ئەمما بارچە چىننى ھەم دېمەك ئاقىل ئىشى ئەمەس".

نەۋائى بەدىئىي ئەسەردە سۆزنىڭ قىممىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەدىب ھەربىر سۆزگە ئۆز پەرزەندىدەك قاراش ۋە ئۆزىگە پىسەنت كەلگەن سۆزنىڭ ئەلگە پىسەنت كېلىشىنى ئويلاش كېرەكلىكىنى خىتاب قىلغان:

كى سۆز زادەئى تەبئۇ فەرزەند ئېرۇر،
چۇ فەرزەند ئېرۇر، جانغا پەيۋەند ئېرۇر...

سۆزۈڭكى ساڭا كەلدى ھالا پىسەند،
پىسەند ئېركىن ئەل ئىچرە يانا پىسەند.

(«س — ئى»)

خەلقنىڭ سۆز بايلىقىدىن كەڭ ۋە ئوبدان پايدىلىنىش ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئەسەرنى پاساھەتلىك يېزىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ دەپ، نـەۋائى ئەدىب، شائىرنى تىل دېڭىزىدا غەۋۋاس بولۇشقا تەرغىپ قىلغان:

ئول كىشى سۆز بەھرىدە غەۋۋاس ئېرۇر
كىم، گەۋھەر مەئنى ئاڭا خاس ئېرۇر.

نەۋائى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئىشلىتىش ۋە ئاڭلىتىدىغان مەنىگە مۇۋاپىق سۆزنى تاللاش كېرەك دەيدۇ:

ئەي نەۋائى، سۆزدە مەئنى يوقتۇرۇر، مەئنىدە سۆز،
دۇررى مەئنى ئىستەر ئولساڭ، ئەيلەگىل گۇفتار بەس.
(«ب —ۋ»)

ئاندىن ئىشلەتكەن سۆز — تىلنىڭ ئەلگە پايدىلىق بولۇشى، پايدىسىز بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىش كېرەك دەيدۇ. نەۋائى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

سۆز بىلە نەفئ ئولماسا ئەل پېشەسى،
ياخشى كېرەك كۆڭلىدە ئەندىشەسى.

بۇ سۆز ئېتىپ ئانچە بەلىيەتنى دەفئ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىم، ساچىبان گەنج يېتىشمەي بۇ نەفش.
(«س — ئى»)

نەۋائى، شېئىرىيەتتە ۋە ئومۇمىي بەدىئىي ئىجادىيەتتە، نەزم دېڭىزىدا گەۋھەر ئىستەپ، تىنماي غەۋۋاس بولغان ۋە شېئىرىيەتكە ئۆز قۇدرىتى، قابىلىيىتى ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغان ئۇستازىمىزدۇر.

بەزم دۇرى ئىستەرىگە خاس ئۆلۈپ،
بەھر تەخەييۇل ئارا غەۋۋاس ئولۇپ...

شېئىركى ھەم تۈشتى مېنىڭ شانىمە،
ئول ئوتۇ بۇ تاشدۇرۇر جانىمە.

نە دېيە ئالۇرمەن تۈزۈبان بەرگىنى،
مۈمكىن ئەمەس خۇد تۇتارىم تەركىنى...

شېئىردۇر ئولكىم دېمەكى سۇد ئەمەس،
كۆپ دېسە خۇد غەير زىيان بۇد ئەمەس.
(«ھ — ئە»)

نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىنى كىچىكلىكىدىن تارتىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن ۋە شېئىرلىرىنى ھەمىشە ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازغان ھەم بۇنى ئۆزىگە شەرەپ دەپ بىلگەن. نەۋائىينى نەۋائىي قىلغان ئۆز ئانا تىلىدۇر، نەۋائىينىڭ نىشانى (بەلگىسى) "تۈركىي ئەلفاز" بولۇپ نەۋائىي بۇنىڭدىن

ناھايىتى پەخىرلەنگەن .

چۈن كىچىك ياشتىن ماڭا بولدى نەسىب،
نەزم ئەداسىدە خەيالاتى غەرىب.

شېئىر ھەرسىنفىنى قىلدىم ئىبتىدا،
تۈرك ئەلفازى بىلە تاپتى ئەدا.

مەنكى تۈرك ئەلفازىغا ئەيلەپ شۇرۇئ،
نەزم تاپتى تەبئىلىكىمدىن ۋۇقۇئ.

چۈن سەھابى ئەبئىم ئولدى دۇرفىشان،
نەزم-لە ئەردى نەۋائىدىن نىشان.

چۈنكى تاپتىم ئول كەلام ئىچرە كەمال،
تۈركىي ئەلفازى بىلە سۈردۈم مەقال.

(«ل — ت»)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەلشىر نەۋائىنىڭ پوئېتىكىسى

پوئېتىكا — ئىككى قات مەنىلىك ئاتالغۇ: بىر مەنىسى — شېئىرشۇناسلىق، شېئىر يېزىش ئۇسۇلى؛ يەنە بىر مەنىسى — شېئىر تەرزى، شائىرنىڭ ئۇسلۇبى، شېئىرىي مەكتەپ (گۇرۇھ).

مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىنى ئەنە شۇ ئىككى قات مەنىلىك سۆز بىلەن، يەنى "نەۋائى پوئېتىكىسى" دەپ ئاتاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت مېتودى (جۈملىدىن دىۋان تۈزۈشتىكى يېڭىلىقلىرى)، بەدىئىي ماھارەت (بەدىئىي ئۇسۇل-ۋاستە، بەدىئىي تەسۋىر)، بەدىئىي ژانىر، سۆز سەنئىتى ۋە سەنئەت يوللىرى جەھەتلىرىدە، ئەلشىر نەۋائى ئەرەب-ئەجەم پوئېتىكىسىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە-قانۇنلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، شېئىرىيەتتە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ياراتقان ناۋاتۇر شائىر.

ئىككىنچى تەرەپتىن، نەۋائى كلاسسىك ئەدەبىياتتا پوئېتىك تەسۋىرنىڭ ئۇسۇل ھەم ۋاستىلىرىنى ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ھەم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى 500 يىللىق تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ باي تەجرىبىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىجادىي قوللانغان ئەمەلىيەتچى شائىر.

ئۈچىنچى تەرەپتىن، نەۋائى كلاسسىك ئەرەب-ئەجەم شېئىرىيىتىدە ئىشلەنگەن نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تۈركىي شېئىرىيەت تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، تۈركىي-مىللىي شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى ئىشلەپ چىقارغان

تەجرىبىچى شائىر.

بۇلاردىنمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىنىڭ بايلىق قۇدرىتى ۋە پاساھەتلىك ئىقتىدارى، ئېستېتىك خاسىيەتلىرىنى ئەرەب-ئەجەم تىللىرىنىڭ ئىمتىيازى ئالدىدا نامايىش قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى قاتتىق كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر.

ئەلىشىر نەۋائىي — 15-ئەسىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنى بەدىئىي جەھەتتىن ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە، ژانىر جەھەتتىن بېيىتقان، ۋەزىن جەھەتتىن سىستېمىلاشتۇرغان، سەنئەت يوللىرىنى شاخلاندۇرغان، بولۇپمۇ تېماتىكىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاكتۇئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىرىيەتنىڭ غايىۋى دەرىجىسىنى يۇكسەلدۈرگەن ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شۇڭلاشقا بۇ شائىرنى 15-ئەسىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارى دەيمىز.

دېمەك، نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسىنى، بولۇپمۇ ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتىگە تەتبىق قىلغان سەنئەت يوللىرىنى ۋە سەنئەتكارلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، نەۋائىي ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش بۈگۈنكى شېئىرىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە، ئۆزبېك ئەدىبلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ياراتتى؛ ئۇلاردىن كۆپلەپ نەۋائىيشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. خاس نەۋائىينىڭ پوئېتىكىسىنى تەتقىق قىلغان ئەدىبلەردىن ھەمىد سۇلايمانوۋ («ئەلىشىر نەۋائىي لىرىكىسى ھەققىدىكى تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقات»)، مەقسۇد شەيخزادە («نەۋائىينىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى ھەققىدە»)، ئا.ھەيتەمەتوۋ («نەۋائىي لىرىكىسى»)، ياقۇبجان ئىسھاقوۋ («نەۋائىي پوئېتىكىسى») ۋە باشقىلار. بۇ ئەدىبلەر نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ياخشى ئۆرنەكلەر ياراتقان ۋە نەۋائىينىڭ لىرىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن. بىز نەۋائىي پوئېتىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئەمگەك نەتىجىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلاندۇق.

## 1. نەۋائىينىڭ دىۋان تۈزۈشتىكى نەۋاتۇرلۇقى

بۇ مەسىلە، ئالدى بىلەن، نەۋائىينىڭ دىۋان تۈزۈشتىكى يېڭى-ئىجادىي ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلىش بىلەن ئايدىڭلىشىدۇ.

نەۋائىينىڭ دىۋانلىرى تۈزۈلمە-قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئەلىشىر نەۋائىي: "نەچچە نەۋئى ئىشكىم مۇندا مەرئى بولۇپتۇر (كۆزگە چېلىقىدۇ)، ئۆزگە دىۋاندا كۆرۈلمەيدۇر. ئول بۇ دۇركىم — " دەپ، تۆۋەندىكىچە خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسەتكەن:

بىرىنچىسى، تۈركىي شائىرلار تۈركىي تىلغا خاس بولغان "تۆرت ھەرپكە تەئەررۇز قىلىنمايدۇرلەر"؛ "بۇ جەھەتتىن ئول تۆرت ھەرپ جەۋھەرىدىن دەغى ئۆزگە ھۇرۇف جەۋھەرى سىلكىگە تارتىپ (قاتارىغا كىرگۈزۈپ)، غەزەلىياتنى ئوتتۇز ئىككى ھەرپ تەرتىبى بىلە مۇرەتتەپ قىلىندى".

14-15-ئەسىرلەردە، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر يېزىقتا ئەرەب ئېلىپبەسىنىلا ئىشلەتتى. ئەرەب ئېلىپبەسى 28 ھەرپتىن ئىبارەت ئىدى.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| خ | ح | ج | ث | ت | ب | ا |
| ص | ش | س | ز | ر | ذ | د |
| ق | ف | غ | ع | ظ | ط | ض |
| ى | ھ | و | ن | م | ل | ك |

پەقەت پارسىي تىلدا يازغۇچىلار ئۆز تىللىرىدىكى سۆزلەرنى مەنا پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجىدىن، پارس فونېتىكىسىغا خاس بەزى فونېمىلارنى (چ ژ گ پ) ئىشلىتىپ قوياتتى. ئەمما، ئەرەب-ئەجەم ياكى تۈركىي تىللاردا دىۋان تۈزگۈچىلەر يەنىلا شۇ 28 ھەرپكە ئاساسلىناتتى. تۈركىي ياكى پارسىي شائىرلارمۇ "ب" ۋە "پ" تاۋۇشلىرى ئۈچۈن بىرلا "ب" ھەرپىنى نەپەسلىك ياكى نەپەسسىز تەلەپپۇز قىلاتتى. نەۋائىي 28 ھەرپكە تۆت ھەرپنى قوشۇپ 32 ھەرپ تەرتىپى بويىچە، دىۋانىنى تۈزۈپ چىققان، ھەتتا مۇرەككەپ ھەرپ بولغان "لا" (لام ئەلىف) كىمۇ بىرقانچە غەزەل يازغان.

ئىككىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىينىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: "... ھەر ھەرف غەزەلىياتىنىڭ ئەۋۋەلقى غەزەلىنى يا تەڭرى تەئالا ھەمدى بىلەن مۇۋەششەھ، يا رەسۇل ئەلەيھىسسەلام نەئتى بىلەن مۇفەتتەھ، يا بىر مەۋئىزە (ۋەز-نەسىھەت) بىلەكىم، بۇ ئىككى ئىشتىن بىرىگە لال بولغاي، مۇۋەززەھ قىلىندى (روشەنلەشتۈرۈلدى)".

قايسىلا ھەرپ تۈركۈمىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ بولسۇن، بىرىنچى غەزەل تەڭرى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى مەدھىيىلەشكە بېغىشلانغان ۋە شۇنىڭدەك ئۆگۈت-نەسىھەت مەزمۇنىدا يېزىلغان. بۇ ئىككى خىل مەزمۇندىن ھېچقايسىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغان.

ئۈچىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن: "... بۇ دىۋاندا، ھەمد ۋە نەئت ۋە مەۋئىزەدىن باشقا، ھەر شورەنگىز (غوغا پەيدا قىلغۇچى) غەزەلدىنكىم، ئىستىمائى مەھۋەشلەرگە مۇجىبى سەركەشلىك (قۇلاققا ئىشتىلگەن ئايدەك گۈزەللەرگە بويۇنتاۋلىق قىلىشى ئۈچۈن سەۋەبچى) ۋە غەمكەشلەرگە مۇجىبى مۇشەۋۋەشلىك (كۆڭلىگە پەرىشانلىق) بولغاي؛ بىرەر-ئىككىرەر نەسىھەتئارا ۋە مەۋئىزەتئاسا بەيت ئىرتىكاپ قىلىندى (بىر-ئىككىدىن نەسىھەت تەرزىدىكى ۋە ئۆگۈت-ۋەزە كەبى بەيتلەر يېزىشقا

www.uyghurkitap.com

كىرىشلىدى)“.

يەنى، نەۋائىنىڭ بۇ سۆزىگە قارىغاندا، غەزەللەرنىڭ تېمىلىرى ۋە مەزمۇنلىرى ئۇ زاماندا ھەممە ئەدىب-مۇسەننىفلەرگە ئەسەرنى تەڭرى ۋە رەسۇل توغرىسىدا سانا-مەدھىيىلەر بىلەن باشلاش ئەندىزە-مودا ئىدى، دىنىي ئەقىدە بويىچە شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. نەۋائىي شېئىرىي ئەسەرلىرىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىرىشمىدىن باشقا، يار، ئىشق، ئەخلاق-پەزىلەت، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىق تېمىلاردا يازغانلىقىنى بايان قىلغان.

تۆتىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائىغىچە تۈزۈلگەن دىۋانلاردا (جۈملىدىن نەۋائىنىڭ دەسلەپكى دىۋانلىرىدىمۇ) غەزەل ۋە قىتئەلەرگە ماۋزۇ قويۇلمايتتى. نەۋائىي لىرىكىلىق مىراسلىرىنىڭ تولۇق دېگۈدەك مۇجەسسىمى بولغان «خەزايىنۇل مەئانى» دىۋانىدا، ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن تۈزۈلگەن غەزەل ۋە قىتئەلەرگە، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان ئايرىم-ئايرىم ماۋزۇ قويۇلغان. مەسىلەن:

«فەۋايىدۇل كىبەر» دىۋانىدا، ”ئەلىف“ قاپىيىسى بىلەن تۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ باشلانمىسىغا ”ئەلىف ھەرفىنىڭ ئافەتلەرىنىڭ ئىبتىداسى ’فەۋايىد‘ دىن“؛ ”ج ھەرفىنىڭ جەملەلەرىنىڭ جىلۋەسى ’فەۋايىد‘ دىن“؛ ”م ھەرفىنىڭ مەھبۇسلارىنىڭ مەلاھەتى ’فەۋايىد‘ دىن“ دېگەندەك.

قىتئەلەرگە: ”ئۇل بابىدەكىم، غەلەت قىلۇر ئۇلكى، ھۆسن ئەھلىدىن ۋەفا تەمەئ ئەتكەيكى، جىنسى بەشەردە ۋەفا يوقتۇر، تا خوبلەرغە نە يەتكەي“؛ ”سىياسەتلىغ ھاكىمنىڭ ئېھتىسابىدا (ھېساب ئېلىشىدا) ۋە كۆپ قانىن تۆكەردىن قەتلى بىھىسابىدا“؛ ”پەھلەۋان نېئمەتنىڭ سۇلتانىي خانقاھ خادىملىق تەمەنناسى ۋە ئاش ھەۋاسىدا پىشۇرغان خام سەۋداسى“؛ ”ىبراۋ بابىدە كىم، بۇ سارايىن ساتىپ فىسق ئەسبابى تۈزدى ۋە بۇ فىسق ئەسبابى بىلە ئۇل سارايىن بۇزدى“ دېگەندەك.

بەشىنچى خۇسۇسىيەت شۇكى، نەۋائى ئۆز دىۋانىنىڭ قۇرۇلمىسى، شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرتىپلىنىشىنى ۋە بۆلەكلىرىنىڭ مەزمۇن بىلەن باغلىنىشى توغرىسىدا «دىباچە» (كىرىش سۆز) يازغان. «دىباچە»دە يەنە، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر بەزى نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. مەسىلەن، «بەدايىئۇل بىدايە» دىۋانىغا يازغان دىباچەسىدە نەۋائى مۇنداق دەيدۇ: "يەنە بىرى بۇ كىم، گويا بەئزى ئەل ئەشئار تەھسىلىدىن ۋە دەۋاين (دىۋانلار) تەكلىمىدىن غەرەز مەجازىي ھۆسن تەۋسفى ۋە مەقسۇدى زاھىرىي خەتتۇخال تەئرىفىدىن ئۆزگە نىمە ئاڭلامايدۇرلەر. دىۋان تاپىلغايكىم، ئاندا مەۋئىزە ئەنگىز بىر بەيت بولماغاي، مۇنداق دىۋان بىتىلسە، خۇد ئەسرۇ بىھۇدە زەخمەت ۋە زايىئ مۇشەققەت تارتىلغان بولغاي".

## 2. نەۋائىنىڭ لىرىكىلىق ژانىرلىرى

نەۋائى كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ھەممە ژانىرلارنى دېگۈدەك ئىشلىتىپ، نۇرغۇن لىرىكىلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئەمما، نەۋائى بۇ ژانىرلارنى خالىغانچە ئىشلىتىۋەرمىگەن، خۇددى لىرىك ژانىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات دەۋرلىرىدە ۋە بىرەر شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە پەيدا بولغىنىدەك، نەۋائىمۇ ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە دۇچ كەلگەن بىرەر مەسىلە توغرىسىدا پىكىر-تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىدا، شۇ پىكىرنى ئىپادىلەشكە باپ كېلىدىغان بىرەر ژانىرنى تاللىغان. چۈنكى، لىرىكىلىق ژانىر — مەلۇم بىر ئاڭ-پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەدىئىي ۋاستە.

نەۋائى ھەربىر پىكىرگە باپ كېلىدىغان ژانىرنى تاللاش بىلەن بىللە،

شۇ ژانىردا يېزىلىدىغان شېئىر ھەجىمىنىمۇ ئاساسىي مەقسەتنى ئىپادىلەشكە ماس كەلتۈرۈپ بەلگىلىگەن. يەنى، نەۋائى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ توغرىدا، نەۋائى «دىباچە»دە مۇنداق دېگەن:

''ئول جەھەتتىن سەئى قىلىندىكىم، ھەر مەزمۇندا مەتلەئ ۋاقىئ بولسا، ئەكسەر ئانداق بولغايكىم، مەقتەئغىچە سۆزەت خەيسىيەتىدىن مۇۋافىق ۋە مەئنى جانىبىدىن مۇتابىق تۈشكەي.''

نەۋائىنىڭ تۈرلۈك ژانىردا يېزىلغان ھەممە لىرىكىلىق شېئىرلىرىنى ئوقۇساق، شېئىر (يەنە شۇنىڭدىمۇ غايە-پىكىرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مەلۇم بېيىتلار) بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەقسەت ئۈچۈن، ئاۋۋال تەپەككۇرىدە ''مەتلەئ'' ھاسىل بولغاندىن كېيىن، شۇ مەتلەئنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر شەكلىنى (جۈملىدىن ۋەزن، قاپىيىلىرىنى) تاللىۋېلىپ، تاكى مەقتەئغىچە شۇ شەكلنى ئىزچىللاشتۇرغان. يەنە كېلىپ، بىرەر مەقسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شېئىردا تەسۋىرنىڭ قايسى ۋاستىسىنى قوللىنىش كېرەكلىكى بىلەن ھېسابلاشقان. ئاندىن، مىسرالارنىڭ مەنتىقى باغلىنىشلىقى، ئىزچىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر، ئۆزگە شائىرلارنىڭ دىۋانلىرى توغرىسىدا، نەۋائى مۇنداق پىكىر يۈرگۈزگەن: ''... سايىر دەۋايىندا رەسمىي غەزەل ئۇسلۇبىدىنكىم شايىئ تۈرۈر، تەجاۋۇز قىلىپ، مەخسۇس نەۋئىلەردە سۆز ئەرۇسىنىڭ جىلۋەسىگە نەمايىش ۋە جەمالىغا ئارايىش بەرمەيدۇرلەر ۋە گەر ئەھيانەن مەتلەئى مەخسۇس نەۋئىدە ۋاقىئ بولسا، ھەمۇل مەتلەئ بىلە ئىتمام خىلئەتىن ۋە ئەنجام كىسۋەتىن كىيدۇرمەيدۇرلەر. بەلكى تۆگەگۈنچە ئەگەر بىر بەيت مەزمۇنى ۋىسال بەھارىدا گۈلئارايلىق قىلسا، يەنە بىرى فىراق خەزانىدا خارنەمايلىق قىلىپدۇرۇر. بۇ سۆزەت داغى

مۇناسىۋەتتىن يىراق ۋە مۇلايىمەتتىن قىراق كۆرۈندى“.

نەۋائىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئۆز زامانىدا ژانىرلار پوئېتىكىسىغا دائىر رەسمىيەت بولۇپ قالغان قائىدە ۋە ئەنئەنىلەرگە نەۋائى تەنقىدىي قارىغان-دە، ژانىرلار جەھەتتىدىنمۇ نەۋاتۇرلۇق ياراتقان.

ئۆزبېك نەۋائىشۇناسلىرىدىن ياقۇبجان ئىسھاقوۋ ژانىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، رۇس ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن م.ب خراپچېنكونىڭ پىكىرىنى قۇۋۋەتلەپ شۇنداق دەيدۇ: ”ئەينى زاماندا ژانىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەلگىلەيدىغان مىزاننىڭ ئۆزىمۇ ھەربىر دەۋر ئېستېتىك تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىي دەرىجىسى بىلەن باغلىق ھالدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئومۇمەن يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئومۇمىي ئېستېتىك تەسەۋۋۇرنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىق ھالدا، ژانىرلار سىستېمىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس سۈپەت ئۆزگىرىشلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىغىچە بولغان لىرىكىدا ئابستراكت رومانتىك تەسۋىر ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ، ئېپىك ئەسەرلەردە ئەپسانىۋى روھ يېتەكچىلىك قىلسا، نەۋائى ئەسەرلىرىدە كونكرېت دېتاللار، رېئال ھاياتىي مەسىلىلەر، رېئال ھېس-تۇيغۇلار مۇھىم ئورۇن تۇتقان.“ شۇنداقلا يەنە تۈركىي ئەدەبىياتتا نەۋائى ژانىرلارنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ۋە تاكامۇللاشتۇرغانلىقىنى تەكىتلەپ، نەۋائىنىڭ ژانىر جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرقانچە ماددا بىلەن يىغىنچاقلاپ بەرگەن. بۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، نەۋائى لىرىك ژانىرلارنىڭ تەسۋىرىي پرىنسىپلىرىنى كېڭەيتكەن. يەنى، ژانىرنىڭ تەۋسىپىي، تەسۋىرىي، مۇلاھىزەۋى ۋە بۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاشما تىپلىرىنى كەڭ قوللانغان: بەدىئىي تەسۋىر ۋاسىتىلىرىنىڭ — شېئىرىي ماتېرىيال، بەدىئىي سەنئەت يوللىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىپ ئىشلەتكەن.

ئىككىنچىدىن، شېئىردا سىيۇژىتلىق تەسۋىرنى كۆپ قوللانغان.

نەۋائى لىرىكىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەزكۇر ئىككى خۇسۇسىيەت سەۋەبىدىن، لىرىك ژانىرلارنىڭ سىمانتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن.

ئۈچىنچىدىن، نەۋائىنىڭ لىرىك ژانىرلىرى شۇ چاغقىچە كەم ئىشلىتىلگەن ياكى يېڭىلىق بولغان ۋەزنلەرنىڭ تۈركىي شېئىرىيەتكە كىرىشىگە ۋاستە بولغان.

نەۋائىنىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» («چاھاردىۋان»)غا كىرگۈزۈلگەن 3132 شېئىرى 16 خىل ژانىرغا مەنسۇپ. بۇ ژانىرلار — غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، ساقىينامە، مۇستەزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند، تەركىيبەند، قەسىدە، مەسنەۋى، مۇئەممما، لۇغز (تېپىشماق)، تۇيۇق، فەردلەر.

بىز بۇ ژانىرلاردىن بىرقانچىسىنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

## غەزەل

ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كىتابلاردا يېزىلىشىچە: "ئاساسەن ئەرۇزدە يېزىلىشى، بىرىنچى بېيىتنىڭ ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ 'مەتلەئ'، ئاخىرقى بېيىتنىڭ 'مەقتەئ' دەپ ئاتىلىپ، كۆپىنچە مەقتەئدە شائىرنىڭ نامى ياكى تەخەللۇسىنىڭ قەيت قىلىنىشى، مەتلەئ بىلەن مەقتەئ ئارىلىقىدىكى جۈپ مىسرالارنىڭ قاپىيىلىنىپ (مەتلەئدىكى قاپىيە ئىزچىللىشىپ) كېلىشى، ئۈچ بېيىتتىن كام ۋە ئون توققۇز بېيىتتىن زىيادە بولماسلىقى — غەزەل

كومپوزىتسىيىسىنىڭ بەلگىلىرى".

نەۋائىنىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە 7-13 بېيىت قىلىپ يېزىلغان، يەنى مەلۇم دەرىجىدە ئەنئەنىۋى قېلىپ ساقلانغان. بۇ ھەقتە نەۋائى مۇنداق يازغان:

نەۋائى شېئىرى توققۇز بەيتۇ ئون بىر بەيتۇ ئون ئۈچ بەيت
كى، لەۋھە ئۈزرە قەلەم زىبىنەت بېرۇر ئول دۇررى مەكنۇندىن.

بۇ كىم ئەلبەتتە، يەتتى بەيتىدىن ئۆكسۈك ئەمەس، يەئنى
تەنەززۇل ئەيلە ئالماس رۇتبە ئىچرە يەتتى گەردۇندىن.
(«ب — ۋ»)

نەۋائىنىڭ «بەدايىئۇل بىدايە»گە يازغان «دىباچە»سىدە غەزەلنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى پىكرىنى مۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن: بىرەر مەزمۇنغا بېغىشلانغان مەتلەئ (شېئىرنىڭ باشلانمىسى يەنى دەسلەپكى ئىككى مىسراسى) پەيدا بولسا (ئىلھام بولۇپ كەلسە)، شۇ مەزمۇن شېئىرنىڭ مەقتەئىگىچە (ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىغىچە) تەسۋىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق بولۇش ۋە مەنىنى ئېنىق ئاڭلىتىش جەھەتتىن مىسرالار بىر-بىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

مەتلەئ — چىقىش، كۈننىڭ چىقىشى، كۆچمە مەنىسى شېئىردا باشلانما: مەقتەئ — تۈگەش، ئاخىرلىشىش: كۆچمە مەنىسى شېئىردا تۈگەنچە.

غەزەل قۇرۇلما جەھەتتە مەتلەئدىن مەقتەئگىچە بېيىتلىرى مەنەن — مەنتىقى ئىزچىل ۋە بىرخىل قاپىيىلىك بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك، نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەزەللىرىدە ئاخىرقى بېيىت (مەقتەئدىن ئالدىنقى بېيىت) كۆپىنچە لىرىك چېكىنىش سۈپىتىدە كېلىدۇ. قارىماققا، مۇنداق بېيىتلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرزدە، قىستۇرما بولۇپ كېلىدۇ. بۇ — نەۋائىي لىرىكىسىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇللاردىن بىرى.

نەۋائىينىڭ كۆپچىلىك غەزەللىرى كومپوزىتسىيە جەھەتتە ئىنچىكىلىكتە ئىگە. بىر غەزەلدە مەلۇم بىر تېمىنى ئاساس قىلغان ۋە شۇ تېمىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بىرىنچى بېيىتتا ئېيتىلغان پىكىر كېيىنكى بېيىتلاردا راۋاجلاندۇرۇلغان. يەنى، مەتلەئ بىلەن مەقتەئ ئارىلىقىدىكى بېيىتلار پۈتۈن غەزەلنىڭ ئىسپاتى ھېسابلىنىدىغان شەرھىدۇر. دېمەك، غەزەلنىڭ كومپوزىتسىيىسى مەزمۇن ۋە شائىرنىڭ مەقسىتىگە باغلىق بولغان؛ ئاندىن، ھەربىر بېيىت تەسۋىرىي بايان قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئۆز ئاھاڭىغا — ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان.

غەزەلدە ۋەقە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ كەيپىيات — كەچۈرمىشلىرى بىلەن يېشىلىدۇ. شۇڭا، غەزەلدە ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ لىرىك قەھرىمانغا باغلىق بولغان بىرەر ھاياتىي ياكى خىيالىي ۋەقە ياكى كەچۈرمىشلەر بەزىدە نازۇك دېتاللار — ئىنچىكە ئېپىزوتلار، تەسۋىرىي پىرىيوملار بىلەن بىللە ئىپادىلەنگەن ۋە خاس پوئېتىك سيۇژېت ۋۇجۇدقا كەلگەن. نەۋائىي ئىجادىيىتىگە توغرا باھا بەرگەن ز. م. بابۇر ئەرۇز توغرىسىدىكى ئەسىرىدە: "باشتىن ئاياغ بۇ غەزەلدە بىر ھېكايەت مەنزۇم بولۇپتۇر" دەيدۇ.

دېمەك، نەۋائىينىڭ ھەربىر غەزىلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پۈتۈن ئەسەر ۋە ئۆزىگە خاس سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە.

نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنى تەئرىپ، تەۋسىپ، مەدھ، شەرھى ھال (ئىزھار) ۋە ھېكايەت (سيۇژېتلىق) تەسۋىرى دېگەن تىپلارغا بۆلۈش مۇمكىن.

غەزەلنىڭ تىپلىرى مەزكۇر ۋاستىلەرگە قاراپ بۆلۈنگەن. نەۋائى غەزەللىرىدە بۇ ۋاستىلەر ئايرىم-ئايرىم ھەم بىرلىكتە (ئارىلاش) قوللىنىلغان.

نەۋائىي غەزەللىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيەت شۇكى، ئىندىۋىدۇئال-بىئوگرافىكلىق بولۇپ، بۇ نەۋائى ھاياتىنىڭ مەلۇم دەۋر شارائىتى ھەم كونكرېت ھادىسىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تەئرىپ تىپىدىكى غەزەللەردە كۆپىنچە مەھبۇب-سۆيۈملۈكنىڭ ھۆسنى-جامالى، خۇلقى-ئۇرقى مەلۇم ئوخشىتىشلار بىلەن تونۇشتۇرۇلغان. بۇ تىپتىكى غەزەللەر ۋەسپى (سۈپەتلەش) خاراكتېرىدىكى غەزەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، كىيىم-كېچەك ۋەسپى (مەلۇم بىرەر رەڭگە باغلىق ھالدا)، مەھبۇب-يار بىلەن ئالاقىدار بىرەر بۇيۇم (رومال-ياغلىق، ئىگىن-ئاياغ) ۋەسپى، يارنىڭ خەت-مەكتۇبى قاتارلىقلار. ھەممە پوئېتىك تەسۋىر ئەنە شۇ ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، يارنىڭ چېھرىسى ھەققىدىكى تەئرىف («غ — س» دىن):

ئىككى غۇنچەڭ ئەرمەس، ئەي گۈلچىھرە، تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تارۇ كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.

ئاغزىڭغە تەگمەس ئۆزارىڭ بىرلە سۆز،
بولمادى خۇرشىد بىرلە زەررە تەڭ.

لالەنىڭ داغى بولۇر چۇن ئورتادا،
نېگە تۇشمىش ئارەزىڭ يانىدا مەڭ...

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلدە يوق سەرۋ قەدى، سەرۋدە يوق گۈل رۇخسارى،
سەرۋ گۈل رويۇم ئېرۇر ھۆسن تەرىقىدە تۆكۈز......

*   *   *

ناز ئەتكى سەرۋۇ گۈلدە، بەل ئىنىسۇ جىندە يوقتۇر،
بۇ ھۆسنۇ بۇ لەتافەت، بۇ شەكلۇ شەمايىل......

*   *   *

چەمەندە مۇنىسىم نە سەرۋ ئېرۇر، نە گۈل، نە سۇنبۇل ھەم،
ماڭا سەرۋ كېرەككىم، ساچى سۇنبۇلدۇر، يۈزى گۈل ھەم.

مەلۇم رەڭگە باغلىق ھالدىكى تەئرىپ («غ — س» دىن):

قىلغالى خىلئەتىن ئول سەرۋى گۈل ئەندام قىزىل،
قىلدى قان تۆكمەك ئىلە دەھرنى گۈلفام قىزىل.
گۈل سېۋەرمەنكى بۇرەڭ ئەتكەلى خىلئەت ئول شوخ،
رەڭلەر ئىچرە بېرۇر كۆڭلۈمە ئارام قىزىل.

يارنىڭ ئىگىنى توغرىسىدىكى تەئرىپ («غ — س» دىن)

كۆڭلەكنىڭ بەرگى گۈلۇ ئۈستىدە گۈل رەڭ بىلەك،
گۈل كىبى جىسمىڭ ئۈزە ئويلەكى، گۈلگۇن كۆڭلەك.

يارنىڭ ئىسمىنى يازماسلىقى توغرىسىدا («غ — س» دىن):

گۈلى رەئنا كىبى كاغەز ئۈزە نامىڭنى يازمايمەن،
سارىغ ئەردى يۈزى خۇنابى ئەشكىم بىرلە قان بولمىش.

تەۋسىپ تىپىدىكى غەزەللەردە، ئىنسانىي گۈزەل سۈپەتلەر، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ”ئىشق ئاتەشكەدەسى شەرارەلەرى“ (ئىشق ئاتەشخانىسىنىڭ ئۇچقۇنلىرى) ئوبيېكت قىلىنغان.
يارنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا تەۋسىپ («غ — س» دىن):

ئەي مېنىڭ جانىم ئالىپ ياخشىلىغىڭ،
بەربان جان يەنە ياخشى قىلىغىڭ...

ھۆسنىدىن مېھر غەرەزدۇر، ئەي ئىشق،
بۇ مەسەلدۇر ”سىلىغىڭدىن ئىلىغىڭ“.

ئىشقنىڭ بىقىياسلىقى توغرىسىدا تەۋسىپ (غ — س» دىن):

گۈلخان ئارا ئاستىڭدا كۆل، ئۈريان باشىڭدا ئىشق ئوتى،
بۇ نەۋئ تەختۇ تاج ئىلە سەنسەن نەۋائى پادىشاھ.

تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەتبىقلاش يولى بىلەن يار-مەھبۇبىنى سۈپەتلەش توغرىسىدا («ق — ك» دىن):

www.uyghurkitap.com

باغدا گۈلگۈن ئەيلەمىش رەۋشەن ئۇزارىڭ باغىنى،
ئۇيلەكىم، ساچقاي سەبا سۇ ئۈزرەگۈل يافراغىنى.

گۈل تولا ساندۇق دەر ھەريان تىمۇر گۈلمىخ ئىلە،
كۆرگەن ئەل ئىشقىڭ تولا كۆكسۈمدە ھەريان داغىنى.

نە ئەجەب گۈلگۈن بۆلۈت بولسا يۇ ئاندىن ياغسا قان،
چۈن سوۋۇرسا يەل شەھىد ئەتكەنلەرىڭ تۇفراغىنى.

خالىڭ ئۇلەئىلىڭ قەتلىدىنكى، قىلدى تۇئمە زاغ،
لەئلگۈن ئەيلەپتۇرۇر مىنقار ئىلە تىرناغىنى.

زەنبەق ئاندا لالەگۈن پۈتكەي، شەجەرلەر سۇرۇخ بىد،
ھەر چەمەنگە بەرسە سۇ قانلىغ سىرىشكىم ياغىنى.

زايى ئولدى، ئەي كۆڭۈل، غەفلەتدىن ئەييامى شەباب،
بارى ئەتمە فەنت ئىسياندىن ئىنايەت چاغىنى.

كۆر نەۋائى شۇئلەيۇ ئاھىيۇ ئەمگەكلىك تەنىن،
كۆرمەگەن بولساڭ بەلا بەرقىيۇ مىھنەت تاغىنى.

مەدھ تىپىدىكى غەزەللەردە ئوبيېكتنىڭ يارچە زاھىرىي ۋە باتىنىي (تاشقى ۋە ئىچكى) پەزىلەتلىرى ماختالغان.
يار-مەھبۇبنىڭ تىپىلغۇسىز چىن گۈزەللىكى، ۋەسل ۋەدە

قىلغانلىقى ۋە سۆزىنىڭ شېرىنلىكى توغرىسىدا مەدھىيە («ب — ۋ» دىن):

سىنىڭدەك بوتە يوقدۇر چىن ئارا،
بوتى چىن سىنىڭ بەندەڭ ئايىن ئارا.

مەگەر ئابىھەيۋانغا كىرىش مەسىھ،
كەلامىڭ لەبى لەئلى شىرىن ئارا.

گۈلەنداملار ئىچرە، ئەي گۈلئۈزار،
قىزىل گۈل كىبى سەن رەياھىن ئارا.

قەدىڭدەك دىسەم سەرۋنى، قىلما ئەيب،
ئەگەر تۇشمەدى راست تەخمىن ئارا.

فىراق ئىچرەكىم ۋەدە قىلدىڭ ۋىسال،
ئەجەب لۇتىق قىلدىڭ ئەيان كىن ئارا.

كۆڭۈلدە سەن ئولساڭ، تەفاۋۇت نەدۇر،
يولۇم بولسا گەر كۇفر، ئەگەردىن ئارا.

نەۋائى دۇئا ئەيلەر ئول ھۆر ئۇچۇن،
مەلايىك، مەدەد ئەيلەڭ ئامىن ئارا.

شەرھى ھال ياكى ئىزھار تىپىدىكى غەزەللەردە ئىچكى دۇنيا توغرىدىن

توغرا مۇلاھىزە تەرزىدە شەرھلەنگەن. مۇنداق غەزەللەردە لىرىك قەھرىمان ئاساسەن ئۆزىنىڭ دەردمەنلىك قىياپىتىنى، ھال-ئەھۋالىنى تەبىئىي ھادىسىلەر ۋە نەرسىلەر ئارقىلىق ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلىگەن. نەۋائىينىڭ بۇ تىپقا كىرىدىغان غەزەللىرى كۆپ، شۇلارغا ۋەكىل سۈپىتىدە «ف — ك» دىن مۇنۇ غەزەلنى مىسال قىلدۇق:

سارىغ ئاغرىغ بولدۇم، ئەي ساقى، خەزانى ھەجر ئارا،
قانى ئەسفەر مەيكى، بار ھەر قەترەسى بىر قەھرەبا.

يۈزۈ جىسمىمدۇر سارىغ بەرگى قۇرۇغان شاخ ئۈزە،
شاخۇ بەرگىكىم، قۇرۇپ سارغايسا، كىم كۆرمىش دەۋا.

نە مەرەزدۇر بۇكى، بىر گۇلرۇخ شەرارى ئىشقىدىن،
بولدى سارىغ لالە كۆزۈم ئاقىبۇ داغى قارا.

سۇد ئىمىش كۆز تۇشسە ئەسفەر جىنسى سەرى، ۋەھ، قەنى،
سەرۋىنازىمكىم، سارىغ گۇل بەرگىدىن كىيمىش قەبا.

سارغارىپ قالمىش ھەۋادىس كاجىغە ھىجران كۈنى،
سىر سارىغ قۇشدەككى، كۈندۈز قالغاي ئول قۇشلار ئارا.

شام ئىلە سۇبھە ئەر سارىغ ئاغرىغ ئەمەسلەر، بەس نەدۇر،
تۈن ساچىن يايىپ، قۇياش يىرتىپ يۈزىن، تۇتماق ئازا.

دەردى تۇفراقتا نىهان ئەتتى نەۋائى جىسمىنى،
تاپىبان بىر شۇشە ئالتۇن، دەفن قىلغاندەك گەدا.

بۇلاردىن باشقا، مۇھاكىمە-مۇلاھىزە تىپىدىكى غەزەللەرنىڭ باشقا غەزەللەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنداق غەزەللەردە، مەقسەت-پىكىر ئېنىق ۋە بۇ پىكىرگە ئالاقىدار بولغان شېئىرىي مەزمۇن گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇنداق غەزەللەردە تېماتىكا ۋە مۇئەممالىق (مەسىلە قويۇش) جەھەتلىرىدىن شائىر ئۆز شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا، زامان-دەۋران ۋە دەۋر سۈرگۈچىلەر ئۈستىدىن شىكايەت، تەنقىد-تەقرىز قىلىنىدۇ.

يارنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە ئەھدى يالغانلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە مۇلاھىزە( «غ — س» دىن) :

ساڭا ئىش جەۋلان قىلىپ مەيداندا چەۋگان ئويناماق،
ماڭا ئالىڭدا باشىمنى گوي ئېتىپ جان ئويناماق.

باش ئاۋۇچلاپ ئەگمە قامەت بىرلە قالمان رەخشىدىن،
تا تىلەر چابۇكسۇۋارىم كۆڭلى چەۋگان ئويناماق.

كۆز قاراسىن ئويناتۇر ھەرلەھزە ئول مەردۇمنى كۆر،
ھىندۇيىدەككىم ئېرۇر ئايىنى قالقان ئويناماق.

ئويناي-ئويناي ئەيلەدىڭ كۇفرئىلە دىنىمنى بەدەل،
ئاللاھ-ئاللاھ، بۇمۇدۇر، ئەي نا مۇسۇلمان ئويناماق.

جەۋر تاشىن ئول پەرى ئويناپ ئاتاي دەر ئەل سارى،
ۋەھكى، بۇ دېۋانەغە يەتكەچ نە ئىمكان ئويناماق.

ھەر سەرى ئەشكىم يۈگۈرمەك نە ئەجەبكىم، ئەيىب ئەمەس،
تىيرە ئۆيدىن چىققاچ-ۋوق ياشلارغا ھەريان ئويناماق.

چەرخ ئويۇن بىرلە ئالۇردىن نەقدىن ئەلدىن، ۋاقىف ئول،
بۇ مۇشەئبىد بىرلە بولماس ئەھلى ئىرفان ئويناماق.

ۋەئدە كۆپ قىلدىڭ نەۋائىغە ۋە لېكىن ئويناباں،
مۇنچە بولغاي ئەل بىلە، ئەي ئەھدى يالغان، ئويناماق.

ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆڭلى پەرىشانلار بىلەن كارى بولماسلىقى، زورلارنىڭ زارلارغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلىقى، بىدەردلەرنىڭ دەردمەنلەرنى چۈشەنمەسلىكى توغرىسىدا شىكايەت («ۋ — ك» دىن):

شاھنىڭ مۈگلۈق مۇشەۋۋەشلەر بىلە نە نىسبەتى،
كامرانلارغا بەلاكەشلەرگە قايدىن ئۈلفەتى.

ئولكى قەھر ئەتسە، قىلىچىدىن دەما-دەم قان تامار،
باغرىدىن قان تامغۇچىلار بىرلە نەجىنسىيەتى.

ۋەسل نۇشى بىرلە جان تاپقانغا، ۋەھ، ئاندىن نەغەم
كىم، تولادۇر زەھرى قاتىل بىرلە جامى فۇرقەتى.

دەھر قىلغاندىن يالاڭ باشىنى تەڭ تۇفراغ ئىلە،
نەخەبەر ئۆلكىم، يېتەر گەردۇنغە تاجى رىغئەتى.

مور ئاياغ ئاستىدا ئۆلگەندىن قاچان تاپقاي ۋۇقۇف،
ئارسلانكىم، كۆككە چىرماشغاي گىرەۋى شەۋكەتى.

بىر كىچە تاڭ ئاتقۇچە ھىجران ئوتىغا كۆيمەگەن،
قايدا بىلسۇنكىم، نەدۇر مەجرۇھ كۆڭلۇم ھالەتى.

قوي بۇ سۆزلەرنىيۇ بول ھالىمدىن ئاگاھ، ئەي رەفىق
كىم، بۇ ئاقشام ئەسرۇ سەئىب ئولمىش فىراقىم شىددەتى.

ئەي كۆڭۇل، ئىشق ئىچرە يوق شاھۇ گەداغا ئىمتىياز،
ئوت ئارا تەڭدۇر قۇرۇق يا ئۆل يىغاچنىڭ ھىرقەتى.

ئىشق جامىن، ئەي نەۋائى، تەۋبە قىلماق سەئىب ئېرۇر،
خاسسەكىم، يوق زۇھدۇ تەقۋا بىرلە كۆڭلۇم رىغبەتى.

باج-خىراج قويۇشنىلا بىلىدىغان ھۆكۇمرانلارنى ئادالەتكە، ساخاۋەتكە ئۈندەش توغرىسىدىكى تەقرىز:

ئەي جەھان مۇلكى خىراجى ساڭا بىر گەۋھەرتاج،
مۇلۇكلەر شاھى قويۇپدۇركى ماڭا باج-خىراج.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزۈبان ئەدل مۈلكىنى كۆكۆلنى ئاباد ئەتتىك،
مۈلۈك مەئمۇرى بولۇر ئەدلىغە شاھ بەرسە رەۋاج.

جۈملىدىن، نەۋائى غەزەللىرىدە، ئەلنى بۇلاپ-تالاپ زۇلۇم سالىدىغان ھۆكۈمرانىنى تويىماس ئەجدىھاغا ئوخشىتىپ تەنقىدلەيدۇ:

جەھان گەنجىگە شاھ ئېرۇر ئەجدىھا
كى، ئوتلار ساچار قەھر ھەڭگامىدە.

خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئەلگە جاپا قىلماسلىق، ئەل مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويۇش، خۇشامەت قىلماسلىق توغرىسىدىمۇ نەۋائى نۇرغۇن غەزەللەر يازغان. مەسىلەن:

كىمكى مەخلۇق خىزمەتىگە كەمەر
چۈست ئېتەر، ياخشىراق ئوشالىسا بەلى.

قول قوۋۇشتۇرغۇنچە، بۇ ئەۋلا
كى چىقسا ئىلكى، سىنسا بېلى.

چۇ خۇشامەد دېمەكنى باشلاسا، كاش
كىم، تۇتۇلسا دەمى، كېسىلسە تىلى.

نەۋائى غەزەللىرىدە ئەلگە جاپا قىلغۇچىلاردىن پەرياد چېكىپ، قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. بىر غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

يۈز جەفا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە فەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە قىلسا بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم.

مۇھاكىمە-مۇلاھىزە تىپىدىكى غەزەللەرنىڭ تېماتىكىلىق دائىرىسى ۋە تــەســۋىــرىــي يوللىرى كەڭرى ۋە كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئۇلۇغۋار-نەسىھەت مەزمۇنىدا يېزىلغان. بۇنداق غەزەللەردە شائىر ئۆزىگە، ئۆزگىگە، ئەلگە، ئۆزىدەك ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولغانلارغا ۋە دورامچىلارغا نەسىھەت قىلىدۇ.

نەۋائىي جامالىغا قاراپ دوست تۇتماسلىق توغرىسىدا ئۆزگىگە ۋە ئۆز ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ يازغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

دوست بولماس گەر جەمال ئەھلىگە جان قىلساڭ فىدا،
دۈشمەنى جاندۇر ئەگەر جانۇ جەھان قىلساڭ فىدا.

خەستە جانىڭغا بەلايى جاۋىداندۇر قاتىلى
كىم، تەمەننىاسىغە ئۆمرى جاۋىدان قىلساڭ فىدا...

ئەي نەۋائىي، كاش يۈز جانىڭ بولۇپ، جانانەدىن
ئىستەمەي بىر ۋەسل، بارىن رايگان قىلساڭ فىدا.
(«ف — ك»)

ياشلار بىلەن قېرىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ياشلىق ۋاقتىنى قەدىرلەش، قېرىغاندا ياشلارنى دورىماسلىق توغرىسىدا:

يىگىتلىكتە قېرىلارغا قىلمادىڭ خىزمەت،

قېرىلىغىڭدا يىگىتلەرگە بەرمەگىل زەخمەت.

قېرىلىق ئىستەر ئىسسەڭ، قېرىلارنى ھۆرمەت تۇت،
قېرىدىڭ ئەرسە، يىگىتلەردىن ئىستەمە سۆھبەت.

قېرى قىزارسا ئىچىپ بادە باردۇر ئانداقكىم،
يۈزىگە غازە بىلە زال ئىستەگەي ھۆرمەت.

قۇرۇق يىغاچقا ئىرۇر باغلاماق شۇ كۆفەيۇ بەرگ،
قېرىكى ئىستەسە كىيمەك قىزىل، ياشىل خىلئەت.

چۇ مۇشكىن ئەيلەدى كافۇر كۆلگەي ئاقۇ قارا،
ئەگەر تىلەر ئىسە كافۇرۇ مۇشك ئىلە زىينەت.

قېرىغا تەۋبەيۇتائەت كېرەك شىئار ئۇلسا،
ئۆزىن يىگىت ياساسا، ئەيلەر ئۆزىگە تۆھمەت.

يىگىتلىگىڭدە ئەگەر تائەت ئەيلەسەڭ سەن، سەن
قېرىدىڭ ئەرسە، نە قىلغۇڭكى، قىلماغۇڭ تائەت.

سەئادەت ئەھلى ئىدى، ئول يىگىتكى، ئەيلەمەدى
يۈزىنى دۇد بىلە تىيرە شۆئلەئى شەھۋەت.

قېرىغا شەھۋەت ئەگەر بەرسە خارىش، ئانداقدۇر

كى، كۆرگۈزۈر قىرنغان خىز ھەققەتى شەنئەت.

ئۆزۈڭنى مۇغبەچەيۇ پىرى دەير جانىبى چەك،
تىلەر ئىسەڭ قىرى ياخۇد يىگىت بىلە ئۇلفەت.

نەۋائى ئەيلەدى ئۆمرى فەساد بىرلەن سەرف،
ئەگەر چى بەردى ئۆزىگە سەلاھ ئىلە شۆھرەت.
(«ف — ك»)

بۇنىڭ ئەكسىچە قىرىلارنى دوراپ يىگىتلەرمۇ مۇكچىيىۋالىدىغانلىقىنى، گادايلار موھتاجلىق يۈكىدىن ھاسا تۇتۇپ مۇكچەيگەنلىكىنى تەنقىدىي تەرىپ بىلەن ئىپادىلىگەن غەزەللىرىمۇ بار.

نەۋائى كۆپلىگەن غەزەللىرىدە، سوپىلىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئەلنى خۇراپاتلىققا باشلاپ، ئۆزى ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان رىياكار ئىشان-شەيخلەرنى ئۆتكۈر ساتىرا تىغى بىلەن جازالىغان. نەۋائى مۇنداق ئىشان-شەيخلەرنى لەئىنتى شەيتان ۋە ئۇلارغا مۇرىد بولغانلارنى ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ياۋايىلار دەپ ئاتىغان. مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوقۇغان ”مەئرىفەت“ (ۋەز-نەسىھەت) لىرىنى جاھالەت ئەفسۇنلىرى دەپ قارىلىغان. مەسىلەن:

ئول شەيخكى، مىنبەر ئۈزە ئەفسۇنگە بىرۇر تۇل،
شەيتاندۇر ئۆزى، مەجلىسىنىڭ ئەھلى سۇرۇك غۇل.

غەفلەتدىن ئەگەر ۋەز ئىلە ئويغاتسىلەر ئەلنى،

ئول ئەيلەر ئۈيۈتماق ئۈچۈن ئەفسانەغە مەشغۇل.

ياشتىن ئاياغ مىنبەرنىڭ پايەسى دەستان،
ھەم ئۆزى-يۇ ھەم مەئرىفەتى جاھىلۇ مەجھۇل.

كۆرمەي خىرەد ئەسبابىدا بىر فەردنى ئاقىل،
تاپماي كىشى ئەفسۇنىدە بىر نۇكتەنى مەئقۇل.

ھەر نېكى ھەدىس ئاتى قويۇپ، بارچەسى مەۋزۇئ،
نەقلىكى مەشايىخدىن ئېتىپ، بارىسى مەجھۇل.

يۈز پارە قىلىپ، مىنبەرى ئوت ياققالى ئەۋلا،
بۇ شەرت ئىلەكىم، بولسا ئۆزى قاتىلۇ مەقتۇل.

ئىبلىس سىفەت ئەل سارى مەيل ئەتمە، نەۋائى،
تا بولماغاسەن زەر قۇ رىيا قەيدىدە مەئلۇل.
(«ف — ك»)

نەۋائى غەزەللىرىدە بىرەر ئەمەلىي ياكى خىيالىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ، مەقسىتىگە يەتكەندەك بولۇش ئۈچۈن بىرەر سيۇژىتنى توقۇپ چىقىپ، ئۆزىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

بىر كىچىك ياشلىق نىگارى تاپمىشەم نازۈككىنە،
سەكرەتۇردە تەۋسەنىن مەيدان ئارا چابۇككىنە.

گاھ ۋەفا، گەھ نازۇگەي ئەفسۇن بىلە ئۆزگىنەسىن،
كۆز گۇزۇپ ھەرلەھزە دىلبەرلىغدە بىر تۇرلۇككىنە.

جەۋر ئىلە تەھدىدى بىدىللەرغە بارى چىنغىنە،
مېھر ئىلە ھەر ۋەئدەكىم، قىلدى بارى ئۆترۈككىنە.

ئاسرۇ يالغان ۋەئدەسىدىن كۆيمىش ئەردى جانغىنەم،
ئاگدىبان بىر كېچە تۇشتى ئىلكىمە ئۇسرۇككىنە.

ئىستەدىم بويىنى قۇچۇپ، يۈزگىنەسىدىن ئۆپكەمەن،
ئىزتىراپ ئەيلەپ تالاشتى، بار ئىمىش كۇچلۇككىنە.

يۈز ئۆيەرگە قويمادى، ئىلكىن دىدىم بارى ئۆپەي،
تاشلابان يۇمرۇقىنە، قىلدى كۆزۈمنى كۆككىنە.

ھەرنە دىدىڭ بار ئىدى يالغانغىنە باشتىن ئاياغ،
ئەي نەۋائى، مۇنچە يالغان دىگۇچە بول شۇككىنە.
(«ف — ك»)

## رۇبائىي

نەۋائىنىڭ لىرىكىلىق ئىجادىيىتىدە، غەزەلدىن قالسىلا، رۇبائىي مۇھىم
ئــورۇن تــۇتىدۇ. نەۋائىنىڭ زاماندىشى، تارىخچى خاندەمىر «مەكارىمۇل

www.uyghurkitap.com

ئەخلاق» دېگەن ئەسىرىدە: ”كۆرۈنۈشچە، ئۇل ھەزرەتدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا رۇبائىي ئايتماغان، ھەر تۆرت مىسرائى قافىيەداش ۋە رەدىفداش بولغىنىغا نىمە يەتسۇن“ دەپ يازغان.

رۇبائىي توغرىسىدا نەۋائى ئۆزى «مىزانۇل ئەۋزان»دا مۇنداق چۈشەندۈرگەن:

”رۇبائىي ۋەزنىكىم، ئانى دۇبەيت (ئىككى بەيت) ۋە تەرانە ھەم دەرلەر. ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەبىدىن ئىستىخراج (تاللاپ-ھاسىل) قىلىپدۇرلەر ۋە ئۇل ۋەزىندۇر ئەسرۇ خۇش ئايەندە (يېقىملىق) ۋە نەزمدۇر بەغايەت رەبايەند (جەلىپ قىلارلىق) شېئىر ئەۋزانىدىن ئۇشبۇ ۋەزندۇركىم، نەزم ئۇستادلەرى ئاڭا ھەددى مۇئەييەن (تەيىن) قىلىپدۇرلەر ۋە غايەت لەتافەتىدىن ئىككى بەيتكە ئىختىسار قىلىپتۇرلەر (ئىخچاملاپتۇ) ۋە ئۇل يىگىرمە تۆرت نەۋئ كېلىپتۇر ۋە مەجمۇئى ئىككى قىسىمغا مۇختەسەردۇر.

بىرى ئۇلكى، ئەۋۋەلقى جۇزۋى (بۆلۈكى) مەفئۇلۇن بولغايكى، ھەزەجنىڭ بىر جۇزۋىنى ھەرم قىلىپدۇرلەر ۋە ئانى ئەخرەم دەرلەر ۋە بۇ ئۇن ئىككى نەۋئ كېلۇر.

يەنە بىرى ئۇلكى، ئەۋۋەلقى جۇزۋى مەفئۇلۇ بولغايكى، ھەزەجنىڭ بىر جۇزۋىن ھەرب قىلىپدۇرلەر ۋە ئانى ئەخرەب دەرلەر. بۇ ھەم ئۇن ئىككى نەۋئ كېلۇر.“

نەۋائىنىڭ چۈشەندۈرىشىچە، رۇبائىي ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەب تۈرلىرىدە يېزىلىدۇ. ئەخرەم تۈرىنىڭ تەپئىلى ”مەفائىلۇن“ بىلەن، ئەخرەب تۈرىنىڭ تەپئىلى ”مەفائىلۇ“ بىلەن باشلىنىدۇ. ئىككى بېيىتنىڭ تەپائىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى بېيىت:

مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ فەئۇل،
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ فەئۇل.

ئىككىنچى بېيت:

مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ فەئۇل،
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل.

دېمەك، بىرىنچى بېيتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى بىلەن ئىككىنچى بېيتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى تەپائىلدا قىسمەن پەرقلەنگەن.

خۇددى شۇ بەھرنىڭ ئىككىنچى بىر تۈرىدە، ئۇلارنىڭ تەپائىللىرى مۇنداق كۆرستىلگەن:

I مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن فاع
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇن فاع

II مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن فاع

شۇ بەھرنىڭ ئۈچىنچى بىر تۈرى:

I مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن فاع
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇن فاع

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

II مەفئۇلۇن فەئۇلۇن مەفائىلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن فائ

نەۋائىي رۇبائىينىڭ ھەزەجى ئەھرەب بەھرىمۇ ئون ئىككى تۈر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەر تۈرنىڭ تەپئىللىرى پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

I مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفئۇلۇن فائ
مەفئۇلۇ مەفائىلۇ مەفائىلۇن فائ

II مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفئۇلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىلۇن فائ

رۇبائىينىڭ باشقا ۋەزن تۈرلىرى توغرىسىدا نەۋائىي مۇنداق دېگەن: "ھەزەج بەھرىدە ئەھرەب زىھافەتىدە ئۆتكەن يەنە ئۈچ رۇبائىيكىم، ھەر مىسرا ئۆزگە ۋەزنىدە ئەردىكى، بۇ ھەم ئون ئىككى ۋەزن بولۇر."

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرىدە، نەۋائىينىڭ رۇبائىي ۋەزنلىرى توغرىسىدا تەھقىقلەپ مۇنداق دەپ يازغان:

"مىر ئەلىشىر نەۋائىي داغى ئون ئىككى ئەھرەم ۋەزنىغە ئۈچ رۇبائىي ۋە ئون ئىككى ئەھرەب ۋەزنىغە ئۈچ رۇبائىي ئايتىپتۇر:

## ئەھرەم ۋەزنىنىڭ رۇبائىيلىرى

يارەب نەئافەتدۇر ئول ھۆسنۇ جەمال

كىم، يوقتۇر يار ئىلە جەھان ئۆزرە مىسال.
مىڭ قەتلە شۈكرىن دېسەم ئول ئاز ئېرۇر،
گەر بولسا بىر زەمان ماڭا كامى ۋىسال.

ئەي سەنسىز ئۆمرۈمدىن ئاسايىش يوق،
كۆز ئىستەركىم، كۆرسە جەمالىڭنى توق.
كەلگىنكىم بىر قەترە ئۇزارىڭنى كۆرەي
كىم، ھەجرىڭ كۆپ ئەردى بۇ كۆكسۈمگە ئوق.

ئەي مەھۋەش ئۆتكەي بۇ سەركەشلىك ھەم،
رەھم ئەيلەپ بۇ قۇلغا جەفانى قىل كەم.
تا تەڭرى ئاسراغاي خەلايىققە سىنى،
ئەيلەرمەن يۈز دۇئا سىنىڭ سەرى دەم.

## ئەھرەب ۋەزىنىنىڭ رۇبائىيلىرى

ئەي سەندىن ئولۇپ باغرىم ھەم كۆكسۈم داغ،
كۆڭلۈم ئوتۇ ئول ئوتقا تۆكۈپ ئەشكىم ياغ.
تەڭ ئولسا غەمىڭ ئىچرە جانىڭغا فىدا،
جان كۆيسە مۇھەببىتىڭدە سەن بولغىل ساغ.

بىر لەھزە كۆڭۈل سەنسىز ھالىن بىلمەس،
جەۋرۇڭنى كۆڭۈلگە ئەي پەرىۋەش قىل بەس.
ھەجرىڭدە فىغانىمغا ئۇلۇس نالە قىلۇر،

قىل ھالىمە رەھىم كىم ئىرۇرمەن بىكەس.

ئەي شوخ، بىزنىڭ سەرى بىر ئەيلە نەزەر
كىم، ئاھۇفىغان ئۈتى چىكەر كۆككە شەرەر.
يا ۋەسل ئىلە كۆڭلۈمگە قەرىن ئەيلە مۇراد،
يا قەتل ئىلە قويما بۇ ھەياتىمغا ئەسەر."

دېمەك، نەۋائىنىڭ تەبىرىچە، رۇبائىي شەكلىدە قاپىيىلەنگەن ھەرقانداق تۆتلۈك رۇبائىي بولۇۋەرمەيدۇ. رۇبائىيدا بىر پۈتۈن مەزمۇن، مەخسۇس ۋەزن بولۇشى كېرەك.

غەزەل بىلەن رۇبائىينىڭ ۋەزن جەھەتتىن پەرقى بار. غەزەل ئەگەر ھەزەج بەھرىنىڭ تولۇق (يەنى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىمۇ ئەركان) تۈرىدە يېزىلسا، ئۇنىڭ زىھافەت تەپئىلى تۆت مەفائىلۇن بىلەن كېلىدۇ ۋە بۇ بىر غەزەلدە مەتلەئدىن مەقتەئغىچە ئىزچىللىشىدۇ؛ ئەگەر ھەزەج مۇسەممەنى ئەھرەبدە يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ زىھافەت تەپئىلى "مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇن" بولىدۇ-دە، بىر غەزەل باشتىن ئاياغىچە مۇشۇنداق يېزىلىدۇ.

رۇبائىينىڭ تېمىسى بولىدۇ. نەۋائىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى رۇبائىيلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى نەۋائىنىڭ ئۆز زامانىدىكى رېئال ھايات توغرىسىدىكى ئەقلىي چۈشەنچىلىرىدىن شەكىللەنگەن غايىسى — ئادالەت ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن. نەۋائى ئادالەت بولسىلا ئەل ئىشى ئۆڭشىلىدۇ، ئەل ئەمىن بولىدۇ دەپ قارىغان.

ئەدل ئەيلەكى، ئول خەلق ھەياتى بولمش،
خۇش ئول كشكىم، ئەدل سفاتى بولمش؛
ھەم مۇلك بىلە ئەدل جىھاتى بولمش،
ھەم ئەدل بىلە مۇلك سەباتى بولمش.

مەيلى ھۆكۇمدار ياكى زەردار ۋە نامرات بولسۇن، ئۇ ساخاۋەتلىك بولۇشى، قانائەتچان بولۇشى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. نەۋائى مۇنداق يازغان:

كىم ئىستەسە سەلتەنەت سەخادۇر ئاڭا شەرت،
ھەر ۋەئدەكى ئەيلەسە ۋەفادۇر ئاڭا شەرت.
كىم فەقر تەلەپ قىلسا فەنادۇر ئاڭا شەرت،
ئالىڭغا نېكىم كەلسە رىزادۇر ئاڭا شەرت.

نەۋائى رۇبائىيلىرىدا، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكار ۋە ھەمدەم، كۆيۈمچان بىلەن ھەمنەپەس بولۇشنى، كۆيۈمچانلىقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماسلىقنى تەرغىپ قىلغان. مەسىلەن:

ئەل قاچسا بىراۋدىن ئەل يامانى بىل ئانى،
ئەھۋالىدا ئىدبار نىشانى بىل ئانى.
فېئىل ئىچرە ئۇلۇس بەلايى جانى بىل ئانى،
ئادەم ئېلىنىڭ يامانى-يامانى بىل ئانى.

نەۋائى تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا، جاھىللىق ۋە ھەسەدخورلۇقنىڭ بەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى، جاھىلنىڭ جاھىللىقىغا ھەسەد قوشۇلىدىغان بولسا، ئەلنىڭ كۆزى مىنىڭكىدىن نۇرلۇق بولۇپ كېتەمدۇ دەپ، ئەلنىڭ كۆزىنى ئويماقچى بولىدىغانلىقى ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭمۇ كۆزىنى ئويىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن:

جاھىلكى ھەسەد بولغاي ئانىڭ جەھلىگە زەم،
نۇر ئەل كۆزىدىن ئاڭلاسا ئۆز كۆزىدىن كەم.
كۆزلەرىن ئويۇشماقغا چېكىپ تىغى سىتەم،
ئەل كۆزىنى ھەم ئويغاي، ئۆز كۆزىنى ھەم.

نەۋائىي بىرمۇنچە رۇبائىيلىرىدا يار-مەھبۇبىنى ۋە خىسلەتلىك كىشىلەرنى ئۆمۈرنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە ۋە ئەھمىيەتلىك ياشاشقا دەۋەت قىلغان. جۈملىدىن مۇنۇ رۇبائىيسىدا، پەلەككە يارنىڭ ئۆمۈر قۇياشىنى پاتۇرماسلىقىنى، جانىنىڭ تولۇن ئېيىنى كەمتۈك قىلماسلىقىنى، يارنىڭ ئاي بىلەن كۈندەك كېچە-كۈندۈز يارقىن بولۇپ، جاھان ئەھلىگە نۇر چاچقۇچى سۈپىتىدە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشىنى ئىلتىجا قىلغان:

ئۆمرۈك قۇياشىغا بەرمەسۇن چەرخ زەۋال،
جانىڭ قەمەرىنى قىلماسۇن دەۋر ھىلال؛
تۈن-كۈن بولغىل مەھرەۋەشۇ مېھرسال،
دەھر ئەھلىگە نۇر بەخشۇ فەرخۇندە جەمال.

نەۋائىنىڭ رۇبائىيلىرىدا، مۇھىم ھاياتىي مەسىلىلەر، جۈملىدىن ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىگە دائىر ۋەقەلەر ۋە بۇ خۇسۇسىتكى ئۆزىنىڭ

پىكىر-قاراشلىرى رەڭگارەڭ شېئىرىي پرىيوملار، تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن بايان قىلىنغان.

نــەۋائىــي رۇبــائىــيلىرىنىڭ خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، كۆپلىگەن رۇبائىيلار تۆت مىسراسى قاپىيىداش ۋە رەدىفلىق قىلىپ يېزىلغان.

نــەۋائــي رۇبائــيلىرى پىكىر-غايىنى ئىپادىلەش جەھەتتە يەنە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يەنى بەزى رۇبائىيلىرىدا، ئالدىنقى مىسرالاردا پىكىر بايان قىلىنسا، كېيىنكى بېيىتتا ياكى ئاخىرقى مىسرادا يەكۈن سۆزلەنگەن؛ بەزىلىرىدە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. مەسىلەن:

غۇربەتتە غەرىب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا رەفىقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەفەس ئىچى-تاشى گۇل بولسا،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئەشيان بولماس ئىمىش.

بۇ رۇبائىيدا، ئاۋۋالقى مىسرادا پىكىر (يەكۈن) بايان قىلىنىپ، كېيىنكى مىسرالاردا تەمسىل ئۇسۇلى بىلەن شۇ پىكىر (يەكۈن) ئىسپاتلانغان. مەزكۇر رۇبــائىينى نەۋائى ئېھتىمال يىگىتلىك دەۋرىدە يازغانلىقى مەلۇم، چۈنكى ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بارلىقى سېزىلىدۇ.

نەۋائى رۇبائىيلىرىدىكى ئۈچىنچى بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، تېماتىكا جــەھــەتتىن كەڭرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوللانغان سەنئەت يوللىرىمۇ هــەرخـــىل بولغان. ئىشق تېمىسىدىكى رۇبائىيلىرىدا، تەۋسىپ، تەئرىب يوللىرىنى، شىكايەت ۋە ئۈگۈت-نەسىھەت مەزمۇنىدىكى رۇبائىيلىرىدا، بايان، شەرھىلەش ياكى مۇئەممما ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جانىمدەكى جىسىم ئىكى دالىڭغا فىدا،
ئاندىن سوك ئەلىق تازا نىھالىڭغا فىدا؛
نۇن داغى ئەنبەرى ھىلالىڭغا فىدا،
قالغان ئىكى نۇقتە ئىكى خالىڭغا فىدا.

نەۋائىينىڭ بەزى رۇبائىيلىرىدا، تۆت مىسرا بىر-بىرىدىن مۇستەقىل كۆرۈنىدۇ-دە، كۆزلەنگەن ئوبيېكتنىڭ بىرقانچە تەرەپلىرى كۆرسىتىلىپ، بىر پۈتۈن پىكىر ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

گەر ئاشىق ئولساڭ مېھرۇ ۋەفا قىلما ھەۋەس،
دەرد ئىستەۋۇ دەردىغە دەۋا قىلما ھەۋەس.
ھىجران ۋىسال مۇتلەقا قىلما ھەۋەس،
دىلدارىڭدىن غەيرى رىزا قىلما ھەۋەس.

## قىتئە

نەۋائىي قىتئەلىرى نۇقۇل ئىشق تېمىسىدىكى بايان خاراكتېرلىك بولماي، بەلكى ئىجتىمائىي، پەلسەپۋى دىداكتىك خاراكتېردىكى قىتئەلەردۇر. نەۋائىي ئۆزى ياشىغان مۇھىتتا پەيدا بولغان ئەقلىي جۇشەنچىلىرىنى پوئېتىكىلىق تەسۋىر بىلەن ئىخچام بايان قىلىشتا قىتئە ژانىرىنى ئىشلەتكەن.

نەۋائىينىڭ قىتئەلىرى كۆپىنچە ئىككى بېيىتتىن، گاھىدا پىكىر-مەزمۇن ئېھتىياجى بىلەن، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيىتتىن تەركىب تاپقان.

"قىتئە"نىڭ سۆز مەنىسى "پارە" بولۇپ، غەزەل ياكى قەسىدىدىن پارچىلاپ ئېلىنغان ئىككى-ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيىتتۇر. بۇنىڭدا، ئايرىم ئىنچىكە مەنىلەر يەنى روھىي كەچۈرمىلەر، پىكىر-مۇلاھىزىلەر ئىخچام ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ھەتتا بىر قىتئە بىر ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىتىشمۇ مۇمكىن.

نەۋائى قىتئەلىرىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى شۇكى، ھەربىر قىتئەگە ئايرىم ماۋزۇ قويۇلغان. شۇنىڭدەك، نەۋائى قىتئەلىرىدە مۇكەممەل قاپىيە سىستېمىسى بار. نەۋائىنىڭ ھەرخىل ۋەزنىدە يېزىلغان قىتئەلىرىدىن مىساللار:

## يامان يامانلىغىنى قىلماسا ياخشىلىغىچە بار ۋە بىر ياخشىلىغ قىلسا ئون ياخشى قىلىقچە

ھەر كىشىكىم تاپسا دەۋران ئىچرە جاھۇ ئېئتىبار
كىم، ئانىڭ زاتىدا بىدادۇ ستەم بولغاي قىلىغ.

ياخشىلىغ گەر قىلماسا، بارى يامانلىغ قىلماسا
كىم، يامانلىغ قىلماسا، قىلغانچە باردۇر ياخشىلىغ.

## نەزمىنىڭ بەيتلەرىن غەرىب مەنىلەر بىرلە غەرىبخانە دەپتۇر يەئنى دارۇش-شىفاكى مۇجىبى شىفا بولغاي

نەزمىم ئىچرە غەرىب مەنىلەر،
غۇرەبا خەيلىدىن نىشانەدۇرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاندا ھەر بەيت نىچە مەئنى ئىلە،
بەيت ئەمەسكىم غەرىبخانەدۇر.

(«ف — ك»)

**مەزلۇم ئاھى بەرقىدىن خەبەر بېرۇركىم، يەشىم بىلە دەفئ قىلماس بەلكى لۇتف سۇيى بىلەن ئۆچۇرمەگۈنچە دەفئ بولماس**

ئەيكى، ئىستەرسەن چاقىن دەفئىغە يەشىم،
ئۆزگە تەگمەككە بېرىپ ئىمكانغا يول.

بىخەبەر مەزلۇم ئاھى بەرقىدىن
كىم، چاقىندىن داغى سوزانراقدۇر ئول.

تۇرفەراق بۇ كىم، ساڭا مەخسۇس ئېرۇر،
گەر ساڭا جانىڭ كېرەك، ئاگاھ بول.

**مەنزۇرنىڭ ھۆسنى بەھارى ئالۇگۇلدىن سەپىدە قىلىپ شاپتالۇگۇلدىن گۇلگۇنە قىلغىنى**

ئول بەھارى ھۆسنىنىڭ رۇخسارىنى دېھقانى سۇنئ،
ئەرغۇۋانى تون ئۇزە ئەيلەپدۇرۇر ئالۇگۇلى.
ھۆسنۇ رەئنالىق بىلەن دەستارى ئۇزرە سانچىبان،
ۋەھكى شاپتالۇ گۇلدۇر يا ئېرۇر سالۇ گۇلى.

بارچە بىر سەرىدۇر، ئولكىم ئەيلابان قەددىمنى خەم،
ئەشكىم ئەتتى لەئل ئىرۇر دەكلەي ئۈزە دالۇ گۈلى.
(«ب ــ ۋ»)

## ساقىينامە

كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلىدىغان ۋە ھەربىر بەندى بىۋاستە ساقىيغا مۇراجىئەت سۈپىتىدە باشلىنىدىغان، ئاندىن شائىرنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىدىغان لىرىك ژانىر ــ ساقىينامەدۇر.

شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ تولىسى ساقىينامىلىرىنى ھەزەج بەھرىدە يازغان. لېكىن نەۋائى ساقىينامىنى رەمەل بەھرىدە، يەنى "رەمەلى مۇسەددەسى مەھبۇن" (فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن) تۈرىدە يازغان.

ئادەتتە، شائىر ساقىينامىنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى (ئۆتكەن ۋە ھايات بولغان) خاتىرىلەش، شۇنىڭدەك "دەير" (دۇنيا)نىڭ بىقارارلىقى، زامان ئەھلىنىڭ بىۋەپالىقىدىن شىكايەت ئۈچۈن بېغىشلىغان.

نەۋائىي ساقىينامىسىدە، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسى، يەنى ئىجتىمائىي-سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى، ئۆزى مەلاقەتتە بولغان (شاھدىن تارتىپ پىر-ئۇستاز، ئەدىب-ئۆلىما ۋە ئۆلپەتلىرىگىچە بولغان ھەرخىل) شەخسلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن.

نەۋائىنىڭ «ف ــ ك» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بىر ساقىينامىسى بار. بۇ 32 بەند (بەندلەرنىڭ بېيىت سانلىرى ئوخشاش ئەمەس، ھەر بەندنىڭ ھەجمى ئىپادىلىنىدىغان پىكىر-مەزمۇن ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلەنگەن)،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جەمئىي 458 بېيىتتىن ئىبارەت. ھەربىر بەندى ساقىيغا مۇراجىئەت قىلىش بىلەن باشلانغان، ھەر بەندى قارىماققا، مەلۇم مەنىدە مۇستەقىل ئەسەردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن روھىي مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلىنىپ، ھەممە بەندلەر بىرلىشىپ بىر پۈتۈن ئەسەرنى تەشكىل قىلغان. مەزمۇندىكى بەزى ئىپادىلەرگە قارىغاندا، بۇ «ساقىينامە» 1497-يىلىدىن ئىلگىرىرەك يېزىلغانلىقى مەلۇم. نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا ھەر بابنىڭ ئاخىرىدا، ساقى بىلەن مۇغەننى ياندىش قىلىپ يېزىلغان ئىككىدىن بېيىت بار؛ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىمۇ ھەربىر ھەيرەت ۋە ماقالەتنىڭ ئاخىرىدا، «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا ھەر بابنىڭ ئاخىرىدا ۋە خاتىمىسىدە، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ بەزى بابلىرىدا، شۇنىڭدەك، بىرمۇنچە غەزەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا ساقىيغا مۇراجىئەت تەرزىدە يېزىلغان بېيىتلار بار.

نەۋائىينىڭ مەخسۇس «ساقىينامە» دەپ يازغان ئەسىرى مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ بولۇپ، تۈرلۈك شەخسلەر بايان قىلىنغان؛ بۇنىڭدا مەلۇم كونكرېت شەخسلەر توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىشلىق قىلىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ باشتىكى بەندلىرى (I — XX) ھۆسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، جىيەنلىرى ھەم نەۋرىلىرىگە بېغىشلانغان؛ ئوتتۇرىدىكى بەندلىرىدە نەۋائى بىلەن يېقىن مالاقەتتە بولغان ئەدىبلەر (جۇملىدىن، ۋەفائى ، سۇھەيلى، تۇفەيلى، جامى، سەيىد ھەسەن، پەھلىۋان مۇھەممەد ۋە باشقىلار) توغرىسىدا ئەسلىمىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەندلىرى ئىشق-مۇھەببەت ۋە بۇنىڭغا باغلىق كەچۈرمىشلەر، ۋاپادارلىق ھەم زامان ئەھلى قاتارلىق ھاياتىي ھادىسىلەرگە بېغىشلانغان. 30-بەندى بولسا، ئۆزىنىڭ سادىق دوستلىرىغا (مۇقىمى، خوجا كامال، مىر سەدرى، بەدىئىي، مەرھۇم يارتەنبەل، سەبزەۋارىيگە) ، 31-بەندى ھايات ئەدىبلەرگە بېغىشلانغان.

ئاخىرقى 32-بەندى شاھنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق خۇلاسە تەرزىدە يېزىلغان.

نەۋائى «ساقىينامە»دە، شاھ ۋە شاھزادىلەر توغرىسىدا بايان قىلغاندا، ئۇلارنى قۇرۇق ماختاش بىلەنلا چەكلەنمىگەن. بەلكى شاھنى ئىجتىمائىي-سىياسىي پائالىيەتلەردە، خۇددى ئۆز غايىسىدە تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئادىل ۋە دەرۋىش سۈپەت بولۇشقا، مەملىكەت ۋە پۇقرانىڭ بارلىق ئىشلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇپ خىزمەت قىلىشقا تەرغىپ قىلغان. باشقا شەخسلەر توغرىسىدىمۇ بايان قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە تەجرىبىلىرى ئۈستىدە تەقرىز-باھا بەرگەن.

«ساقىينامە»نىڭ 1-بەندى، 41 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن ئۈزۈندىلەر كەلتۈرۈلدى:

ساقىيا، تۈت قەدەھى شاھانە،
قەترەسى لەئل ۋەلې يەكدانە.

لەئل كانى كېبى خۇمدىن چىقىبان،
لەئل يەكدانە ئۈزۈمدىن چىقىبان.

رەڭگى ئوتدىن قىزىغان نەئل كىبى،
تابى شاھ ئەفسەرىدە لەئل كىبى.

رۇھغە لەمئەسىدىن نۇرۇ سەفا،
تابىدىن ھۆرغە يوق سەترۇ خەفا...

ك-ئەي، ئۈلۈس خانى شەھى چەرخ جەناب،

خاترىڭ بەھرۇ كەفىڭ مىسلى سەھاب.

بىۋەفادۇر فەلەكى بۇ قەلەمۇن،
سازۇ ئاھەڭىغە يوق بىر قانۇن.

يوق بەقا جاھ ئىلە شەۋكەتكە داغى،
يوق ۋەفا ئۆمر ئىلە سەۋلەتكە داغى...

كۆركى، ھەر شەھكى، يۈرۈپ ئالدى جەھان،
بارچە باردۇمۇ قارا يەردە نىھان...

قەنى خانلار خانى چىڭگىزخان،
ئوكداي قەنىكى ئەردى قائان.

قەنى تېمۇر — شەھى ئىسلامپەناھ،
كى جەھان ئالدى، چېكىپ خەيلى سىپاھ.

جەددۇ ئابا ساڭا ئەۋلادى قەنى،
ئاغا-ئىنى ساڭا ئەھفادى قەنى.

تا فەلەك بىلدى تەئەددى فەننى،
قايسىدىن ئالمادى بەرگەننى...

مۈلكۈ كىشۋەر ئېلىگە داد ئەيلە،

ئەدل ئىلە ئىككىسىنى ئاباد ئەيلە...

بولماغىل ھېچ نەفەس غەفلەت ئىلە،
ئەدل قىل، يوق ئېسە بول ئىشرەت ئىلە...

ئەلگە سەندىنچۇ يەتكەي ئاسايىش،
تەڭرىدىن ئەيلە تەمەئ بەخشايىش.

«ساقىينامە»نىڭ 29-بەندى 24 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، ساقىيغا مۇراجىئەت بېيىتى بىلەن باشلانغان. بۇنىڭدىمۇ شائىر ئۆزىنىڭ كەچۈرمىش، ھېس-تۇيغۇلىرىنى، تارتقان ئەلەملىرىنى ۋە زامان ئەھلىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

*　　*　　*

نەۋائىينىڭ لىرىك ژانىرلىرىدىن يەنە قەسىدە، تەرجىئبەند، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، مۇستەزاد، تۇيۇق، لۇغز (تېپىشماق)، فەرد شەكىللىرىمۇ بار.

مەسىلەن، "فەرد" مۇستەقىل بەدىئىي ژانىر، نەۋائى لىرىك ئەسەرلىرى ئىچىدە، فەرد سۇپىتىدە ئايرىم يېزىلغانلىرىمۇ ۋە قىستۇرما تەرىقىسىدە يېزىلغانلىرىمۇ بار. "فەرد"نىڭ سۆزلۈك مەنىسى "يەككە"، "يالغۇز" دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ بىر بېيىت يەنى ئىككى مىسرادىنلا ئىبارەت. كۆپىنچە، ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، ماقال-تەمسىل تەرزىدىكى ئافورىستىك شېئىرىي جۈملىلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇرۇۋۋەت بارچە بەرمەكدۇر، بىمەك يوق،
فۇتۇۋۋەت بارچە قىلماقدۇر، دىمەك يوق.

يۇقار يامانلىغ ئاڭاكىم، كىرەر يامان ئەل ئارا،
كۆمۈر ئارا ئىلىك ئۇرغان قىلۇر ئىلكىنى قارا.

كىشى ئەيىبىڭ دىسە، دەم ئۇرماغىلكىم، ئول ئېرۈر كۆزگۈ،
چۇ كۆزگۈ تىيرە بولدى، ئۆزگە ئەيىبىڭ زاھىر ئەيلەرمۇ؟

قاتتىق كۆڭلۈڭدىن ئاقتى خەلق ياشى
كىم، يامغۇر بائىسىدۇر جۇدا تاشى.

ئەي فەلەك، زۇلم ئەتكەلى يوقدۇر مېنىڭدەك بىر كىشىڭ،
تۇت غەنىمەتكىم، بۇدەم تۇشمىش مېنىڭ بىرلە ئىشىڭ.

نېتەي ئەلنىڭ بەھارىنكىم، ماڭا ئاشۇبى ھىجراندۇر،
كۆزۈمدە سەرۋ ئوقدۇر، كۆڭلۈم ئىچرە غۇنچە پەيكاندۇر.

## 3 . نەۋائىنىڭ بەدىئىي سەنئەتلىرى

كىلاسسىك شېئىرىيەتتە، شۇنىڭدەك ئومۇمەن نەسرىي-نەزمىي ئەسەرلەردە، «بەدايىئ سەنايىئ» (بەدىئىي سەنئەتلەر) يەنى تەسۋىرىي ئۇسۇللار 120 خىلغا يېتىدىغانلىقى، جۈملىدىن نەۋائىنىڭ دىۋانلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تەسۋىرىي ئۇسۇللار 100 خىلدىن

ئاشىدىغانلىقى مەلۇم.

نەۋائى بىرەر ئوي-پىكىرنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ژانىر-شەكلنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان بەدىئىي سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. نەۋائى ئىشلەتكەن بەدىئىي سەنئەتلەرنى، مەنا ئېتىبارى بىلەن ئىشلىتىلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ، تۆت تۈركۈمگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

## (1) ئىستىئارە سەنئىتى

بۇ ئادەتتە، تەسۋىرنىڭ ئىستىئارە-رەمزە ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتتا چوقۇم ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇللاردىندۇر. بۇ تۈركۈمگە ئىستىئارە بىلەن رەمزىدىن باشقا، مەجاز، كىنايە، قىياس ئۇسۇللىرى كىرىدۇ. بۇلار مەنا جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن ۋە گاھىدا مەنىداشلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئىستىئارە، ئادەتتە، ياۋروپا تىللىرىدا، مېتونىمىيە ۋە سىنېكدوخا دەپ ئاتالغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رەمزە — ئەسلىدە ”ئىما-ئىشارە“ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز، رەمزە — بىرەر ئوبيېكتنى بىۋاستە ئەمەس، ئىما بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

مەجاز — مېتافورا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆپ مەنىسى ھەقىقىي ئەمەس (ئىشقىدا) ، زاھىرەن دېگەنلىك بولىدۇ؛ بىرەر سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ تۆپ مەنىسىدە ئىشلىتىلمەي، ئوخشىتىش ئارقىلىق باشقا مەنىدە ئىشلىتىلىشىدۇر.

كىنايە — ۋاستە ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ بىر تۈرى، ”قىزىم سەن ئىشىت، كېلىنىم سەن ئاڭلا“ دېگەندەك دارىتما يولى بىلەن ئاڭلىتىش بولۇپ، ئاللېگورىيىگە توغرا كېلىدۇ.

قىياس ـــ بۇداش، چاغلاش، خىيالەن سىلىشتۇرۇش، مۆلچەرلەپ كۆرۈش، نىسبەتلەشتۈرۈش بىلەن ئوخشىتىشتۇر.

نــەۋائى لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە ئىستىئارە سەنئىتىدىن (جۈملىدىن رەمزە، كىنايە، قىياس ئۇسۇللىرىدىن) كۆپ پايدىلانغان. ئىستىئارىنى كۆپ هاللاردا تەشبىھى بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

ئىشق ـــ ئىشق ئوتى، مۇلكى ئىشق، ئىشق دەرياسى.
هەجر ـــ هەجر بەرقى، هەجر تاشى، خەنجەرى هىجران.
غەم ـــ غەم سىپاهى، غەم تۈنى، غەمىم خەيلى.
كۆڭۈل ـــ كۆڭۈل بوستانى، كۆڭۈل رەۋزەسى، كۆڭلۈم قۇشى.
جان ـــ جان گۈلشەنى، جان رىشتەسى، جان پەردىسى.
فىراق ـــ فىراق شامى، فىراق تاغى، تىغى فۇرقەت.

شۇنىڭدەك، نەۋائى ئەسەرلىرىدە قۇياش لالەسى، ئاي لىباسى، كۆك بايابانى، كۆك دەبىرى، ئەخزەرى گۈمبەز دېگەندەك مىڭلىغان ئىستىئارەۋى سۆزلەرنى ئىجاد قىلغان ۋە ئىشلەتكەن.

نــەۋائــى ۋە بــاشقا كلاسسىك شائىرلارنىڭ لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە "قــۇيــاش" سۆزىنى، كۆپ هاللاردا، باشقا سۆز بىلەن بىلدۈرۈش بىر تەسۋىرىي ۋاسىتە بولۇپ قالغان. مەسىلەن، "خوتەن خاۋەرى"، "شاهى خوتەن"، "تۈركىي خوتەن" دېگەندەك سۆزلەر ـــ قۇياشنىڭ ئىستىئارەۋى نامىدۇر.

بۇ نەۋئ ئۇيۇدۇمكىم، مىنى ئويغاتقۇچى تاڭلا،
يۈز سىيمپىشانلىغ بىلە شاهى خوتەن ئەردى.

(«غ — س»)

تۈركىي خوتەن تاپتى چۇ زىبا جەمال،
مۇشك فىشان بولدى نەسىمى شامال.
(«ھ — ئە»)

شـــۇنىڭدەك، گۈزەل مەھبۇبىنىمۇ ”ئاھۇ خوتەن“، يارنىڭ خۇش بۇيىنى ياكى چېچىنىڭ قارىلىقىنى ”مۇشكى خوتەن“ دەپ، ئىستىئارەۋى ئىپادىلەش نەۋائىنىڭ ئىزچىل بەدىئىي سەنئەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

نــەۋائى لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە، كۆپىنچە، كىنايە، قىياس يوللىرى بىلەن ئىستىئارەۋى تەسۋىر كۈچلەندۈرۈلگەن. نەۋائى ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى — دوستى ھەم پادىشاھ — ھۈسەين بايقاراغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنى ھامان توغرا يولغا دەۋەت قىلغان. ئەمما، ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا، ئــۇ نــەۋائىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، بىرمۇنچە تەلۋىلىكلەرنى قـــىلغان، ھەتتا پىتنەخورلارنىڭ چېقىملىرىغا ئىشىنىپ، نەۋائىنى چەتكە قاققان، نەۋائى پادىشاھنىڭ بۇ ھەددى-ھەرىكەتلىرىگە نارازى بولغان. نەۋائى مۇنداق نارازىلىقىنى ئۆز غەزەللىرىدە كىنايە يولى بىلەن ئىپادىلىگەن.

مەتلەئ:تەختۇجاھنىڭ كىشۋەرى مۇلكى سىكەندەر بولدى، تۇت،
خىزر ئۆمرى ھەم بۇ مۇلك ئۈزرە مۇيەسسەر بولدى، تۇت.

مەقتەئ:ئۆلسە دەپ ئەردىڭ نەۋائى، تىرگۈزەي ۋەسلىم بىلەن،
بۇلتۇر ئۆلگەنلەر بىلە ئانى بەرابەر بولدى، تۇت.
(«ب — ۋ»)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە بىر غەزەلىدە، شاھنىڭ مەيخورلۇققا بېرىلىپ، ئەل-ئۇلۇس ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقىغا كىنايە قىلىپ، مۇنداق يازغان:

مەتلەئ: باشىغا مەي چىقىبان، بولدى ئول سىتەمگەر مەست،
يوق ئەھلى ھۆسن ئارا بىر ئويلە قاتىلى سەرمەست.

مەقتەئ: نەۋائى ئۇسرۇك ئەگەر قىلسا ئەربەدە، تاڭ يوق
كى، شەيىن ئۇلۇر كىشى، مەجنۇننى گەر قىلۇرلەر مەست.
(«ب — ۋ»)

پادىشاھ ئۆزىنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە تەمەننا قىلىپ، ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغىغانلىقىغا نارازى بولغان نەۋائى ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدىن بىرىدە، قىلىچ كىنايىسى بىلەن ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن:

چىقتى باغلاپ يەنە ئول كافىرى خۇنرىز قىلىچ،
مەست ھەر سەرى سۇرەر رەخش، چېكىپ تىز قىلىچ.

قىلىچىن كۆردۈمۇ جانىمغا تەرەب يۈزلەندى،
تۇرفەدۇر قان تۆكۈپ ئۆلمەك، تەرەب ئەنگىز قىلىچ.

قەترقانلاركى، تامار تىغىدىن، ئۇچماق گۈلىدۇر
كى، شەھىدىن قىلۇر ئول غەمزەغە خۇنرىز قىلىچ.

هەرقايان تنغ سالۇر، كۆڭلۈم ئاسغلىغدۇر ئاگا،
بويلە قەتل ئەھلىدە كىم كۆردى دېلاۋېز قلىچ.

لەمئەئى تنغى دېمە، بەرق جا قلغان كېبىكىم،
گويىيا كەسكەلى ئېلكىدىن ئېتەر خېز قلىچ.

ئىش ئارا ئەجزىنى كۆرگىلكى، ئۆلەرگە فەرھاد
خەسمى فەرتۇت تىلىن ئەيلەدى پەرۋېز قلىچ.

شەھ نەۋائى تىلىدەك تنغ ئېلە كۆپ مۇلك ئاچتى،
تارتمش ئاچقالى باغداد ئىلە تەبرىز قلىچ.
(«ب — ۋ»)

نــەۋائى ئۆز ئىستەكلىرىنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، بەزىدە قىياسى سەنئەتتىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. مەسىلەن:

تۇشۇمگە كىردى جەننەت ئىچرە ھۆرۇ تۇبىيۇ كەۋسەر،
مەگەر كويىدا تاپقۇم ئارەزۇ، قەددى لەبىدىن بەر.

مەن ئەتتىم ئىشقى تەركىن ھەم ئول ئەتتى ۋەسلىدىن ۋەئدە،
نە ئاندىندۇر ماڭا باۋەر، نە مەندىندۇر ئاڭا باۋەر.

يۈزى كۆزگۈگە، خەتتى يۈزگە زىينەت بەردى كىم كۆرمىش،
قەمەرغە سۇبھدىن رەۋنەق، قۇياشقا شامدىن زىۋەر.

يۈزىڭدە خەيمۇدۇر يا ماڭلايىدىن قەترە، ۋەھ، كۆرگىل
كى، گۈلدىنمۇ ئاقار شەبنەم، قۇياشدىنمۇ تامار ئەختەر؟!

لەبىدە نۇتقۇ نۇتقىدا لەتافەت كۆركى، نەياگلىغ
سۇدۇر ياقۇت ئارا مۇدغەم، ھەيات ئول سۇ ئارا مۇزمەر.

يۈزىڭدە پەرتەۋۋ ئول پەرتەۋ ئىچرە لەئلىنى كۆركىم،
ئوت ئۈزرە شۆئلە كۆرگۈزدى ۋە لېكىن شۆئلەدە ئەخگەر.

خۇمارى ھەجرۇ دەردى ئىشقدىن مۇزتەرمەن، ئەي ساقى
كەرەم ئەيلەپ، ئوتۇمغا سۇ قۇي، ئەمما جانىمە ئازەر.

زەماندىن ئەھلى يا ئەھلى زەماندىن ئىستەگەن ئېھسان،
يانار ئوتدىن تىلەركىم سۇ چىقارغاي، خاردىن گەۋھەر.

تىلەر لەيلىنى مەجنۇن، دىلبەرىن مىسكىن نەۋائى، ۋەھ،
كېرەك بۇلبۇلغا گۈل، دىۋانەغە يارى پەرى پەيكەر.
(«ب — ۋ»)

ئىستىئارە سەنئىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبى — رەمزە. نەۋائى لىرىك قەھرىمانىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلەتكەن رەمزە — كۆپىنچە رەڭلەر رەمزىسىدۇر. يەنى رەڭلەر سىيمالىقى (سىمۋوللىقى) نەۋائىنىڭ مۇھىم بەدىئىي سەنئەتلىرىدىن بىرىدۇر.
«خەزايىنۇل مەئانى»غا كىرگۈزۈلگەن غەزەللەر ئىچىدە، رەڭلەر رەمزىسى

ئىشلىتىلگەن غەزەللەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. نەۋائى غەزەللىرىدە قىزىل، ئەرغۇۋان (چىلان قىزىل)، يېشىل، كۆك — سەبزە، بىنەفشە، سۆسۈن، ئاق، قارا — مۇشك ۋە ئەنبەر، سېرىق، كۈل رەڭ-كۈمۈش رەڭ ۋە باشقا رەڭلەرنى كۆرىمىز. نەۋائى بىرەر ھالەت ياكى كەيپىياتنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن، مەزكۇر رەڭلەرنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن جاي-جايىدا ئىشلەتكەن.

نەۋائى لىرىك قەھرىمانىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى گۈزەللىكلىرىنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەشتە، كۆپىنچە، قىزىل، ئال ياكى ئۇنىڭغا مەنىداش گۈل (قىزىلگۈل)، گۈلگۈن، گۈلنار رەمزىلىرىنى ئىشلەتكەن.

يار گۈلگۈن تون-ئېگىنىمۇ يۈزگە ئەيلەپتۇر ھىجاب،
يا ياشۇرمىشتۇر قۇياش رۇخسارىنى گۈلگۈن سەھاب،

يوقكى، ئىشق ئەھلىگە ئالەمنى قاراڭغۇ قىلغالى،
ئول شەفەقدىن ياپتى خۇرشىد ئۈزرە گۈلنارى نىقاب.

تا قىزىل تون ئىچرە بولدى جىلۋەگەر ماھىم مېنىڭ،
مېھر ئېتەر ھەر تۈن شەفەق خۇنابى ئىچرە ئىزتىراب.

قان ياشىم ئەكسىمۇ ئال ئەتمىش فەلەك مىرئاتىنى
كىم، بولۇپتۇر لەئلگۈن ئەتلەستە سايىر ئافتاب.

تون كىيىپ گۈلرەڭ، ئالەمنى گۈلىستان ئەيلەدىڭ،
بىزگە قىسىم ئەيلەپ خەزانى ھەجر ئارا خارى ئەزاب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقىيى گۈلچېھرە، گۈلگۈن بالا بىئەندازە تۇت
كىم، بۇ گۈلشەن ئىچرەدۇر خارى مەلالەت بىھساب.

ئىككى ئالەمدە نەۋائى، سۇرخرولۇغ ئىستەسەڭ،
ھەم نەبى، ھەم ئالىي ھۇببىغە دۇرۇست ئەت ئىنتىساب.
(«ب — ۋ»)

يار-مەھبۇبىنىڭ قامىتى ۋە ئىگىنىنى سۆسۈن رەمزىسى ۋە سەرۋ-شەمشاد بىلەن تەشبىھ قىلىپ، سالاپەت-سۆلىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

سەۋسەنى تون بىرلە ئول قەد سەۋسەنى ئازاد ئېرۇر،
يا بىنەفشە بەرگىدىن زىب ئەيلەگەن شەمشاد ئېرۇر.

ئاللاھ-ئاللاھ، بىلمان ئول قەدنىكى سەۋسەن بەرگىدىن،
زىبلىك شەمشاد ئېرۇر يا سەۋسەنى ئازاد ئېرۇر.

ۋە، نەسەرۋىدۇركى، تاخلىئەت كىيىپدۇر سەۋسەنى،
چاك ئولۇپ گۈل خىلئەتى، بۇلبۇل ئىشى فەرياد ئېرۇر.

سەۋسەنۇ سەرۋى ئەگەر يوقتۇر دەممىدىن باغ ئارا،
ئۆرتەنىبان سەرۋۇسەۋسەن، ھۇللەسى بەرباد ئېرۇر.
(«ف — ك»)

نەۋائى يارنىڭ يۈز-كۆزىنى تەسۋىرلەشتە، قارا-نەرگىس بىلەن گۈل (قىزىل گۈل) رەمزىسىنى ئىشلەتكەن:

قارا نەرگىس كۆزۈ گۈل يۈز بىلە گەر سەن كېبى يوق،
بۇلبۇل مەن كېبى يوق نەغمەسەرا، ئەي قارا كۆز.

ئەمما، يەنە شۇ قارا-تىبىرە رەمزىنى نەۋائى ئۆز دەردىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنتىزارلىقتا كۆزى قاراڭغۇلاشقانلىقىنى ئىپادىلەشتىمۇ ئىشلەتكەن:

بۇ كىم قاراردى چۇ تەردامەن ئەردىيۇ غەمماز،
فىراق شامىدادۇر تىبىرە روزگار كۆزۈم.

نــەۋائــى يار-مەھبۇبىنىڭ ياكى لىرىك قەھرىمانىنىڭ قەددى-قامىتى، قىياپىتى، كىيىم-كېچىكىنى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلەشتە، قىزىل بــىلەن مەنىداش بولغان باشقا رەڭ رەمزىلىرىنى ئىشلىتىپ، تەسۋىرنىڭ رەڭــگــارەڭلىكىنى ۋە جەلپكارلىق سېھرىنى ئاشۇرغان ۋە بۇنىڭدا تەكرار سەنئىتىنى قوللانغان.

ئەرغۇۋانى تونمۇدۇركىم كىيمىش ئول سەرۋى رەۋان،
يا مەگەر سەرۋى رەۋان قىلمىش لىباسىن ئەرغۇۋان.

سەرۋىنىڭ ھەر بەرگى باغرىم قانىدىن سىراب ئېرۇر،
يوقسە بولماس ئەرغۇۋانى بەرگلىك سەرۋى رەۋان.

سەرۋدىن تا ئاپتى زىينەت ئەرغۇۋان يۈز شەۋق ئىلە،
باشقا سانچار ئەرغۇۋان ھەر زاد سەرۋ نەۋ جۇۋان...

ئەرغۇۋانىي تون بىلە قەتل ئەيلەمەس ئول سەرۋكىم،
قان ئىلە قىلمىش لىباسىن ئەرغۇۋانىي بىر ئەۋان.

ئەرغۇۋانىي سەرۋدىن تا دەھر باغى زەبدۇر،
بولسۇن ئول كىم دەھر ئارا ھەم شاھ ئىرۇر ھەم پەھلەۋان.
(«غ — س»)

نەۋائىي گاھى غەزەللىرىدە مۇرەككەپ قىياپەت، ھادىسە ۋە ھىس-تۇيغۇنى تەسۋىرلەشتە، مۇرەككەپ رەڭلەر رەمزىسىدىن پايدىلانغان.

خىلئەتىن تا ئەيلەمىش جانان قىزىل، سارىغ، ياشىل،
شۆئلەئى ئاھىم چىقار ھەريان قىزىل، سارىغ، ياشىل...

لەئلەگۇن مەي تۇتقىل ئالتۇن جام بىرلە سەبزەدە
كىم، بولاردىن ياخشى يوق ئىمكان قىزىل، سارىغ، ياشىل...

ئەي نەۋائىي، ئالتىنۇ شەنگەرفۇ زەنگار ئىستىمە،
بولدى نەزمىڭ رەڭگىدە دىۋان قىزىل، سارىغ، ياشىل.
(«ف — ك»)

نەۋائىي مۇنداق مۇرەككەپ رەڭلەر (قىزىل، سېرىق، يېشىل) ئارا ئايرىمچە كۆرۈنىدىغان قېنىق ۋە ئۇرۇن رەڭلەرنى نىسبەتلەشتۇرۇپ، تەسۋىر ئوبيېكتىنى تېخىمۇ تۇسلەندۇرۇپ، سىيمانى ئالاھىدە چىلىقتۇرۇشنى كۆزلىگەن. مەسىلەن: سىيمىنبەر (كۈمۈش رەڭ ياكى ئۇرۇن) بىلەن

بىنەفش، سەۋسەن بىلەن ئەرغۇۋان، گۈلرويى (قىزىل يۈزلۈك) بىلەن ئاقۇش بىنەفش تون ۋە باشقىلار.

## (2) مۇبالىغە سەنئىتى

مۇبالىغە سەنئىتى شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، ئومۇمەن بەدىئىي ئەدەبىياتتا شائىر ۋە ئەدىبنىڭ تىل بايلىقى ۋە ئەدەبىي تىل پاساھىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك نامايان قىلىدىغان بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈركۈمىدۇر.

مۇبالىغە سەنئىتىگە تەبلىغ (ئاشۇرۇش، جۈملىدىن غۇلۇ — ھەددىن ئاشۇرۇۋېتىش)، تەشبىھ (ئوخشىتىش)، مۇراجىئەت (رۇجۇئ — يۈكلەش، ئۈندەش)، سوئال-جاۋاب، رىتورىكىلىق سوراق قاتارلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللار كىرىدۇ. نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمى جاي-جايىدا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن روشەن ئىپادىلەنگەن.

مۇبالىغە بىلەن تەشبىھ كۆپ ھاللاردا يانمۇيان كېلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم تولۇقلاندۇرىدۇ؛ بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايىۋى تەسىرى ۋە بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى جۈپتەك ۋاستىدۇر. تاجىك-پارس ئەدىبى سەئىد نەفىسىي شۇنداق دەيدۇ: ”ھەربىر شائىرنىڭ كاتتا ماھارىتى تەشبىھلەردە كۆرۈنىدۇ. تەشبىھتە قۇدرەتلىكراق بولغان ھەربىر شائىر جاھانگىرراقدۇر“. نەۋائىي كلاسسىك شائىرلار ئىچىدە، مۇبالىغە-تەشبىھ سەنئىتىدە ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكراق شائىردۇر. نەۋائىينىڭ بۇ ئەبياتلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

يۈزۈڭ غەمدىن ئېرۇر ئەبرى نەۋ بەھار كۆزۈم،
نە ئەيب، يەر يۈزىنى قىلسا لالەزار كۆزۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(«غ — س»)

سۇپۇردۇم كۆز بىلە كويۇڭ فىزاسىن
كى، جانلار جىلۋەگاھىمدۇر بۇ ساھەت.
(«ب — ۋ»)

چىقىپ ئىشق ئوتى كۆكسۇم چاكىدىن، باشىمدىن ئاشىپدۇر،
بۇ ئەسكىرىگەن ياغاچقا ئۆز ئىچىدىن ئوت تۇتاشىپدۇر.
(«ب — ۋ»)

ئاھىم غەمىگدە گۇمبەزى ئەخزەرنى كۆيدۇردى،
ھەر ئۇچقۇنى فەلەكدە بىر ئەختەرنى كۆيدۇردى.

ئاتەشكەدە ئوتىدا سەمەندەر تاپار ھەيات،
كۆڭلۇم ئوتى ۋەلىك سەمەندەرنى كۆيدۇردى.
(«ب — ۋ»)

گەر قۇياشتىن قەدرىم ئارتۇقراقدۇر شاھ ئاللىدا،
زەررەدىن يۈز قەتلە ئۆكسۈكرەكمەن ماھ ئاللىدا.

ياندا ئاي ئاللىدا خۇرشىد ئىرۇر ھەركىمسە كىم،
گاھ بولسا دىلبەرىنىڭ ياندا، گاھ ئالدىدا...
(«ف — ك»)

تەشبىھ — ئوچۇق تەشبىھ (تەشبىھى جەلى)، يىپىق تەشبىھى (تەشبىھ خەفى) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، يىپىق تەشبىھنى كۆرەيلى:

كۆڭلۈم قاشىڭ خەيالى بولدى تەنۋىن نۇندەك،
ئويلە نۇنغا نۇكتە بولدى، داغى پىنھان ئاقىبەت.
(«ب — ۋ»)

نەۋائى غەم-قايغۇ، فىراق-ھىجران مۇتىغلىرىنى تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەشتە تەشبىھنىڭ مۇسەلسەل تۈرىنى (زەنجىرسىمان تەسۋىرنى) ئىشلەتكەن. بۇ سەنئەتتە نەۋائىنىڭ ماھارىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

سۆزى بەرقى ئىچرە جىسمى زارى غەمناك ئۆرتەنۇر،
ئويلەكىم، بەرقى بەلا چاقىلسا، خاشاك ئۆرتەنۇر...

سۇبھىدەم گۇلگۇن بۇلۇت يا شام ھەم گۇلگۇن شەفەق،
يا ئول ئاي ھىجرانىدا ھالىمغا ئەفلاك ئۆرتەنۇر.
(«ف — ك»)

نەۋائى نۇرغۇن غەزەللىرىدە، يار-مەھبۇبنى، يار-بۇرادەرلىرىنى، ھۆكۈمران-ئەربابلارنى ئەدلى-ئىنسابقا، ياخشىلىققا، ۋاپادارلىققا، ساخاۋەتكە، ھەتتا ئۆزىنىمۇ بىھۇدە خىيال ۋە ئارزۇدىن تىيىشكە ئۈندەپ، مۇراجىئەت سەنئىتىنى ئىشلەتكەن. بۇ سەنئەتتە، كۆپىنچە "ئەي" ئۈندىشىنى ۋە

پيئىلنىڭ ئىستەك، چاقىرىق رايلىرىنى قوللانغان.

كىشنكى ئىستەسەكىم، يەتمەگەي مەلالەت ئاڭا،
كىرەكىمەس ئەھلى جەھان بىرلە زەۋقۇ ھالەت ئاڭا...

يامانلى دېمەكى، ئىزلال ئېتەر ئىكىن شەيتان،
دېگىل، فەساددا مۇندىن يېتەر زەلالەت ئاڭا...

دېمەكى، ئىلىمدە كەلمىش مەلەكدىن ئول ئەفزۇن
كى، دېۋدىن داغى ئەفزۇن ئېرۇر جەھالەت ئاڭا...
(«ف — ك»)

ئوتقا سالغىل سەرۋىنى، ئول قەددى مەۋزۇن بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى، ئول رۇخسارى گۈلگۈن بولماسا...

ئەي نەۋائى، تانما، گەر دەر ئول پەرى مەجنۇن سېنى،
ئاشىق ئولغايمۇ پەرىغە، ئولكى مەجنۇن بولماسا.
(«ب — ۋ»)

نەۋائى ئۆزىنى غەم بەلاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگىمۇ ۋە مەھبۇبىغىمۇ مۇراجىئەت قىلغان.

ئايرىل، ئەي زەئىپ، ئەمدى ماھى ناتەۋانىمدىن مېنىڭ،
كەم قىل ئەندۇھ ئوتىنى ئازۇردە جانىمدىن مېنىڭ...

ئەي فەلەك، جىلۋەڭ ئۇچۇن ئەيلەي رەۋانىمنى فىدا،
جىلۋەگەرلىك ئالماغىل سەرۋى رەۋانىمدىن مېنىڭ.

جىسىم ئارا ھەردەم ھەرارەت فەھم قىلساڭ، ئەي قۇياش،
غافىل ئولما جان داغى روھى رەۋانىمدىن مېنىڭ.

خۇردەئى جانىم نىسارىڭ، ئەي نەۋائى، گەر دېسەڭ،
سىھھەت ئايىن نۇكتە شاھى خۇردە دانىمدىن مېنىڭ.
(«ب — ۋ»)

نەۋائى پىكىر-مەقسەتنى زىددىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشتە تەشبىھى مۇبالىغىنى تۇسلەندۇرۇپ، سوئال-جاۋاب ۋە رىتورىكىلىق سوراق سەنئىتىنىمۇ كۆپ ئىشلەتكەن.

نە گۈلشەندىن ئەتر دىماغىمغا يېتىشتى،
نە غۇنچەسىدىن نۇقتە قۇلاغىمغا يېتىشتى...

دېسەم — نە ئۇچۇن ساغەرى مەيدىن تاپار ئەل جان؟
دەر: بەزمدە بىر قەتلە دۇداغىمغا يېتىشتى.
(«ف — ك»)

بۇ سەنئەتنى تەتبىق قىلغاندا (يەنى سوئال-جاۋاب شەكلىدىكى تەسۋىر ئۇسۇلىدا)، نەۋائى كۆپىنچە ”دېسەم“، ”دەر“ (ھەم يوقلۇق شەكلى) پېئىللىرىنى ئىشلەتكەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېمە يۈزكىم، خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت — نافەئى تاتارىدۇر بۇ...

دېسەم زۇلفۇڭمۇ كۆڭلۈم ئەيلەدى بەند،
دەر، ئەي مىسكىن، ئانىڭ بىر تارىدۇر بۇ.

نەۋائىغا، — دېسەم، — قىل، ئەي يىگىت، رەھم،
كۈلۈپ دەر، نە ھەياسىز قەرىدۇر بۇ.
(«ب — ۋ»)

نەۋائى ئۆزگىگە قىلغان ۋاپادارلىقىنىڭ بەدىلىگە ئۆزگىنىڭ بىۋاپالىق قىلغانلىقىدىن، ئۇستىلەپ جاپا قىلغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، ئۆزىگە ئۆزى تەتۈر سوئال قويۇش تەسۋىرىنى ئىشلەتكەن:

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفاكىم، يۈز جەفاسىن كۆرمەدىم؟!
كۆرگۈزۈپ يۈز مېھىر، مىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمەدىم؟!

كىمگە باشىمنى فىدا قىلدىمكى، باشىم قەسدىغە
ھەر تەرەفدىن يۈز تۈمەن تىغى جەفاسىن كۆرمەدىم؟!

كىمگە كۆڭلۈم ئەيلەدى مېھرۇ مۇھەببەت فاشكىم،
ھەر ۋەفاغا يۈز جەفا ئانىڭ جازاسىن كۆرمەدىم؟!
(«ب — ۋ»)

قەسرنىڭ ھەر كۈنگۈرى ئۈززە بالا تاشمىدۇر؟
يوقسە باتىل ئىشق دەئۋا قىلغان ئەل باشمىدۇر؟

غەم تۈنى، بىلمان، شەفەقدۇر يا فەلەك مىرئاتىدا،
ئەكس كىرگۈزگەن كۆزۈمنىڭ لەئلگۈن ياشمىدۇر؟...

ئىلكىدە جامۇ كۆرەر مەي ئىچرە ئالەم ھالىتى،
يارەب، ئول جەمشىد يا مەيخانە قەللاشمىدۇر؟

تائۇلاغى كەۋسەر ئۈچۈن، دەرسەن، بۇ كۈن مەي ئىچمەگىل،
تىلك تۇر، ئەي زاھىد، نەۋائى سەن كىبى ناشمىدۇر؟
(«ب — ۋ»)

نەۋائى بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان تەلمىھ (سۆز ئىشارىسى)، تەنسىقۇس-سىفات (رەتلىك سۈپەتلەش)، مۇرائاتى نەزىر (ئىككى بىسلىق ئىبارە بىلەن ئىپادىلەش)، لەففۇنەشر (ئەگىتمە سۆزلەر بىلەن كۆرسىتىش)، تەمسىل (ماقال-تەمسىللەر بىلەن ئىپادىلەش)، تەسدىر (بىرىنچى سۆز يەنى شېئىردىكى بىرىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى سۆزىنى نۇقتا قىلىش) قاتارلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان.

## (3) بەدىئىي قۇرۇلما سەنئىتى

بۇ سەنئەت شېئىرنىڭ سىنتاكتىكىلىق-ئىستىلىستىكىلىق تەسۋىرى ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىي گراماتىكىغا تەئەللۇق بۇ سەنئەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەزمۇنى كەڭرى ۋە تۈرلىرىمۇ كۆپ. بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمى تەرسىئ، رەددۇل مەتلەئ، تەشبىھۇل ئەتراف، تەكرار، تەززاد، تەجنىس-ئىيھام، تەزمىن، ئىھتىزا قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لىرىكىلىق ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى خىلمۇ خىل قىلىپ، شېئىرىي گىرامماتىكا جەھەتتىن پۇختا-مۇنتەزىم، ئۇسلۇبىيەت تەسۋىر جەھەتتىن مۇكەممەل-پاساھەتلىك قىلىشتا، بەدىئىي قۇرۇلما سەنئىتى مۇرەككەپ رول ئوينايدۇ. بۇ سەنئەتنىمۇ نەۋائى ئەڭ يېتۈك ۋە نەمۇنە ياراتقان مۇمتاز شائىردۇر. تۆۋەندە بۇ سەنئەتنىڭ بەزى تۈرلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

**تەرسىئ** — شېئىردىكى ئىككى مىسرانى بىر-بىرىگە ماس سۆزلەر بىلەن بېزەپ، ئاھاڭداش قىلىش سەنئىتى. بۇنىڭدا، بىرىنچى مىسرا سۆزلىرى بىلەن ئىككىنچى مىسرا سۆزلىرى ياكى بىرىنچى مىسرادىكى تۇراقلار ئۆزئارا قاپىيىداش ۋە بولار بىلەن ئىككىنچى مىسرادىكى تۇراق ئاھاڭداش، قاپىيىداش ھەم ۋەزنداش قىلىنىدۇ.

گۈلخان كۆلى ئىچرە نىھان، جىسمىم جۇنۇندىندۇر نىشان،
تا تەلبەلىك بەرقى ئەيان بولغاچ كۆيۈپتۇر خەرمانىم.

تا ئىشق ئارا ئەفسانەمەن، ئوت ئىچرەكى دېۋانەمەن،
ئول شەمئ ئۇچۇن پەرۋانەمەن كىم بولمىش ئۆرتەنمەك فەنىم.
(«غ — س»)

**رەددۇل مەتلەئ** — كەمالىددىن ھۈسەيىن ۋائىز كاشفىينىڭ تەبىرىچە: "رەددۇل مەتلەئ — كېيىنكى دەۋردىكىلەر بۇ ئەمەلنى سەنئەتلەر جۈملىسىدىن ھېسابلىغان ۋە ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر مەتلەئدىكى

مىسرانىڭ قاپىيىسىنى كىيىنكى بەيتدە كەلتۈرىدۇ". ئەمما، نەۋائىنىڭ بۇ سەنئەتنى ئۆز شېئىرىيىتىدە تەتبىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، مەتلەئدىكى بىرىنچى مىسرانى مەقتەئنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا تەكرارلاش سەنئىتى — رەددۇل مەتلەئ سەنئىتىدۇر. بۇ سەنئەت نەۋائى غەزەللىرىگە تەتبىق قىلىنىش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. يەنى، غەزەلنىڭ پىكىر-مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان مەتلەئنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى غەزەلنىڭ يەكۇنى ھېسابلىنىدىغان مەقتەئنىڭ ئىككىنچى مىسراسى قىلىش ئارقىلىق ئوي-پىكىر بىلەن يەكۇننى جىپسىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن؛ رەددۇل مەتلەئنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — تەكىتلەش.

نامەسى قوينۇمدا بەسكىم، ئىزتىراب ئەيلەر كۆڭۈل،
ئۆپكەلى چىقماقتا گويا كىم شىتاب ئەيلەر كۆڭۈل.

ئەي نەۋائى، ئاچتى كۆڭسۇمنىڭ تىكىلگەن چاكىنى،
نامەسى قوينۇمدا بەسكىم، ئىزتىراب ئەيلەر كۆڭۈل.
(«غ — س»)

ئەي مۇغەننى، چۇن نىھان رازىم بىلۇرسەن — سازتۈز،
تارتىبان مۇڭلۇغ نەۋا سازىڭ بىلە، ئاۋاز تۈز.

بەزم ئارا ئۆرتەر نەۋائىنى نىھان مۇڭلۇغ سۇرۇد،
ئەي مۇغەننى، چۇن نىھان رازىم بىلۇرسەن — ساز تۈز.
(«ب — ۋ»)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەۋائى بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈرىنى جانلىق ئىشلەتكەن. بەزى غەزەللىرىدە، مەتلەئدىكى بىرىنچى مىسرانى شېئىرىي گراماتىكىنىڭ خەۋەر گـەپـلـىـك قۇرۇلما شەكلى بىلەن تۈزگەن بولسا، مەقتەئدە ئازراق سۆز ئالماشتۇرۇپ، سوراق گەپ شەكلىدە ”رەد“ (تەكرار) قىلغان.

**تەكرار** ـــ بەدىئىي سەنئەتنىڭ ئىستىلىستىكىلىق تەسۋىرى يوللىرىدىن بىرى، غەزەلدە مىسرالاردىكى ئايرىم سۆزلەرنى كېيىنكى مىسرالاردا تەكرار ئىشلىتىش يولى بىلەن مەنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سەنئىتى. بۇ سەنئەتمۇ نەۋائى غەزەللىرىدە راۋاجلاندۇرۇلغان.

ۋەھ، نېچە جىسمىنى غەمدىن ناتەۋان ئەتكەي فىراق،
ناتەۋان جىسمىمغا ھەردەم قەسدى جان ئەتكەي فىراق.

جىسمىم ئەيلەپ ناتەۋان جانىمغا قەسد ئەيلەپ نىھان،
قەسد قىلغان جانىنى رەسۋايى جەھان ئەتكەي فىراق...
(«غ ـــ س»)

جان يېتىپ ئاغزىمغا تاپمان دەردى ھىجراندىن خەلاس،
جانىنى ھىجراندىن خەلاس ئەت يا مېنى جاندىن خەلاس.
(«غ ـــ س»)

دىلرەبالار گەر كۆڭۈل ئالماقتادۇرلەر ئەسرۇ شوخ،
لېك دىلدارىم ئېرۇر بۇ شوخلاردىن ئايرۇ شوخ.

شوخلاردىن بەئزى ئالـا جانۇ بەئزى بەرسە جان،

سەن قىلۇرسەن ئىككىسىنى، ۋەھ، سەن كېبى بولغايمۇ شوخ.
(«ب — ۋ»)

نەۋائى "رەد" ۋە تەكرار سەنئەتلىرىنى تەتبىق قىلغاندا، تەشبىھى مۇسەلسەلنى قوللانغان. غەزەلنىڭ بېشىدا مۇسەلسەل تەشبىھنى قوللانغان بولسا، كېيىنكى بېيىتتا شۇ تەشبىھنىڭ يېڭى ھالقىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن تەسۋىرنىڭ كۆتۈرەڭگۈلىكى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا چىققان.

**تەشبىھۇل ئەتراف** — غەزەللەردە مىسرالارنىڭ بەلگىلىك بۆلۈكىنى ئىزچىل تەكرارلاش يولى بىلەن پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتى. تەشبىھۇل ئەترافنىڭ سۆزلۈك مەنىسى تەرەپ تەرەپتىن تەشبىھ قىلىشتۇر. بۇ سەنئەتتە تەشبىھ ئاساسىي ئورۇن تۇتقان بولىدۇ. نەۋائى غەزەللىرىدە، شېئىردىكى بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى ئىبارە كېيىنكى مىسرانىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلگەن؛ ئىككىنچى بىر خىلدا بولسا، بىر بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا كەلگەن سۆز ياكى ئىبارە ئىككىنچى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىغا باشلانما قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن تەشبىھلەر زەنجىرسىمان گىرەلىشىپ، پىكىرنىڭ چوڭقۇر مەنىسى تۈرلۈك تەسۋىرلەر بىلەن ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ياردىن ئايرۇ كۆڭۈل مۈلكىدۇرۇر — سۇلتانى يوق،
مۈلۈككىم، سۇلتانى يوق، جىسمىدۇرۇركىم — جانى يوق.

جىسمىدىن جانسىز نە ھاسىل، ئەي مۇسۇلمانلاركى، ئول
بىر قارا تۇفراقدەكدۇركىم، مەھى تابانى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئول قاراڭغۇ كېچەكىم، يوقتۇر مەھى تابان ئاڭا،
زۇلمەتىدۇركىم، ئانىڭ سەرچەشمەئى ھەيۋانى يوق.

زۇلمەتىكىم، چەشمەئى ھەيۋانى ئانىڭ بولماغاي،
دەۋزەخىدۇركىم، يانىدا رەۋزەئى رىزۋانى يوق.

دەۋزەخىكىم، رەۋزەئى رىزۋانىدىن ئولغاي ئۇمىد،
بىر خۇمارىدۇركى، ئاندا مەستلىغ ئىمكانى يوق.

ئەي نەۋائى، بار ئاڭا مۇنداق ئۇقۇبەتلەركى، بار
ھەجرىدىن دەردى ۋە لېكىن ۋەسلىدىن دەرمانى يوق.
(«ن — ش»)

**تەززاد** — تەززادنىڭ سۆزلۈك مەنىسى زىتلەشتۈرۈشتۇر. بۇ سەنئەتتە مەلۇم ئوبيېكتنى تەسۋىرلەشتە، شۇ ئوبيېكتنىڭ خىلمۇ خىل جەھەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت سۆزلەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسەتنى روشەنلەشتۈرۈش كۆزلىنىدۇ. ئۇ تەئرىپ-تەۋسىپلەر مىسرالاردا ئورۇن ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن يىغىنچە تۈس ئېلىپ، ئوبيېكتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەۋائى غەزەللىرىدە، ئوي-پىكىر قارىمۇقارشى ئىككى ئوبيېكتنى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك خاراكتېر-سۈپەتلىرىگە لايىق ئۆز چېغىدا بولۇشقا ئۈندەش يولى بىلەن ئاڭلىتىلغان. نەۋائى غەزەللىرىدە تەززاد سەنئىتىنىڭ ئىككى خىل تىپى ئۇچرايدۇ. بىر تىپى زىت تەرەپلەردىن بىرىگە مايىللىقنى ئىپادىلەش تىپى؛ يەنە بىر تىپى زىت تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپكە مايىل بولماي، ئۇ تەرەپلەرنى ئۆزلىرىگە

مۇناسىپ بولۇشقا رۇجۇئ (يۈكلەش، ئۈندەش) تىپى.

خەستەدۇر جانىم مېنىڭ، تا ياردى جانانىم مېنىڭ،
بولماسۇن گەر يارسا جانانىم مېنىڭ، جانىم مېنىڭ.
(«ف — ك»)

تا قۇلاغىڭغا زىرىھ سالدىڭمۇ قاشىڭغا گىرىھ،
خەستە كۆڭلۈمدۇرۇر يۈز گىرىھ، ئانداق زىرىھ.
(«ف — ك»)

يارغالى شەھ ئايدا بىر مەي ئىچمەدىم ماھىم بىلە،
كاشكى، بىر ئايچىلىق يارغاي ئىدىم شاھىم بىلە.

شاھىمۇ ماھىمغا مەردۇد ئولسام، ئەرمەس ئەيبىكىم،
يارمادىم شاھىم بىلە، چۈن قالمادىم ماھىم بىلە.
(«ف — ك»)

نەۋائىي بەزى غەزەللىرىدە، قىرىلىق بىلەن يىگىتلىك ئىككى زىت تەرەپنى تەززاد يولى بىلەن تەسۋىرلىگەن.

قىرىدە گەرچە سەبۇك رۇھلۇغ فەراۋاندۇر،
ۋەلې يىگىتلەر ئارا چۈن كىرەر، گەرانجاندۇر.

شەبابىنىڭ ھەۋاسىدىن ساقالنى رەڭ ئەتمە،

ئاقارسا سەبزە، كۆكەرمەڭ يەنە نەئىمكاندۇر.

قىرى يىگىتلەر ئىشىن چۇن قىلۇر، ئىرۇر مەبھۇت،
يىگىت قىرىلەر ئىشىن پىشە قىلسا، ناداندۇر.

ئەسا يۇرۇرگە مەدەددۇر، ۋەلې ئەسا ئەھلى
چۇ نەيزە تۇتتى، ھەمۇل يول يۇرۇرگە نۇقساندۇر.

چۇ قەد ئىگىلدى، ئەسا بىرلە داغى بولماس تۇز،
ئىشتىسە تۇز ئاڭا بىر كۇنچى بەيتۇل ئەھزەندۇر...
(«ف — ك»)

نەۋائىي قېرىلارنى دوراپ مۇكچىيىۋالىدىغان يىگىتلەرنى تەززاد ئۇسۇلىدىكى غەزەللىرى ئارقىلىق ساتىرە قامچىسىغا تۇتقان.

يىگىتلىگىندە قىلۇر قەدنى بىنەۋالەر كۆچ،
مەگەركى فاقە يۇكىدىن بولۇر گەدالەر كۆچ...

ھەۋەس قىرىلىغ ئىتىپ، گويىياكىم ئەيلەرلەر،
كۆڭۈل كەمىنى ئۇچۇن قەدنى دىلرەبالەر كۆچ...

ئەسا تۇتۇپ نەئىلاج ئەيلەگەي گەداكى، بولۇر
چۇ ۋەقتى يەتتى — فەلەكقەدر پادشالەر كۆچ...

نەۋائى ئىتتى يىگىتلىك، مەگەر ۋەفاسىزلىك
قىلدىلەر قىربان قەدنى بىنەۋالەر كۆچ.
(«ب — ۋ»)

يەنە بىر تەرەپتىن، ئانتىتېزا ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ئانتونىم سۆزلەر، بىر-بىرىگە تەتۈر قويۇلىدىغان سۆزلەر ياكى شەكىللەر، تەسدىق ۋە ئىنكار شەكىللىك سۆزلەر بىلەن پىكىرنى زىددىيەتلەر ئىچىدە ئىپادىلىگەن. بۇمۇ تەززات سەنئىتىنىڭ بىر شەكلى.

**تەزمىن** — بىركىمنىڭ شېئىرىدىن ئۆزىنىڭ شېئىرىغا بېيىت، مىسرا ياكى ئىبارە كۆچۈرمە قىلىپ كىرگۈزۈش سەنئىتى، شۇنىڭدەك ئىقتىباس — بىرەر ئەسەرنىڭ تەرزۇ ئۇسلۇبى بويىچە ئىزىدىن مېڭىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەر يارىتىش سەنئىتى. نەۋائى پارىسچە لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە، تەزمىن ۋە ئىقتىباس ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئابدۇراھمان جامى ۋە ھافىز شىرازى غەزەللىرىدىن پايدىلانغان. يەنە، ھىجائى ھۇرۇف (ھەجۋى سۆزلەر) ۋە باشقا تەسۋىر يوللىرىنىمۇ نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە كەڭ قوللانغان.

**تەجنىس** — ئومۇنىملار (مەنىسى باشقا-باشقا شەكىلداش، ئاھاڭداش سۆزلەر)نى كەلتۈرۈپ، جىنىسداش قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ تۈركىي شېئىرىيەتتىكى قەدىمكى بەدىئىي سەنئەتلەردىن بىرى بولۇپ، "تۇيۇق" دەپ ئاتالغان. بۇ سەنئەت — "تەجنىس تام"، "ئىبھام" دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تەجنىس تام — تۆگەل، تولۇق تەجنىس، يەنى ئومۇنىملارنى شېئىر قاپىيىلىرىدە ھەممە مەنىلىرىدە تولۇق ئىشلىتىلگەن تۇيۇق؛ ئىبھام — سۆزلۈك مەنىسى ۋەھىمىگە سېلىش، شېئىرىيەتتە ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىپ، بۇ ئىككى مەنىدىن كەم ئىشلىتىلىدىغىنىنى كۆزدە تۇتقان تۇيۇق؛ تەجنىس ئادەتتە تۆتلۈك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يا رەب، ئۇل شەھدۇ شەكەر يا لەبدۇرۇر،
يا مەگەر شەھدۇ شەكەر يالاپدۇرۇر.
جانىمە پەيۋەستە ناۋەك ئاتقالى،
غەمزە ئوقىن قاشىغا يالاپدۇرۇر.

*　*　*

نېچە دېدىم ئۇل سەنەمگە بارماغىن،
قىلمادى ئۇل تەرك ئاخىر بارماغىن.
مۇنچەكىم خۇدرايلىق كۆرگۈزدى ئۇل،
ئەقل ھەيرەت قىلدى، تىشلەپ بارماغىن.

نەۋائى تەجنىس سەنئىتىدە مۇستەقىل تۇيۇقلارنى يازغاندىن باشقا، غەزەللىرى ئىچىدىمۇ تەجنىس بېيىتلارنى كۆپ يازغان. مەسىلەن:

كۆكۈل چاكىغا غەم تۇخمىن خەتىڭ فىكرى تولا قىلمىش،
زەخىرە، كۆركى، خەيلى مور مەسكەن ئىچرە تاشىپدۇر...

فەلەكنىڭ پەردەئى زەيلىن بۇكىم قىلدى شەفەق گۈلرەڭ،
مەگەر كىم يەر يۈزىدىن كۆز ياشىم خۇنابى تاشىپدۇر...
(«ب — ۋ»)

نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە بەدىئىي سەنئەتنىڭ بۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان تەسمى (تەسمىيە — ئىسمىنى ئاتاش)، تەردىد (رەد قىلىش يولى بىلەن

پـىـكـىـرنـى بـىـلدۈرۈش) ، مۇتەزەلزىل (زىلزىلىگە كەلتۈرۈش) ، تەۋزىھ (روشەنلەشتۈرۈش) ، تەرزۇ (ئىزلاش) ، تەئلىق (ئاسماقچىلاش) ، تەجاھىلى ئارىف (بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سېلىش) قاتارلىق تەسۋىرىي ئۇسۇللارنىمۇ قـولـلانغان. نەۋائىنىڭ بەزى غەزەللىرىدە، بەدىئىي سەنئەتنىڭ بىرقانچە ئۇسۇللىرى تەڭ ئۇچرايدۇ. نەۋائى بىر غەزەلنى بىر خىل سەنئەتتىلا يازغان دېگىلى بولمايدۇ.

## (4) قاپىيە سەنئىتى

نەۋائى شېئىرىي ئەسەرلىرىدە قاپىيە سەنئىتىگە ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن ۋە قـاپـىيىنى لىرىكىلىق ئەسەرگە غايىۋى ھەم ئېستېتىكىلىق ۋەزىپە ــ فۇنـكسىيە يۈكلىگۈچى ۋاستە دەپ قارىغان. نەۋائى ئىشلەتكەن قاپىيە سەنئىتى ئېينات (ئوچۇق، ئۆلچەملىك) ، ئىتا (رەددۇل قاپىيە، يەنى تەكرار قاپـىيە) ، ــ ھاجىب (پەردىلەنگەن، يەنى يېپىق) ، تەجنىسلىك قاپىيە (جـىـنسداش ياكى ئاھاڭداش قاپىيە) ، زۇلقافىيەتەين (قوش قاپىيە) ، مۇسەججەئ (سەجئ ــ سۆز-ئىبارىلىرى تۇتاش قاپىيىلەنگەن) ، تەسمىت (چۆكمە يەنى جاراڭسىز) ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە شېئىرىي ئەسەردە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيىلەرنى مۇستەسنا قىلغان ھالدا، قـاپـىـيـە سـەنئىتىدىكى نەۋائى ئۇسلۇبىنىڭ بىرقانچە خاسلىقى بىلەنلا تونۇشماقچىمىز.

**ئىتا** ــ سۆز مەنىسى ئىزلاش، ئىز بېسىپ مېڭىش؛ بۇ شېئىرىيەتتە ئەڭ قەدىمكى ئۇسۇللاردىن بىرى، بۇنى ”رەددۇل قاپىيە“ دەپمۇ ئاتايدۇ. ئـەرەب ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن شەمس قەيس مۇنداق دەيدۇ: ”ئالدىنقى قاپىيىنى باشقا قاپىيە ئورنىغا ئۆتكۈزسە ۋە بىر قاپىيىنى شەكىل ۋە مەنا

جەھەتتىن ئۆزگەرمەي، باشقا قاپىيە تەرزىدە كەلتۈرسە، ئۇنى ئىتا دەيدۇ». شۇنىڭدەك، «ئىتا ــ بىر قاپىيىنى ئىككىنچى مەرتىۋە قايتىلاشتۇر. ئۇ ئىككى خىل: جەلى ۋە خەفى». پارس ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن دائى جەۋاد مۇنداق دەيدۇ: «رەددۇل قاپىيە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قەسىدە ياكى غەزەلدىكى بىرىنچى مىسرانىڭ قاپىيىسى ئىككىنچى بەيتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ».

يەنى، قاپىيىنىڭ ئۆزگەرمەي ئەينەن تەكرارلانغىنى ــ ئىتائى جەلى (ئوچۇق ئىتا ــ تەكرار) بولىدۇ. بۇنىڭدا، قاپىيە قىلىنغان سۆزنىڭ قاپىيە ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ئەينەن تەكرارلانغان ۋە تەكرارلىنىشى ئوچۇق بىلىنمىگەن بولسا، ئۇ «ئىتائى خەفى» (يېپىق تەكرار) بولىدۇ. مەسىلەن، «ئان»، «بان»، «دان» دېگەندەك قاپىيە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئوخشاش (تەكرار) كېلىپ، قوشۇمچە ئالدىدىكى قاپىيە قىلىنغان سۆزلەر ھەرخىل (قاپىيىسىز) كېلىۋېرىدۇ: مېھرىبان، پاسىبان، نىگاھبان، ئاۋادان، قەدردان ۋە باشقىلار.

ئىتادا، گاھىدا قاپىيىلا تەكرارلىنىپ كەلمەستىن، بەلكى قاپىيىگە باغلىق پۈتۈن بىر سۆز بىرىكمىسى (سۆز ئالمىشىش بىلەن) تەكرارلىنىپمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئۇسۇل يەنە بىر جەھەتتىن قۇرۇلما سەنئىتىگە كىرىدىغان تەكرار ئۇسۇلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، تەكرار ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى فرازېئولوگىيىلىك تەكرار، يەنە بىرى لېكسىكىلىق تەكرار.

**فرازېئولوگىيىلىك تەكرار** ــ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ماقال-تەمسىل تۈسىگە كىرگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ تەكرارلىنىشى، بۇ ئۇسۇلدا كەلگەن بەزى قاپىيىلەر تەجنىس ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

تاۋۇشكىم ئۆي تاشىدىن كەلسە، دەرمەن باغرى تاشىمدۇر،

ئىشكىدىن سايە كىرگەچ، ساغىنۇركىم قۇياشىمدۇر.

ئىچىندە تاغنىڭ قان، تاشىدا يۈزمىڭ بەلا تاشى،
ئانىڭ تاشۇ ئىچى مۇتلەق دېگەيسەن ئىچۇ تاشىمدۇر.
(«ف — ك»)

ۋەھكى، ئول مۇغبەچە، ھەردەمكى چىكەر بادەئى ناب،
قوزغالۇر ئەربەدەسىدىن بۇ كۆھەن دەيرى خەراب...

چەكتىمۇ ھۇش يۈزىن كۆرمەدىم، ئاندىن سوڭرە،
تۇشمىشەم كويى خەرابات ئىچىدە مەستى خەراب.
(«ب — ۋ»)

**لېكسىكىلىق تەكرار** — بۇ ئۇسۇل ئاساسەن سۆزمۇ سۆز تەكرار ۋە ئىزاپەلىك تەكرار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

I فىراق دەشتىدە تۇفراق بولۇپ ئىدى باشىم،
كۆتەرمەس ئىدى تۇفراغدىن ئانى ياشىم.

باشىمنى گوي قىلىپمەن يولۇڭدا، ئەي چابۇك،
ئاتىڭ ئاياغى قايان بولسا، ئاندادۇر باشىم.
(«ب — ۋ»)

نېچە ھىجراندىن بۇزۇغ كۆڭلۈمدە بولغاي دەم-بەدەم،

غەم ئۇزەغەم، دەرد ئۇزە دەردۇ ئەلەم ئۇزرە ئەلەم...

سەبر ئازىدىن ئەزاب، ئەندۇھ كۆپىدىن ئىزتىراب،
ئەشكىدىن سەلى بەلا، ئاھ ئوتىدىن ھەردەم ئەلەم.
(«ب — ۋ»)

II ئۇن چىكەرمەن ئىشق ئارا، بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
باغلاغان ئىتدەككى، فەرياد ئەيلەگەي، ئاھۇ كۆرۈپ.

ۋەھ، نەتىپ مەششاتەنى ئاللىدا كۆرگەيمەنكى، يار
ئەكسىدىن غەيرەت قىلۇرمەن، ئاللىدا كۆزگۈ كۆرۈپ.
(«ب — ۋ»)

قايدا تاپقاي تەلبە كۆڭلۈم ئول قارا كۆزدىن خەبەر،
چۇن جۇنۇن ئىچرە قارارىپ، تاپماي ئول ئۆزدىن خەبەر.

دەير تاغى ئىچرە ئۇسرۇك بىل خەبەرسىز كافىرى،
ئەيكى بىلمەك ئىستەدىڭ ئول قاش ئىلە كۆزدىن خەبەر.
(«ف — ك»)

نەۋائىنىڭ بەزى غەزەللىرىدە، مەتلەئدە فرازېئولوگىيىلىك تەكرار قاپىيە سۈپىتىدە باشقىچە مەنىدە ئىشلىتىلگەن بىرىكمە ئىبارە مەقتەئدە باشقىچە مەنىدە تەكرار كەلگەن.

ئەي لەبىڭ بادەسىغە رۇھۇرەۋان ئىچرە نۇقۇز،
قايسى رۇھۇرەۋان، جەۋھەرى جان ئىچرە نۇقۇز...

گەر نەۋائىغا ئىرۇر روھۇرەۋان مەست، نەتاڭ
كى، مەيى ئىشق قىلۇر رۇھۇرەۋان ئىچرە نۇقۇز.
(«ب — ۋ»)

شۇنىڭدەك، فرازىئولوگىيىلىك تەكراردا، نەۋائىي غەزەلدە ئىزاپەلىك سۆزلەرنى تەكرار قاپىيە قىلىش يولى بىلەنمۇ مەنىلەرنى قاتمۇ قات قىلىپ، غەزەلنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇكسەلدۈرگەن.

چەرخدىن جانىمغادۇر يۈز تىغى قاتىل ھەر زەمان،
دەۋردىن جامىمدا مىڭ زەھرى ھەلاھىل ھەر زەمان...
بولسا يۈز جانىم بىرىپ ئۆلمەكنى ئالسام، مۇفت ئىرۇر،
جانغا مۇنداقكىم يېتەر يۈز تىغى قاتىل ھەر زەمان.

**زۇلــقافىيەتەين** — قوش قاپىيىلەر. نەۋائىي غەزەللىرىدە، رەدىفلەردىن باشقا، قاپىيىلەر جۈپ-جۈپ قىلىپ قوشلاپ ئىشلىتىلگەن. بۇ شەكىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىشتا، شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ پاساھەت دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينىغان. نەۋائىي ھېچقاچان قاپىيە قوغلىشىپ، سۆزلەرنى مەنەن باغلىنىشسىز شەكلەن قاپىيەداش قىلىشقا ئۇرۇنمىغان.
بىر رەدىفلىك قوش قاپىيە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر دەم ئۇلۇس مېھنەتىدىن كام يوق،
بىر نەفەس ئەل جەۋرىدىن ئارام يوق.
(«ھ — ئە»)

كۆزۈڭ نەبەلا قارا بولۇپتۇر،
كىم، جانغا قارا بەلا بولۇپتۇر.

مەجمۇئى دەۋانى دەرد قىلدى،
دەردىڭكى ماڭا دەۋا بولۇپتۇر.

قوش رەدىفلىك تاق قاپىيە:

رۇبائىي: گەردۇن ئۆزە بەزم ئۆچۈن مەقام ئەيلەدى تۈت،
ئول بەزمدە خۇرشىدىن جام ئەيلەدى تۈت؛
ئول جام ئىلە ئىشرەتنى مەدام ئەيلەدى تۈت،
ئاخىر دەمى يەر قوينى ھەرام ئەيلەدى تۈت.

قوش رەدىفلىك قوش قاپىيە:

يارىدىن ئايرىلغالى شەيدا كۆڭۈل، بىخاب كۆز،
ھەر زەمان زاھىر قىلۇر سەۋدا كۆڭۈل، خۇناب كۆز.

كۆز كۆڭلۈم بەھرۇ بەر سەير ئەتتىلەر يار ئىستەبان،
بۇ سەفەردە تاپتىلەر يەغما كۆڭۈل، غەرقاب كۆز.

(«غ — س»)

نەۋائى قاپىيە سەنئىتىدىمۇ يېتۈك شائىر. بۇ سەنئەتتە نەۋائى سۆزلەر ئارا مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، تىلنى تەسىرلىنەرلىك، جاراڭلىق ۋە مۇزىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە قىلىشقا، شېئىرىي ئەسەرنىڭ رىتىملىقىنى كۈچەيتىشكە، بولۇپمۇ ئىپادىلەنمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ تەلىپىگە، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن بايان قىلىنىشىغا مۇۋاپىق بولۇشنى كۆزدە تۇتقان.



# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ كىشىلىك قارىشى

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئالدى بىلەن ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىدۇر، جۈملىدىن پەلسەپىۋى ئىدىيىسىمۇ ئىسلام ئەقىدىسىدۇر. نەۋائىنىڭ كىشىلىك قارىشى ئەنە شۇ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئىككىنچىدىن، نەۋائى ياشىغان زاماندىكى ئىجتىمائىي-ئىدىيىۋى مۇھىت ئاساسەن تەسەۋۋۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەتتا تەسەۋۋۇپنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى تەغيىر تېپىشقا يۈزلىنىپ، مۇرشىد-مۇرىد تەبىقىلىرى شەكىللەنگەن ۋە تەسەۋۋۇپ بىلەن خۇراپات-جاھالەت ئوتتۇرىسىدا كۈرەش كەسكىنلەشكەن مۇھىت ئىدى، شۇڭا، نەۋائى ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ غايىسىنى قوللاپ، خۇراپاتقا — جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلغۇچى تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان.

قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى تارىخىنى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىياسىدا مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ داڭلىق نامايەندىسى بولغان نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشىنى شۇ دەۋردىكى دىنىي غايىلەردىن چەتلەپ تەتقىق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا دىن بەدىئىي غايىلەرنىڭ مەنبەسى ئىدى.

نەۋائىنىڭ ئىسلام ئەقائىدلىرىغا سادىق ۋە تەقۋادار ھەم ئەھلى سۈننىي زات ئىكەنلىكىنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما، نەۋائى ئەھلى

سۈننىيلەردىن بولغان تەسەۋۋۇفچىلاردىن ئىدى. نەۋائى چۈشەنچىسىدىكى تــەســەۋۋۇف 15-ئەسىردىن ئېتىبارەن زاھىدلىق — رىياكارلىققا ئايلانغان ئىشانلىق-سوفىلىقتىن پەرقلىنەتتى. نەۋائى ئۆز غەزىلىدە تەسەۋۋۇفنى مۇنداق شەرھلىگەن:

بىراۋغا مۇسەللەم تەرىقى تەسەۋۋۇف
كى، زاتىدا مەۋجۇد ئەمەستۇر تەخەللۇف.

تەسەۋۋۇف رىيا ئەھلىدىن ياخشى ئەخلاق،
ئېرۇر ئىستىلاھاتى زىبۇ تەكەللۇف.

تەسەۋۋۇف ئەمەس زۇھد تەقۋايۇ تائەت
كى، ئاندا رىيا يول تاپار بىتەۋەققۇف.

ئېرۇر مەھز تەقۋايۇ لېكىن رىياسىز
ئۇبۇدىيەت سەرفۇ ئەينى تەلەتتۇف.

نە ئەل قەۋلۇ فېئلىغە ئاندىن تەئەددى،
نە ھەق ئەمرۇ نەھيىغە ئاندىن تەسەررۇف.

ئۆزىن ئويلە بىئىختىيار ئاگلابانكىم،
نە قالىب تەرەددۇد ئاڭا، نە تەئەسسۇف،

قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەۋائى، مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇف.

(«ف — ك»)

نەۋائى بۇ غەزىلىدە، "تەسەۋۋۇف — ئۆز ۋۇجۇدىنى ھەق ۋۇجۇدىدا يوق قىلماقلىق"، "زاھىدلىق، تەقۋالىق، تائەت تەسەۋۋۇف ئەمەس" دەپ شەرھىلەپ، ئۆزىگە "تەسەۋۋۇف يولى شۇ — بۇنى بىل" دەپ خىتاب قىلغان.

تەسەۋۋۇفنىڭ مەسىلىكى — ۋۇجۇدىيە، بۇنىڭ ئاساسى ۋۇجۇد (وجود) بولۇپ، تۈپ مەنىسى "بارلىق"، "بار بولماق"، "مەۋجۇد بولماق" دېگەنلىكتۇر. تەسەۋۋۇفتا، ۋۇجۇد سالىكنىڭ (سۇلۇككە ئەگە بولغۇچىنىڭ) مەۋھۇم (ھەقىقىي بولمىغان) بارلىقىدىن كېچىپ، ھەقىقىي ۋە مۇتلەق بارلىق — تەڭرىنىڭ بارلىقى ئىچىدە بار بولماق دەپ ئىزاھلانغان. ۋۇجۇدىيە مەسلىكى سوفىلار ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان. خۇراساندا، ھىجرى 6-ئەسىر (مىلادى 12-ئەسىر) دىن باشلاپ تارقالغان بۇ مەسىلەك ھىجرى 7-ئەسىردىن باشلاپ رەسمىيلىشىپ، ئىسلام تەسەۋۋۇفىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ مەسىلەكنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرىدىن كۇفەلىك ئەبۇ ھاشىم ئەس-سوفى (مىلادى 767-يىلى ۋاپات بولغان) ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سوفى ئاتالغانلارنىڭ ۋەكىلى — خوراسانلىق بايەزىد بىستامى (مىلادى 875-يىلى)، مەنسۇر ھەللاج (مىلادى 921-يىلى)، بۇلاردىن كېيىن جۇنەيد باغدادى، ئاندىن ئەبۇ مۇھەممەد غەزالى (1059 — 1111) — بۇ مەشھۇر سوفىلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەرغىپى بىلەن، ئىسلام ئالىمىدە تەرىقەتلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. تەرىقەت — ھەقىقەتنى بىلمەك ۋە ئاللاھقا ئۇلاشماق ئۈچۈن كىرگەن مەنىۋى يول. تەسەۋۋۇفتا، بەندىنى دىنىنىڭ تاشقى يۈزى بولغان شەرىئەتتىن دىنىنىڭ ئىچكى يۈزى بولغان

ھەقىقەتكە يۈكسەلدۈرگەن يول ــــ تەرىقەتتۇر. ۋۇجۇدنىڭ زىددى "عدم" (ئەدەم ــــ يوقلۇق) دۇر. ۋۇجۇدىيە سىستېمىسىدا، "سۇدۇر" (پەيدا بولۇش، چــۈشۈش)، "تەجەللى" (كۆرۈنۈش) نەزەرىيىسى بىلەن باغلىق ھالدا، "دەۋر" (دەۋر قــىلىش، ئايلىنىش) چۈشەنچىسى تۇغۇلغان. سۇدۇر ۋە تەجەللى نەزەرىيىسى بويىچە، مەۋجۇد ئالەملەرنىڭ ئەڭ تۆۋەنكىسى بولغان مــاددىي ئالەمگە چۈشكەن ھەرقانداق ۋۇجۇد (بارلىق) ئاۋۋال "جەماد" (ئورگانىزم، مەدەن، نەۋائىدا كان)، ئاندىن "نەبات" (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن "ھەيۋان"، ئاندىن "ئىنسان" شەكلىگە تەجەللى قىلىدۇ (كۆرۈنىدۇ، زاھىر بولىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن "ئىنسانىي كامىل" شەكلىگە كىرىدۇ-دە، ھەقىقە ئېرىشىدۇ. يەنى "ۋۇجۇدى مۇتلەق"تىن چىقىپ يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن، يەنە ئۇ يەردىن چىقىپ ئەسلىگە قايتىدۇ. ۋۇجۇد مۇشۇنداق دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. نەۋائىمۇ بۇ قاراشنى ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن:

ئەي بارى مەۋجۇدغە سەندىن ۋۇجۇد،
بەلكى ۋۇجۇد ئەھلىغە فەيىازى جۇد...

گەر فەلەكىيات ئەناسىردۇرۇر،
بارچە سەمىن قەدەر جەۋاھىردۇرۇر.

كانىيۇ ھەيۋانى ئەگەر خۇد نەبات،
ھەربىرى بىر گەۋھەر ئالىي سىفات.

بارچەسىن گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ،
بارچەدىن ئىنسانىنى شەرىف ئەيلەدىڭ.

www.uyghurkitap.com

ئەمدىكى جۇنبىشغا كىلىپ بەھرجۇد،
زاھىر ئىتەرسەن چۇ ئەدەمدىن ۋۇجۇد.

(«ھ — ئە»)

نــەۋائــىــنىڭ بۇ بايانى تەسەۋۋۇف ئېتىقادىدىكى دەۋرىي ھەرىكەت چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزىدۇر. تەسەۋۋۇف نۇقتىئىينەزەرىدە، بۇ دەۋرىي ھەرىكەت بىر دائىرىگە ئوخشىتىلىپ، "قەۋسى نۇزۇل" (چۈشۈش قەۋسى) ۋە "قەۋسى ئۇرۇج" (كۆككە كۆتىرىلىش قەۋسى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋە "ئەقلىي كۇل" (تولۇق ئەقىل) بىلەن "نەفسى كۇل" (تولۇق نەفس، يەنى روھ) نىڭ بىرلەشمىسى — توققۇز ئەفلاك (توققۇز كۆك) نىڭ تەكرار قايتىلىنىشى بولغان "تۆت ئۇنسۇر" مەيدانغا كەلگەن؛ ئەفلاك (كۆكلەر) بىلەن تۆت ئۇنسۇرنىڭ قوشۇلۇشىدىنمۇ "بارلىق ئالەمى" پەيدا بولغان دەپ قارىغان. بــۇنىڭدىن شۇنداق چۈشەنچە كىلىپ چىقىدۇ: "ۋۇجۇدى مۇتلەق" تىن ئــايــرىلغان "نۇرى ئىلاھى" ئۆز نۆۋىتىدە "ئەقلىي كۇل" دىن "توققۇز ئەفلاك" قا، "تەبايىئى ئەربەئە" (تۆت تەبىئەت) گە تاكى تۇپراققا قەدەر "تۆت ئــۇنــســۇر" غا ئۆتىدۇ. بۇنى "قەۋسى نۇزۇل" ياكى "مەبدەء" (چىقىش نۇقتىسى) دەپ ئاتايدۇ. ئەينى نۇر تۇپراقتىن "جەباد" قا (مەدەن ياكى كانغا)، ئۇنىڭدىن "نەبات" قا، ئاندىن "ھەيۋان" غا، ئۇنىڭدىن "ئىنسان" غا ۋە "ئىنسانىي كامىل" غا يىتىپ، تەكرار ئەسلىگە قايتىدۇ-دە، بۇ ئىككىنچى دەۋر ھىسابلىنىپ، "مەئاد" (كۆتىرىلىش) ياكى "قەۋسى ئۇرۇج" دېيىلىدۇ.

نــەۋائىمۇ تەسەۋۋۇفنىڭ "ۋۇجۇدىيە" ئەقىدىسى بويىچە، "تەبايىئى ئەربەئە" ۋە "دەۋرىيە" چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىنساننىڭ ئەمەل قــىلىشىنى تەكىتلىگەن ھەم ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلدۇرگەن:

بۇكى سىنى خالىقى كەۋنۇ فەساد،
قىلمادى ھەيۋانۇ نەباتۇ جەباد.

(«ھ — ئە»)

تۆرت ئۇنسۇر قەيدىدىن تا چىقماغايسەن، نەفىئ ئەمەس
ئاسمانى تۆرت دەفتەرنى تۇتايكىم، ياد بىل.

(«غ — س»)

يوقكى، بولۇپ تۆرت ئەناسىر ئەدەم،
ئەقلۇھىسۇدىن ئىلە ئىسلام ھەم.

(«ھ — ئە»)

تەسەۋۋۇف چۈشەنچىسىدە، ئەفلاك (كۆك يەنى ئاسمان) توققۇز قات بولۇپ، ھەربىر قات بىر "قەۋس" (يا)دەك بولىدۇ دېيىلگەن. نەۋائىمۇ مەزكۇر چۈشەنچىنى قەيت قىلغان:

ۋاستە بۇ ئەردىكىم قىلدىڭ تەمام،
كۆكنى توققۇز لەۋھەئى ئائىنە فام.

توققۇز ئەفلاكنى چەكتىڭ رەقەئ،
ھەم كۇررەئى خاكنى يايدىڭ ۋەسەئ.

(«ھ — ئە»)

قەدىمكى نوجوم ئىلمى چۈشەنچىسىدە، يەر (دۇنيا) مەركەز قىلىنغان

تۇغقۇز كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

هالدا، ئەتراپىدا توققۇز قات كۆك ئاسمان بار، ھەربىر كۆك كۈررە (قەۋس) شەكلىدە بولىدۇ، دەسلەپكى يەتتە كۆكتە بىردىن ئاقراق (سەييارە) تۇرىدۇ، سەككىزىنچى كۆكتە بۇرجلار جايلاشقان، توققۇزىنچى كۆكتە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. بۇ كۆكنى "فەلەكى ئەتلەس" دەيدۇ.

نەۋائىي يەنە ئالەم چۈشەنچىسىدە، "ئون سەككىز مىڭ ئالەم" دېگەن قەدىمكى ئەقىدىگىمۇ ئىشەنگەن. شۇڭا، غەزەللىرىدىن بىرىدە: "ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندادۇر" (ئون سەككىز مىڭ ئالەم غەۋغاسى ئەگەر باشىدا بولسا) دەپ يازغان. ئەسلىدە بۇ "ئون سەككىز ئالەم" بولۇپ، ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن "مىڭ"نى قوشۇپ سۆزلەش ئادەتكە ئايلانغان. "ئون سەككىز ئالەم" مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولغان: 1. ئەقلى كۇللى — ئاللاھنىڭ ئاكتىپ يارىتىش قۇدرىتى؛ 2. نەفسى كۇللى — ئەقلى كۇللىدىن پەيدا بولغان ئىلاھىي پاسسىپ قابىلىيەت؛ 3. توققۇز كۆك-ئاسمان — بۇلار: ئاي كۆكى، ئۇتارىد كۆكى، زوھرا كۆكى، قۇياش كۆكى، مىررىخ كۆكى، مۇشتەرى كۆكى، زۇھەل كۆكى، بۇرجلار كۆكى، ئەتلەس كۆكى؛ 4. تۆت ئۇنسۇر — يەل، ئوت، سۇ، تۇپراق؛ 5. ئۈچ مەۋلۇد (تۇغۇلۇش) — مەدەن ياكى كان، نەبات، ھەيۋان.

نەۋائىينىڭ "توققۇز"نى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ "تـوقـقـۇز"نى خاسىيەتلىك ۋە ناھايىتى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سان دەيدىغان قەدىمكى ئاڭ-پىكرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى نەۋائىي «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا، قەدىمكى شەرقىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ "توققۇز"غا باغلىق ئادەت يوسۇنلىرىنى تەرىپلەپ يازغان. مەسىلەن:

توققۇز پايەلىغ تەخت ئۈزە ئولتۇرۇپ،
توققۇز چەرخنىڭ شەۋكەتىن سىندۇرۇپ...

ئۇلارنى چۇ مۇنداق سۆيۈندۈردىلەر،
شەھ ئالىندا توققۇز يۈكۈندۈردىلەر.

نەۋائى ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنى ئۆزىگە مەنىۋى پىر-ئۇستاز دەپ بىلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان "مەبدە" ۋە "مەئاد"قا باغلىق دەۋرىيە چۈشەنچىسى نەۋائىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان، مەۋلانا جەلالىددىن رومى (13-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن)نىڭ «مەسنەۋى»سىدە، مەزكۇر دەۋرىي ھەرىكەت ياخشى بايان قىلىنغان. مەزكۇر مەسنەۋى مەشھۇر سوفى-شائىر فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ «ئىلاھىنامە» ۋە «ئەسرارنامە» دېگەن دىداكتىك ئەسەرلىرىگە تەقلىدىي يېزىلغانلىقى مەلۇم. ھەتتا ئىبنى سىنانىڭ ئاتاغلىق شېئىرىي ئەسىرى «دانىشنامە» ۋە «رىسالە فى تەقسىم ئەل-مەۋجۇدات» ئەسىرىدىن باشلاپ، ئەجەملىك ۋە تۈركىي شائىرلارمۇ تەسەۋۋۇفنىڭ بۇ ئەقىدىسىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەۋسىپلىگەن. بۇلاردىن كېيىن، خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا (مەرۋ، ھىرات، سەمەرقەنت، فەرغانە، قەشقەرغە ئوخشاش چوڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە)، سەئىدىدىن كاشغەرى، ئابدۇراھمان جامى، شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، ئەمىر قاسىم ئەنۋەرى قاتارلىق مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇفلار مەيدانغا كەلگەن.

نەۋائىنىڭ تەۋسىق قىلىشىچە، ئابدۇراھمان جامى "... تەسەۋۋۇف مەسىلىلىرى ئاتالغۇلىرىنى مۇكەممەل قىلدىكىم، ئۆتكەن مەشايىخ ۋە ئەۋلىيا ئۇللاھ...نىڭ رىسالەلىرى ۋە كىتابلىرىدىن ياخشىراق تەسنىف قىلدى... يەنە تەرىقەت ئەدەبلىرى سۇلۇكىدە شۇنداق دەقىق رەۋىشتە (ئىنچىكىلەپ) تەرىقلىرىنى (يوللىرىنى) تۈزدىكىم، ھەزرەتى قۇتبى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقەت مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرىكىم، نەقشەبەندىيە خوجىلىرى

سلسلەسىنىڭ ئۇل زەماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىد ۋە خەلىفەسى ئەردى...» نەۋائى ئەنە شۇ زاتلارنى ئۆزىگە پىر-ئۇستاز دەپ تونۇيتتى. "خۇسۇسەن، ئالىجەناب مەخدۇمى جامىيغا يېقىن مۇلازىمەتتە بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا دەرۋىش ۋە سوفىيلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنار ئىدى." («مۇكارىمۇل ئەخلاق») . ھەتتا بىر ۋاقىتلاردا، ھەزرىتى ئەمىر قاسىم ئەنۋەرىنىڭ جام ۋىلايىتىدە خەرجۇد يېزىسىدىكى 'مۇبارەك' مەرقەدى... ئۇل ئاستانە جارۇبكەشلىرىدىن...» بولغانىدى.

نەۋائى ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «خەمسە»سىنىڭ بىرىنچى داستانى — «ھەيرەتۇل ئەبرار»دا، ئاۋۋال ئاللاھقا مۇناجات ۋە سەنا، پەيغەمبەرگە نەئت بېغىشلىغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان كۆڭۈل (قەلب) توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. تەسەۋۋۇپ نۇقتىئىنەزەرىچە، ئىمان تۇرىدىغان يەر بولغان كۆڭۈل — نۇرانى بىر جەۋھەردۇر. ئىنسانلىق قەلب (كۆڭۈل) بىلەن رىئاللىقتا ئايلىنىدۇ: كۆڭۈل تەڭرىنىڭ تەجەللى قىلغان يېرى بولغانلىقىدىن مۇقەددەستۇر؛ شۇنداقلا، كۆڭۈل — ئاللاھ ئۈچۈن قىبلەگاھدۇر. بۇ ھەقتە نەۋائى شۇنداق يازغان:

سەنكى كۆڭۈل دەرسەن، ئېرۇر بۇ يۈرەك،
ئىسمى كۆڭۈل بىرلە ئاڭا مۇشتەرەك...

سالىك ئانى ئەرشى مۇئەللا دەر،
سوفى ئانى ئالەمى كۇبرا دەر...

تەختى سەفا بولدى ئانىڭ مەسكەنى،
سوفىئى ساھىبدىل ئانى بىل، ئانى.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ «ئەۋۋەلقى ھەيرەت» دېگەن بابىغا ”كۆكلىنىڭ ئەدەم تۈنىدىن قۇتۇلۇپ، ۋۇجۇد سۈبھىگە ھەمنەفەس بولغىنى...“ دەپ ماۋزۇ قويغان ۋە:

”سىررى ھەقىقەتتىن تولۇپ بەھرەۋەر،
ئەيلە بەسىرەت كۆزى بىرلە نەزەر“

دەپ، ھەقىقەت-ھەق سىرىدىن بەھرىمەن بولۇش كۆكلىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

نەۋائى بۇ ئەسىرىدە تەھلىل-تەتبىق يولى بىلەن، ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئەدىبىيسىنى شەرھىلىگەن ۋە مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ خوجا بەھائىددىن نەقشبەند ۋە خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارنى ئالاھىدە مەدھىيىلىگەن:

خاجەكى نەققاشى سىپىھرى بەلەند،
بولغاي يەر سەفھەسىغە نەقشبەند،

بۇنچە ئەجەب نەقش بىلە ئەرجۇمەند،
كىمسە ئەمەس غەير شەھى نەقشبەند.

ئولكى بۇ ئافاق ئىچىدە تاق ئىرۇر،
تاق نەكىم مۇرشىدى ئافاق ئىرۇر...

مۇنچە سۇلۇك ئەھلىگە رەھبەر بولۇپ،
يول ئىلىگە تىيرەتۇن ئەختەر بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىممەتىدىن بىزنى ھەم ئەتسۇن خۇداي،
پەقىر يولىدا غەنى، ئىمانغا باي.

بۇ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنىدىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، نەۋائىي ئەنە شۇ مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇف نامايەندىلىرىنى ئۆزىگە غايىبانە پىر-ئۇستاز دەپ بىلگەن؛ ئۇلارنىڭ ھىممىتىدىن "پەقىر يولىدا غەنى، ئىمانغا باي" بولۇشنى خۇدادىن تىلىگەن؛ ھەمدە پەقىر يولىغا كىرىشنى رەۋا كۆرگەن. "ھالەتى سەيد ھەسەن ئەردەشىر"دە: "... بۇ پەقىرنى پەقر تەرىقىغە دەلالەت ۋە ئىرشاد قىلۇرلەر ئەردى..."دەپ يازغان.

پەقر تەرىقى — پەقىرلىق يولى. تەسەۋۋۇف چۈشەنچىسىدە پەقىر (يوقسۇل) مەۋھۇم يارلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ، "پەنا فىللاھقا مەزھەر" بولماق (ئاللاھنىڭ زات ۋە سۈپەتلىرى ئىچىدە ئۆز زاتى ۋە سۈپىتىنى يوقاتماق). تەسەۋۋۇفتا، پەقرنى تەكىتلەشتە "ئەل پەقرۇ پەخرى" (پەقىر — ئىپتىخارىمدۇر) دېگەن ھەدىسنى ئاساس قىلغان. نەۋائىمۇ تەسەۋۋۇفنىڭ مەزكۇر پەقر تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن، غەزەللىرىدە "پەقىر — پەنا" توغرىسىدا كۆپ يازغان:

تەبئىڭغە پەقر نۇقتەسى گەر زادە بولماسا،
بولغان نەدۇر خەلفەئى دەۋران ساڭا خەلەف...

بەھرى پەنادا غۇتە سەدەفلەر ئۇرماساڭ،
سەندىن يېتىشمەگەي دۇرى مەقسۇد ھەر تەرەف.
(«ب — ۋ»)

خىرقەئى پەقىر كىيرەك سىررى نىھان كەسىبغەكىم،
پەردەئى راز ئانىڭ زەيلىغە كەلدى مەئتۇف.

ئەيلەگىل نەقدى ھەياتىڭنى پەنا ئەھلىغە ۋەقف،
لوقمەئى ۋەقف يېمەكنى ۋەلې ئەتكىل مەۋقۇف.
(«پ — ك»)

نەۋائى تەسەۋۋۇپنىڭ "سۇدۇر" ۋە "تەجەللى" بىلەن ئىپادىلەنگەن "دەۋرىيە" نەزەرىيىسى بويىچە شەكىللەنگەن "كامىل ئىنسان" دېگەن بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىلىرىنى رېئال ھاياتتىن ئىزدىگەن. شۇڭا، نەۋائى "كامىل ئىنسان"دا بولۇشقا تېگىشلىك شەرت ۋە سۈپەتلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تولۇق ئىپادىلىگەن. نەۋائىنىڭ پىكرىچە، كامىل ئىنسان — ھەقىقىي پاك ئىنساندۇر؛ پاك ئىنسان دەرۋىشدۇر، يەنى قەلبىدە پەقىر نۇرى پارلىغان ئادەمدۇر؛ دەرۋىشلىك — روھىي ئىلاھى مەرىپەت تەرەپكە پەرۋاز قىلىش ۋە دۇنيا مەشغۇلاتىدىن ئۆزىنى تىيىش. مەزكۇر كۆز قارىشى بويىچە، نەۋائى شاھ بىلەن دەرۋىشنى سېلىشتۇرۇپ، "پەقىر-پەنا" يولىغا كىرگەن دەرۋىشكە شاھنى تەڭ قىلماي، دەرۋىشنى تەۋسىپلىگەن:

ھەر گەداكىم بورىيى پەقىر ئىرۇر كىسۋەت ئاڭا،
سەلتەنەت زەربەفتىدىن ھاجەت ئەمەس خىلئەت ئاڭا.

كىم پەنا تۇفراغىغا تاپىپ قويار تاش ئۇزرە باش،
تەخت ئۇزە ئەرمەس مەزھەپ مۇتتەكا ھاجەت ئاڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھ يۇرۇپ ئالەم ئاچار، دەرۋىش ئالەمدىن قاچار،
كۆر، نەھىممەتدۇر مۇڭا، نە نەۋئ ئىررۇر ھالەت ئاڭا.

فەقر كويى تۇفراغىن شەھ مۇلكىغە بەرمەس فەقر،
مۇلك كۆركىم تەڭ ئەمەس تۇفراق ئىلە قىممەت ئاڭا.

شاھلار دەرۋىشىدۇر دەرۋىشلەر شاھىكى بار،
شاھلىغ سۆرەت ئاڭا، دەرۋىشلىك سىيرەت ئاڭا.
(«نەۋائى» ، چاپ نۇسخا)

كامىل ئىنسان — ئىلاھىيەت نۇرىدىن بەھرىمەن بولغان، شەرئەت ئەھكامىنى سۆزسىز ئورۇندىغان، ئىمانى پۇتۇن، ۋاپالىق، سادىق، سېخىي، قانائەتچان، ھەلىم-مۇلايىم، خۇش ئەدەبلىك، ھىممەتلىك، قەلبى ئىلمۇ ئىرپانغا كان بولغان كىشىدۇر. شۇنداقلا، بۇنداق ئىنساندا "ئىلاھى جەزبە" كۈچلۈك بولىدۇ، يەنى كۆڭلىدە ئىشق ئىزتىرابى بارغانچە كۈچىيىپ، ئۇنىڭ نەزەرىدە دۇنيا ئىشلىرى ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلىنىدۇ. نەۋائى كامىل ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇفچە بۇ سۈپەتلىرىنى رىئال ھاياتقا تەتبىق قىلىپ، كونكرېتلاشتۇرغان.

نەۋائىنىڭ كۆز قارىشىچە، كامىل ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر — ئەدەب-تەۋەززۇئ، سېخىيلىق، قانائەت، ۋاپا، ئىشق، ئىنساب، راستلىق، ئىلىم-مەرىپەت، ئەدلۇ ئادالەت، ھىممەت، خەلقپەرۋەرلىكتۇر.

نەۋائىنىڭ ئېتىقادىچە، ئەدەب، ئەخلاقىي پەزىلەت بولمىغان ئادەم ئادەتتىكى ئىنسان قاتارىغىمۇ كىرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدەب، ئەخلاقىي پەزىلەت بولمىغان جايدا، ئىلمۇدانىش نەشئۇنەما تاپمايدۇ، ئەلگە پايدا

يەتمەيدۇ، ئەدەبلىك ئىنسان ئۆزىنى ئەلگە بېغىشلايدۇ، ئەل كۈلسە كۈلىدۇ، يىغلىسا يىغلايدۇ، ئەل يۈكىنى كۆتۈرۈشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ.

نــەۋائى كامىل ئىنسان بولۇش ئۈچۈن، ئۇ ئەدەبنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان چۈشىنىپ، بۇ پەزىلەتنى ئۆزىنىڭ بارچە سۆز-ھەرىكىتىدە ئىپادىلەش كېرەك دېگەن. بۇ ھەقتە نەۋائى مۇنداق مۇلاھىزە قىلغان:

ئەل يولىدا گەر ئۇلۇبان دەرد ئىلە،
كىبر كۆزىن كور ئېتىپ ئول گەرد ئىلە...

سىدق ئىلە ھەر گەرم نەفەسكى ئۇرۇپ،
رىئۇۋ رىيا خىرمەنىنى كۆيدۈرۈپ...

ئەلگە شەرەف بولمادى جاھۇ نەسەب،
لېك شەرەف كەلدى ھەياۋۇ ئەدەب...

گەرچە ئەدەب شەرتى بەغايەت كېرەك،
ھەر كىشى تەۋرىدە رىئايەت كېرەك...

ۋەزئى تەۋازۇئدا ۋەفا ئەيلەمەك،
دەئبى ئەدەب بىرلە ھەيا ئەيلەمەك.

(«ھ ــ ئە»)

نەۋائى يەنە «ن ـــ ش» دىۋانىدىكى «ھۆكۈما قەۋلىنىڭ تەرجىمىسى ئىنسانىيەت بابىدا» دەپ ماۋزۇ قويغان بىر قىتئەسىدە مۇنداق يازغان:

تەۋەززۇئ ياخشى، ئەمما ياخشىراقدۇر
ئەگەر دەبىئ ئەتسە ئانى ئەھلى دەۋلەت.

ئېرۇر ھەم ئەفۇ خوبۇ خوبراق
كى، زاھىر بولغاي ئەل تاپقاندا قۇدرەت.

ئەتا ھەم تۇرفە ئىشدۇر، تۇرفەراق بىل،
ئەگەر يوقدۇر ئانىڭ ياندا مىننەت.

ھەكىم ئىنسانىي كامىل دەپدۇر ئانى
كى، بولغاي زاتىدا بۇ نەچچە خىسلەت.

نــەۋائىنىڭ بۇ قىتئەسىدە ئالغا سۈرۈلگەن پىكىر شۇكى، "ئەھلى دەۋلــەت" (مــال-مۈلۈك ئىگىلىرى، شاھ - ئەمىرلەر — ھېچ نەرسىگە مــوھــتــاجــلــىــقــى يــوق كــىــشــىلەر)، يەنى ماددىي بايلىقى مول ۋە تۇرمۇش-مەئىشىتى توق — بۇ جەھەتتىن كامىل بولغان مۇنداق كىشىلەر ھــېــچــقاچان كامىل ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار ئەدەپلىك، ئەلپەرۋەر، ھــىــممەتلىك، ساخاۋەتلىك، ئىنسابلىق بولالىسا، مىننەتسىز ياخشىلىق ۋە خالىسانە ياردەم كۆرسىتەلىسە، كامىل ئىنسان مەرتىۋىسىگە يېقىنلىشالايدۇ.

نــەۋائى بۇ كۆز قارىشىنى دەلىللەپ، كەرەم-ساخاۋەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كەرەم — ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق، ئېھسان (بېغىشلاش) دېمەكدۇر، «ھــەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ «بەشىنچى مەقالەت، كەرەم ۋەسفىدە كىم...» دېگەن بابىدا، كەرەم-ساخاۋەت ئىگىسىنى تەۋسىپلىگەن:

باشىڭ ئۇزە جۇدۇ سەخا ئەفسەرى،
ئەفسەرىڭ ئۇستىدە كەرەم گەۋھەرى.

گەۋھەرى زاتىڭ تاپىپ ئانچە شەرەف
كىم، يەتتى كۆك ھۇققەسىن ئەيلەپ سەدەف.

باشىڭ ئۇزە ئەختەرى دەۋلەت تىراز،
فەرق ئۇزە "فا" نۇقتەسىدەك جىلۋەساز.

فەرقى شەرەفىڭگە لىۋايى كەرەم،
باش ئۇزە ئانداغكى "ئەلىف"دىن ئەلەم...

ھەر نەكى ھەق بەرسە قەنائەت قىلۇر،
ھەر نەكى ئەمر ئەتمىش ئىتائەت قىلۇر...

تەركى تەمەئ قىلكى سەخا ئول ئىمىش،
بەزىدە سەرف ئەتكى ئەتا ئول ئىمىش.

(«ھ — ئە»)

نــەۋائى ساخاۋەتسىز كىشى توغرىسىدا ئاجايىپ تەشبىھلىرى بىلەن مۇنداق ئىبارىلەرنى يازغان:

ساخاۋەتسىز كىشى — "ياغىنسىز ئەبرى بەھار... مېۋەسىز يىغاچ ھامانۇ ئوتتۇن ھامان ۋە ياغىسىز بۇلۇت ھامانۇ تۇتۇن ھامان. سەخاسىز كىشى بىرلە گەۋھەرسىز سەدەفنىڭ بىر ھۆكمى بار".

www.uyghurkitap.com



نەۋائى ساخاۋەت بىلەن ھىممەت بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئەگەر ياردەم بەردىم دەپ مىننەت قىلسا، ئۇ سېخىي سانالمايدۇ. شۇڭا، ھىممەتمۇ كامىل ئىنساننى ئۆلچەيدىغان مىزانلاردىن بىرى دەپ قارىغان. نەۋائىنىڭ تەكىتلىشىچە، ھىممەتنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى تۇرمۇشنى باشقىلارنىڭ ئېھسانى-ياردىمى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى زېمىنىدە قۇرۇش، نەپنى كۆزلەپ باشقىلارغا قارام بولماسلىقتىن ئىبارەت. ئىنساننىڭ قانچىلىك ھىممەتلىك ئىكەنلىكىنى مەنسەپكە ۋە بايلىققا تۇتقان مۇناسىۋىتىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ. ئازراق نەپ بەرگىنىگە مىننەت قىلسا، ئۇ ھەرگىز ھىممەت سانالمايدۇ. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا ياردەم ۋە غەمخورلۇق مۇناسىۋىتى بولۇش كېرەك. نەۋائىمۇ ئۆزىنى ھىممەت ئىگىسى بولۇشقا ئۈندىگەن.

ھىممەت ئەگەر بولسا نەۋائى ساڭا،
بەندەدۇرۇر ھاتەم تايى ساڭا.

نەۋائى كامىل ئىنسان بولۇش ئۈچۈن، قانائەت پەزىلىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، تەمەخور بولماسلىقنى، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدرى قىممىتىنى مال-مۈلكى بىلەن ئۆلچىمەي، قانائەت مۈلكى (بايلىقى) بىلەن ئۆلچەشنىڭ لازىملىقىنى، قانائەتچان ئىنسان قۇدرەتلىك ۋە تەڭرى ھەم خەلق ئالدىدا مەزۇر بولىدىغانلىقىنى تەرغىپ قىلغان.

تىنچ كۆڭۈل بىرلە قاتىقسىز ئوماچ،

بىھكى بىراۋ مىننەتى بىرلە كۆلاچ...

ئەيكى خوش ئول ئايىن فەنا كۆزلەگەن،
مۇلكى قەنائەتدە سەرا كۆزلەگەن...

نــەۋائــىنىڭ تەشەببۇسىچە، كامىل ئىنسان ئۇچۇن زۆرۈر بولغان پەزىلەتلەردىن يەنە بىرى — ۋاپادۇر. نەۋائى ۋاپاغا ئېرىشمەك خۇددى "سۇ يۈزىدە يۈگۈرمەك ۋە قارا يەردە كېمە سۈرمەك"تەك ناھايىتى تەس؛ قاچانكى ئىنسان ۋاپانى بىلسە ۋە ئۆز سۆزىگە ۋاپا قىلسا، ئۇ كامىل ئىنسان دەرىجىسىگە يېتىدۇ دەپ قارىغان.

سۈرسە ئاتىن ئەھلى سەفا جەۋھەرى،
ئاھ چېكىپ دەيكى ۋەفا گەۋھەرى.

بۇ دۇررى ناياب ۋەفامۇ ئىكىن،
گەر ئول ئەمەس مېھرۇگىيامۇ ئىكىن...

ھەر نېچەكىم، بۇ گەۋھەرىدۇر شەرىف،
خاسىيەتدۇر ئاڭا بىھەد كەسىف...

ھەر كىشى ھەم قىلسا ۋەفا جامى نوش،
كۆڭلى مۇھەببەت مەيىدىن ئۇرسا جوش...

كىم، ئاڭاكىم قىلسا جەھانىن فىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتسە ئانىڭ مېھرىدە جانىن فىدا.

چەكسە يۈكىن ئانچەكى توققۇز سىپېھر،
ئۇل داغى بىر زەررەچە كۆرگۈزسە مېھر.

دېسۇن ئانى گەۋھەرى كانى ۋەفا،
كانى ۋەفا يوقكى جەھانى ۋەفا...

ئەيلەسەلەر ئىككى تەرەفدىن ۋەفا،
يەتكەي ئۇلار ھالىغا ئانچە سەفا.

(«ھ ــ ئە»)

نــەۋائى كامىل ئىنسان بولۇش ئۈچۈن، ھەقىقىي ئاشىق بولۇشى كېرەك، ئىشق ئوتى بار بولغان ئادەم ھەقىقىي كامىل ئىنسان دەرىجىسىگە يــېــتــىش ئۈچۈن ھەمىشە چېلىشىدۇ دەپ قارايدۇ؛ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ «توققۇزىنچى مەقالەتى»دە ئىشق توغرىسىدا، ئىشقسىز ئادەم، ھەتتا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ دەيدۇ. (دەرۋەقە، نــەۋائى لىرىك ئەسەرلىرىنىڭ تولىسى ئىشق تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ ئىككىنچى قىسىم 10-بابىدا ئىشق توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى خۇلاسىلىغانىدى).

بولماسا ئىشق ئىككى جەھان بولماسۇن،
ئىككى جەھان دېمەكى جان بولماسۇن.

ئىشقسىز ئۇل تەنكى ئانىڭ جانى يوق،
ھۆسنىنى نەتسۇن كىشىكىم قانى يوق.

ئىشق ئىرۇر دۇر، كۆڭۈل دۇرج ئاڭا،
بەلكى قۇياش ئىشق، كۆڭۈل بۇرج ئاڭا.

نەۋائى ئىشقنىڭ قۇدرىتىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ، ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە (ئۇ ئادەمىي بولسىلا) ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزىدۇ دەپ قارىغان، گوياكى:

ئىشق ئىرۇر ئەقل سىتەمكارىنى،
شۆئلە ئىچۆككىم سۇ قىلۇر خارىنى.

تەسەۋۋۇف بويىچە، ئىشق-ھەقنىڭ تەجەللىسى، ئەنە شۇ تەجەللى (زاھىر بولماق) شاراپىتىدىن پەيدا بولغىنى ئۈچۈن نەفسى رەھمانى ئىشق دەپ ئاتالغان. بەزى سوفىلار ئىشقنى ھەقىقىي ۋە مەجازى دەپ ئىككىگە بۆلگەن. ھەقىقىي ئىشق تەڭرىگە نىسبەتەن بولىدۇ؛ مەجازى ئىشق گۈزەل ئىنسانىي تۇيغۇدۇر؛ تەسەۋۋۇف مەجازى ئىشقنى ھەقىقىي ئىشققا ۋاستە دەپ ھېسابلاپ، قوبۇل كۆرىدۇ. نەۋائىنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. نەۋائى بىر قىتئەسىدە مۇنداق يازغان:

مەجازدىن ماڭا مەقسۇد ئىرۇر ھەقىقىي ئىشق،
نەدىنكى، ئەھلى ھەقىقەتكە بۇ تەرىقەت ئىرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجازدىن چۈ ھەقىقەتقە يول تاپار ئاشىق،
قىلۇر مەجازنى نەفئى ئولكى، بىھەقىقەت ئېرۇر.
(«ف ــــ ك»)

ئۇ ئىشقنىڭ بائىسى ۋە ئاشىقلىقنىڭ شەرتى توغرىسىدا بايان قىلغىنىدا، ئــاشىقنىڭ كۆڭلى، كۆزى پاك بولۇشى، ئاشىق ئۆزىنى نەپسانىيەتتىن، مەنلىكتىن خالاس قىلىشى كېرەك دېگەن:

ئاشىق ئۇنى بىلكى ئېرۇر دەردناك،
ھەم تىلىبۇ ھەم كۆزىبۇ ھەم كۆڭلى پاك.

ئۆزلۈكىدىن ئىشق ئانى پاك ئېتىپ،
بەلكى فەنا ئوتىغا خاشاك ئېتىپ.

غەيرى خىيالنى چىقارىپ جانىدىن،
مەملۇ ئېتىپ جاننى جانانىدىن.

كۆزدە كۆرۈپ يار يۈزى ھەيرەتى،
كۆيدۈرۈبان كۆڭلىنى كۆز غەيرەتى.

جۈملىدىن نەۋائى ”مەن ئاشىق“ دەپ، جۇل-جۇل جەندە كىيىپ، چاچ-ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى گوياكى ئىشق يولىدا ھەممىدىن ۋاز كەچكەن قىلىپ كۆرسىتىدىغان تەركى دۇنياچى ”قەلەندەر سوپەتلەر“نى ساتىرا تىلى بىلەن قاتتىق تەنقىدلىگەن.

ئاندا نه ئەقل ئەلگه نه تەقۋا بولۇر،
تەقۋا ئىلە ئەقل دېگەن نه بولۇر.

نەۋائىنىڭ كۆز قارىشىچە، زاھىدلىق باشقا، ئاشىقلىق باشقا. زاھىدلىق — قانداقتۇر دۇنيا ئىشلىرىدىن ئىلكىنى تارتىپ، ئىتىكىنى يىغىپ، ئۆزىنى خاس ئىبادەتكىلا ئاتىغان رىياكارلىقدۇر. مۇنداق شەيخ-سوفىلار گوياكى زۇھد (زاھىدلىق)نى ئاخىرەت راھىتى ئۈچۈن بۇ دۇنيا راھىتىنى تەرك ئەتمەك دەپ چۈشەندۈرىدۇ. نەۋائى زاھىد بولۇش ئۈچۈن ئىشقنى تەرك ئېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئىشقسىز ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايدۇ دەپ قارىغان. شۇنىڭدەك ئاللاھ ھاياتلىق ئۈچۈن بەرگەن تۇرلۇك نېمەتلەردىن ئوبدان پايدىلىنىش تائەت-ئىبادەتكە دەخل يەتكۈزمەيدۇ، دەپ قەيت قىلغان.

زاھىد ئولدۇم دەپ، نەۋائى ئىشقنى تەرك ئەتمەكىم،
بولماسا ئول شور تۇزسىز لوقمادۇر زۇھدى فەقەت.
(«غ — س»)

زۇھد تائەت شەھدنى ئەھلى زەمان كۆرمەس لەزىز،
ھەرنە نافىئدۇر مەرىز ناتەۋان كۆرمەس لەزىز...

ئار ئېتەر شىبنەدىن ئويلە تىلەر زەر رىشتەنى
كىم، ئېشەك ھەلۋانى ئانداغكىم سامان كۆرمەس لەزىز.

يۇتمايىن خۇنابە تاپماس ۋەسل ئانىڭ ئەھل ئىشق،
تاپسا كەۋسەر شەربەتى ئانداغكى جان كۆرمەس لەزىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەرنە ئەلدىن قوتقارۇر لەززەتلىغ ئولدۇركىم فەقر،
مېھر قۇرسىن ئويلە كىم بىر پارچە نان كۆرمەس لەزىز.
(«نەۋائى» ، چاپ نۇسخە)

نەۋائى يەنە شاھلار، ئالىي مەنسەپ ئىگىلىرى ئاشىقلىقنىڭ دەردىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار قولىنى سۇنغان نەرسىگە ھەرىاب بىلەن ئېرىشەلىگەچكە، ئىشق ئوچۇن غەم تارتمايدۇ دەيدۇ:

ئولكى سالغاي شۆئلە ئەئزاسىغا ئوتلۇغ ئاھلار،
قايدا بىلگەي كۆيمەكىن زەربافت كىيگەن شاھلار.

باغرىدىن قان تامغۇچە ئۆششاق زەخمىن بىلمەگەي،
تىغىدىن قان تامغۇچە بىرەھم ئالىي جاھلار...

شىددەتىن فەرھاد قىلغاي فەھم، يوق فەرۋىزكىم،
دەردنى خاكىلار ئاڭلار، يوق فەلەك دەرگاھلار...
(«ب — ۋ»)

تەرىقەت ئەھلى ئومۇمەن بۇ دۇنيا بايلىقىنى ئىنكار قىلىشنى، ئىنسانى تەلەپلەردىن ئۆزىنى تېيىپ، نەفسىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈنلەي ئىلاھىيەت يولىغا كىرىش غايىسىنى تەرغىپ قىلىشقان. نەۋائى مۇنداق تەركى دۇنيالىقنى پاسسىپ ھەرىكەت دەپ قارىغان. نەۋائى بولسا، شەرىئەت، تەرىقەت، ھەقىقەت — ئۈچىلىسىگە ئەمەل قىلغان. شەرىئەتنى دەپ تەرىقەتنى ئىنكار قىلمىغان ھەم ھەقىقەتنى نىشان قىلغان.

نەۋائىمۇ نەفسنى تېپىش-تىزگىنلەش، نەپسانىيەتلىك قىلماسلىق — كامىل ئىنسان بولۇشتىكى زۆرۈر پەزىلەتلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. نەفس — سۆزلۈك مەنىسى روھ، ئۆز، ئۆزلۈك؛ تەسەۋۋۇفنىڭ قارىشىچە، نەفس سۆزى بىلەن بەدەننىڭ يامان خۇي-پەيلى بىر نەرسىدىن ئىبارەت؛ نەفسى يامانلىق دۇنيا نېمەتلىرىگە يۈزلەنگەن مەنىۋىيەتدۇر؛ نەفس ئىنساننى بۇ دۇنيالىققا باغلاپ قويىدۇ، ھەقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ؛ شۇڭا نەفسكە ھۆكۈمران بولۇش كېرەك، ئۇنى يەڭمەك بىر جىھاد-كۈرەشتۇر. نەۋائى ئەسەرلىرىدىمۇ نەفس-ئۆزلۈكنى يېڭىش، ئىنسان ئۆزىنى نەفس ھاۋاسىدىن ساقلاش تەرغىپ قىلىنغان. ئەمما بۇ، ئاللاھ بەرگەن بۇ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس دەپ ئىزاھلىغان.

دېمە نەسۇد ئېرۇر ئۇلماق فەنا ھەرىمىغە خاس،
يەنە نەسۇد كېرەك ئۆزلۈكۈڭدىن ئەتسە خەلاس.

ئەۋامدىن دېمەكىم، ئۆزنى قۇتقاراي، ئەر ئېسەڭ
ئۆزۈڭدىن ئۆزنى قۇتۇلماققا جەھد قىلغىل خاس.

(«غ — س»)

نەفس تۇغرىسىدا نەۋائىنىڭ قارىشى شۇنداقكى، نەفس-ھەيۋانى ھېرىسلىك، بۇ ھېرىسلىكنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرالىغان ئىنسانلا كامالەتكە ئېرىشەلەيدۇ. نەۋائى ئۇرماندىكى شىرنى يېڭىش تەس ئەمەس، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەمىشە كۈشكۈرتىدىغان ۋەھشىي كۈچ — نەفس ئىتىنى يەڭمەك تەس دېگەن تەمسىل بىلەن نەفسكە باھا بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن قۇتۇۋۋەت (يىگىتلىك-مەردلىك) كېرەك؛ پەقەت نەفس ئۈستىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھـۆكۈمرانلىق قىلالىغان ئادەمنىلا مەردانە دەپ ھېسابلىغان. جۈملىدىن، نـەۋائـى نـەفس بىلەن ۋاپاسىزلىقنى بىر-بىرىگە ئالاقىدار دەپ قارىغان. نەۋائىينىڭ پىكرىچە، ئىنسانىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يـوشۇرۇنغان نەفس بولسا، ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ پەسكەشلىك ۋاپـاسـىـزلـىقتۇر؛ نەفسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ۋاپاسىز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن:

”مۇرۇۋۋەت بارچە بەرمەكدۇر، يېمەك يوق،
فۇتۇۋۋەت بارچە قىلماقدۇر، دېمەك يوق“.

دېگەن مەردانىلىق شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نەۋائىينىڭ كىشىلىك قارىشىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى راستلىقدۇر. بۇنى نەۋائى كامىل ئىنسان مەرتىۋىسىگە يېتىشنىڭ بىر شەرتى دەپ ھېسابلىغان. كـلاسـسـىـك ئەدەبىياتتا، جۈملىدىن نەۋائى ئەسەرلىرىدە، راستلىق — توغرىلىق، چىنلىق، دۇرۇسلۇق؛ ”راست يۈرمەك“ — توغرا يولدا يۈرمەك، ھەق يولىدا ماڭماق، ”راستقا قايتماق“ — توغرا يولغا كىرمەك دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. سۆز-ھەرىكەتتە، نىيەتتە، ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتتە راستچىل بولۇشنى نەۋائى ھەقىقىي ئادەملىكنىڭ زۆرۈر شەرتى، ھەرقانداق شەيئى، جۈملىدىن ئادەم ئۆز خۇسۇسىيىتىگە بېقىپ، تۈز-رۇست بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان.

ئوقكى تۈز ئولدى تەيرانى ئانىڭ،
بولسا يەر ئەگرى نە زىيانى ئانىڭ.

نەي تۈز ئۈچۈن ئىستەر ئەھلى ھال،
چەك تۈز ئەمەس كۆرەر گوشمال.

نەۋائىنىڭ تەلىمىچە، ئادەم راستچىل بولسا ئۇ توغرا سۆزلەيدۇ، توغرا ھەرىكەت قىلىدۇ؛ قولى ئەگرى بولسا، ئەل ئۇنى ئوغرى دەيدۇ، سۆزى ئەگرى بولسا ئۇنى يالغانچى دەيدۇ.

راستدۇر ئولكىم نەزەرى توغرىدۇر،
كىم ئىلكى ئەگرىدۇر ئول ئوغرىدۇر...

ھەر كىشى ئىستەسە تۈزلۈككە غەۋر،
ئاگلاغىل ئانىكى ئېرۇر ئىككى تەۋر.

بىرى بۇكى، تۈز بولسا كىشىنىڭ سۆزى،
يوق سۆزىكىم ھەم سۆزى ھەم ئۆزى.

بىرى بۇكى، يالغانغا تەئەسسۇف بىلە،
توغرى دىگەي سۆزنى تەكەللۇف بىلە.

كىمكى بۇ دەۋراندا قىلۇر راستلىغ،
يوقتۇر ئىشى غەير كەمۇكاستلىغ.

نەۋائى بۇ توغرىدا ئۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرۈپ، راستلىقنىڭ خاسىيىتىنى دەلىللەپ كۆرسىتىپ، پىكرىنى مۇنداق خۇلاسىلىغان:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگرىبۇ تۈز ۋەسفى مۇھەققەقدۇرۇر،
باتىل ئېرۇر ئەگرىبۇ تۈز ھەقدۇرۇر.

نەۋائىي كىشىلىك تۇرمۇشدا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ زۆرۈرلىكىنى، جاھالەتنىڭ زەرەرلىكىنى ئادەملەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن، قەلەم كۈچىنى كۆپ سەرپ قىلغان. ئىلىم سۆزىنى تەشكىل قىلغان ھەرپلەرگە (ئەرەبچە ئىملاسى ــ علم) "ع" (ئەين) قۇياشدىن، "ل" (لام) ئايدىن، "م" (مىم) كۈندۈزدىن نىشانە ئېيتىدۇ دەپ تەبىر بەرگەن. بۇ ماۋزۇدا، ئالىمنىڭ كۆك قۇياشدەك يۈكسەكلىكى، جاھىلنىڭ تۇپىغا كۆمۈلگەندەك پەسلىكىنى تۈرلۈك ئىپادىلەر بىلەن تەسۋىرلىگەن؛ ئالىمنىڭ پەزىلىتى پاساھەت بىلەن، جاھىلنىڭ پەيلى قاباھەت بىلەن، دەپ سۈپەتلەپ بەرگەن. يەنە:

مەسكەنىڭ ئىستە، نەۋائىي، نەسىيە جەننەت ئەھلى زۇھۇر،
مۇنچە ئۇق بولۇر تەفاۋۇت ئالىمۇ جاھىل ئارا.

دەپ، ئالىم بىلەن جاھىلنىڭ پەرقىنى روشەن ئىپادىلىگەن.

نەۋائىمۇ ئۆزىگە سەن ئىلىمنى مەقسەت قىل، ئىلىمگە ئەمەل قىل دەپ خىتاب قىلغان:

ئىلىم، نەۋائىي، ساڭا مەقسۇد بىل،
ئەمدىكى ئىلىم ئولدى ئەمەل ئەيلەگىل.

نەۋائىي مەرىپەتنى ــ بىلمەك، چۈشەنمەك، يەنى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ۋە سۈپەتلىرىنى، ئەسلىنى، ئاساسىنى بىلمەك، ئىدراك قىلماق دەپ

شــەرھــلىگەن، تەسەۋۋۇفتا، مەرىپەت ـــ ئىنسان ئۆزىنى ۋە تەڭرىسىنى بىلمەكلىكدۇر؛ مەرىپەت ئەقىل بىلەن ئەمەس، زەۋق بىلەن ھاسىل بولىدۇ دەپ قارايدۇ. نەۋائى رىياكار شەيخ-سوفىلارنىڭ مەرىپەت دېگەنلىرى كىشىنى ئــالدايدىغان بىھۇدە گەپدانلىق، كۆرۈنۈشتە كىشىنى ھەق يولغا دەۋەت قــىــلىمىز دەپ، ئەمەلدە كىشىنى ھەق يولدىن تايدۇرۇپ، تۈيۈق يولغا كىرگۈزىدىغان ئالدامچىلىق دەپ ئۇلاردىن نەپرەتلەنگەن. بۇنىڭغا نەۋائىنىڭ «سادده شەيخ» دېگەن غەزىلى تىپىك مىسال بولىدۇ:

مېنى ئىشقدىن مەنئ ئېتەر سادده شەيخ،
دېمە سادده شەيخ ئىت كىبى لادە شەيخ.

مەي ئۈستىدەكى خەسچە كۆرمان ھېساب،
ئەگەر سۇ ئۈزە سالسا سەججادە شەيخ.

يارۇغلۇق ئەمەس مۇمكىن ئاندىنكى بار،
جەھالەت تەرىقىدە ئەفتادە شەيخ.

رىيا بەھرى ئىچرە تەمەئ زەۋرەقىن،
سالىپدۇر ئەسادىن تۇتۇپ خادە شەيخ.

يايار دامى تەزۋىر ئەل سەيدىغە،
قىلىپ سۇبھەدىن دانە ئامادە شەيخ...

كىرەر ئادەمى سانىغا قىلسە نۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فەنا دەيرىدە بىر قەدەھ بادە شەيخ.

غەزەبدە سەبۇئ شەھۋەت ئىچرە بەھىم،
ئەگەرچە ئىرۇر ئادەمزادە شەيخ...
(«نەۋائى»، چاپ نۇسخا)

نەۋائى زاھىد-سوفىلارغا، سىلەر رىياكارلىق ئۈستىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋېرىڭلار، سىلەرنىڭ مەرىپىتىڭلاردىن ماڭا فەقرۇفەنا تۇرۇكرەك دەپ تەنبىھ بەرگەن:

زاھىد، سەن بول رىيا ئەۋجى ئۆزە مەسنەدنىشىن
كىم، نەۋائىغا ئىرۇر فەقرۇفەنا تۇفراغى خوب.
(«ب — ۋ»)

نەۋائىنىڭ كىشىلىك قارىشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئەدلۇ ئادالەتدۇر. دىنىي ئەقىدە بويىچە، ئادالەت — ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۆز ئەينىچە — قانداق بۇيرۇغان بولسا شۇ پېتىچە — كەم-كۈتىسىز ئورۇنداش دېگەنلىكتۇر. نەۋائى ئادەملەرنى ھەددى ھەرىكەتتە، خالىس ۋە ئادىل بولۇشقا، بولۇپمۇ "ئەھلى دەۋلەت" يەنى سەلتەنەت ۋە مال-دەۋلەت ئىگىلىرىنى ھەممە ئىشنى ئادالەت مىزانى بىلەن ئۆلچەشكە، ئەل-ئۇلۇس مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويۇشقا تەرغىپ قىلغان. نەۋائىنىڭ كۆز قارىشىچە، ھەر ئادەم باشقىلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرگەندىلا ئادەمى ھېسابلىنىدۇ؛ ئەل غېمىنى ئۇنتۇپ، ئۆز غېمىنى يەيدىغان نەپسانىيەتچىلەر ھېچقاچان ئادالەتنى چۈشەنمەيدۇ؛ ئۆزىنى ئۆزگىدىن ئۈستۈن چاغلىغان مەنمەنچىلەر

ئـادالەتنى سۆزلەش تۇگۇل ئويلاپمۇ قويمايدۇ؛ ئەگەر ئادەملەر، بولۇپمۇ هـاكىمىيەت تۆپىسىدىكىلەر ئادىل بولمىسا، ئەل-ئۇلۇس خاراب بولىدۇ. قىتئە:

قۇياشدەك شەھ ئەدالەت پىشە قىلسا،
جەھان مۈلكىنى بىردەمدە يارۇتغاي.

ئەگەر زۇلم ئەتسە ئاقشام زۇلمەتىدەك،
ھەمۇل دەم تىيرەلىك ئالەمنى تۇتغاي.

نەۋائىي پادىشاھنىي ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ھەر ئىشنى ئىنساپ-ئادىللىق بىلەن قىلىشقا دەۋەت قىلغاندىن باشقا، ئۆزىمۇ پادىشاھلىقنى ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلىشقا تىرىشقان:

شەھ ئەدل ئۆيىنى ئەيلەيىن دەپ مەئمۇر،
سەئيى ئەيلەدىم ئول قەدەركىم، ئەردى مەقدۇر...

زالىم تىرەسىن سويۇپ كۆزۈم قىلدىم كور،
مەزلۇمغە ئەمىنىيەتدىن ئولدى مەسرۇر.
(«ۋەقفىيە»)

خەلقپەرۋەرلىك — نەۋائىي تەرغىپ قىلغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆزلىگەن ھەقىقىي ئىنسانىي ئەمەلدۇر. نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقپەرۋەرلىك غايىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، كۆپىنچە ئەل بىلەن ھۆكۈمدارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(يەنى شاھ بىلەن گاداي ۋە پەقىر، مەنسەپ ئەھلى بىلەن پۇقرا-ئاممە، شائىر بىلەن شاھنى) بىر-بىرىگە قارشى قويۇش تەرزىدە ئىپادىلىگەن. شۇڭا، نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى لىرىك قەھرىمان — ئەل-ئۇلۇستۇر (نەۋائىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇرلىشىچە، ئادەتتە ھۆكۈمرانلار — ساراي كاتتىباشلىرى، ئەمىرلەر خەلققە كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىشىدۇ، لېكىن ئۆز ۋەدىلىرىدە تۇرۇشمايدۇ. خەلق تەلەپلىرىنى قاندۇرمايدۇ. ئۇلار جاھ (مەنسەپ) نى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. نەۋائىي سەيىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ مەنسەپ ۋە بايلىق توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ماقۇللاپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق مىسال كەلتۈرگەن: "چاغىر مەستلىكى ئىچكەن كۈنىدۇر، ئەمما جاھ مەستلىكى، ئەگەر ساھىبى جاھ (مەنسەپ ئىگىسى) يىللار جاھ ئۈستىدە دۇركىم، مەستدۇر." شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق كىشىلەر ئاددىي پۇقرا ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ھەتتا سەخاۋەت-ھىممەت، مەرىپەت-مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ؛ ئەل-ئۇلۇسنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن ھالىغا يەتمەيدۇ. نەۋائىي ھۆكۈمدارلاردىن تەمە قىلغۇنچە، ئۆز مېھنىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، تاقەتچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ توغرىدا خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «دەريايى ئەبرار» دىن نەقىل قىلىپ مۇنۇ تەمسىلنى كەلتۈرگەن:

"پادىشاھ ناغرىسىنىڭ ئىچى بوش، ئەمما شاۋقۇن-سۈرىنى باش ئاغرىقىدۇر، كىمكى ھۆل-قۇرۇقتا قەنائەت قىلسا، ئۇ يەر يۈزى ۋە دېڭىز پادىشاھىدۇر".

(«م — ق»)

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، ھاكىم بىلەن مەھكۇمنىڭ ئورنى مۇتلەق ئۆزگەرمەس ئەبەدىيلىك ئەمەس، بۇمۇ "دەۋرىيە" چۈشەنچىسى بويىچە چۆرگىلەپ تۇرىدۇ؛ نەۋائىي مەزكۇر چۈشەنچىسىنى مۇنۇ بېيىتىدە ئوچۇق

ئىپادىلىگەن:

شاھلارغا گەدا ئانداغكىم كەلدى بۇ كۈن مۇھتاج،
تاڭلا بولۇبان شاھلار ئېھسانىڭغا ھاجەتمەند.

يەنە: ھەركىمكى ئۆزىنى ھەممىگە قادىر چاغلاپ، ئۆزگىنى خار ئەيلىسە، ئاخىر پەلەكنىڭ، زامانىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ خۇددى ئاسمانغا تاش ئاتقانغا ئوخشايدۇ:

كىمكى فەلەك سارى ئاتار تاشنى،
تاش ئىلە ئازۇردە قىلۇر باشنى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنى ھەقىقىي ئىنسان سانىغۇچى ئەل-ئۇلۇسنى نىيىتىدە، سۆزىدە، ئەمەلىيىتىدە ھامان قەدىرلەپ، رەنجۇ مېھنەتتىن خالاس قىلىشى كېرەك.

ئەلنى ئۆزۈڭ جانىبىدىن ئىمىن تۇت،
ئۆزنى تەرەب مەسكەنىدە ساكىن تۇت.

قىلما ئۇلۇس ئەھلۇ ئەيالىغا قەسد،
ئەيلەمەگىل ئەل جانىبۇ مالىغا قەسد.

نەۋائىي ئەگەر سەن خەلققە نەپ يەتكۈزسەڭ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈڭگە كۆپرەك نەپ يەتكۈزگەن بولىسەن دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەپسىڭ ئەگەر خەلققە بىشەك ئىرۇر،
بەلكى بۇ نەپسى ئۆزۈڭگە كۆپرەك ئىرۇر.

نەۋائى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇنداق شوئارنى چاقىرغان:

ئادەمى ئەرسەڭ دىمەگىل ئادەمى —
ئانكى، يوق خەلق غەمىدىن غەمى!

نەۋائىنىڭ كۆز قارىشىچە، جاھاندا ئادەم تولا، ئۇلارنىڭ ياخشىسىمۇ بار، يامىنىمۇ بار، لېكىن ياخشىسىدىن يامىنى تولا دەيدۇ. نەۋائىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ياخشى — كامىل ئىنساندۇر.

ياخشى ياماندىن بەرى ئەرمەس جەھان،
لېك يامان زاھىر، ياخشى نىھان.

چۈنكى يامان كۆپرەك ئىرۇر ياخشى ئاز،
جەزمكى ئاز ئۇلغۇسىدۇر ياخشى راز.

مەزكۇر ئۇقتىشىنەزەرى بويىچە، نەۋائى بارلىق ئىنسۇجان ئىچىدە، ئەڭ يېتۈك ۋە كامىل زات — "مەزھەرى كامىل" (مۇكەممەل بولۇپ زاھىر بولغۇچى) دۇر دەپ قارايدۇ:

ئانى بەشەر خەيلىنىڭ ئىنسانى بىل،

ئادەملەر ئادەمسى ئانى بىل.

نەۋائى ئۈمىدۋارلىقنى ئالغا سۈرگەن ئوپتومىست ئەدىب، ئۇ دۇنيا ۋە ئـەھـلـى دۇنـيـانـىـڭ بـىـقـەرارلـىقى، بەقاسىزلىقى ۋە ۋاپاسىزلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك دەيدۇ ۋە ئۆزىنىمۇ ئۈمىدۋار بولۇشقا چاقىرىدۇ:

شاد ئانى بىل دەھردەكىم غەم يېمەس،
دەھر ئىشى چۇن غەم يېگىلى ئەرزىمەس.

بولسا غەمىڭ جانىڭە سالما ئەلەم،
بىر غەم ئېرۇر بەس يېمەگىل ئىككى غەم.

رەنجىڭ ئۈچۈن جىسمىگە سالدى شىكەنج،
ئەيلەمە بىر رەنجگىنى سەن ئىككى رەنج.

داغ كۆرۈپ كۆڭلىسۇڭە ئىستە فەراغ،
قويسا مەلامەت بىلەن داغ ئۈزرە داغ.

نەۋائى، تۈنۈگۈن ۋە ئەتە سەن ئۈچۈن يوق، چۈنكى سەن تۈنۈگۈننى كۆرمىگەن ۋە ئەتىنى بىلمەيسەن، شۇڭا سەن ئۈچۈن بۈگۈن خاس، مۇشۇ دەمنى قولدىن بەرمە دېگەن كۆز قاراشنى تەكىتلىگەن:

تاڭلا بىلە چۇن تۈنەكۈندۇر ئەدەم،
بىل ساڭا قالدى بۇ كۈنۇ بىل بۇدەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما نەۋائى بوگۇن ۋە بو دەمنىمۇ ھەمىشە ئۇمىد بىلەن ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان. چۈنكى دۇنيادىكى نەرسىلەر بىرى بىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ تۇرىدۇ، دەپ مۇنداق يازغان:

يىقىلسا ھوجرا، بولسۇن قەسر ئاباد،
قۇرۇسا سەبزە بولسۇن سەرۋ ئازاد.

نەۋائى ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىسىنى ئىنسان ياشاش ئۈچۈن ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك دەپ ئالغا سۈرگەن. نەۋائى ئادەملەرنىڭ ئۆز يۇرتىغا، ۋەتىنىگە مۇھەببەت باغلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ۋەتىنىنى كەمسىتمەسلىكنى تەكىتلىگەن ۋە ئۆزىگە ”ۋەتەن تەركىنى بىر نەفەس ئەيلەمە، يەنە رەنجۇ غۇربەت ھەۋەس ئەيلەمە“ دەپ نەسىھەت قىلغان. ئەسەرلىرىدە، ۋەتەن مېھرىنى ھېچ نېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ دەپ تەسۋىرلىگەن.

گەر ۋەتەننىڭ شامدۇرۇر گەر ھىرى،
شام، ھىرى فىكرىگە قىلماس كەرى.

(«ھ — ئە»)

نەۋايىيا چۇ ئەمەس تەشبىھ نەقد بىرلە تەڭ،
بىھشەت، ۋائىزا، بەس كوچەئى ھىرات ماڭا.

(«ن — ش»)

نەۋائى ئەمگەك سۆيەرلىك ۋە ئىنىغىزدا دېگەننى ئەمەلدە قىلىش يەنى ئەمەلىيەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلغان. ئەقەللىسى، ئەمگەك — تىرىكلىك

ئۇچۇن زۆرۇر ۋاستە ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئىنسان بىلىشى كېرەك، جۈملىدىن ھەربىر ئىنسان ئۆز ئىشى ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇشى كېرەك دەپ تەكىتلىگەن.

باقماسا دېھقان چەمەننى تۈنۈكۈن،
نەقل تەرىن ئالغىلا قۇرۇغان ئوتۇن.

ئىش ئېرۇر ئولكىم، ئۆزى ئانى قىلۇر،
ھېكمەت ئولكىم، ھەم ئۆزى ئانى بىلۇر.

نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ــــ ئىشق بابىدا مۇھەببەتنامە؛ لېكىن مەقسەت بابىدا ئەمگەكنامە؛ بۇ داستاندا ئەمگەكنىڭ شاراپىتى تەسۋىرلەنگەن.

نەۋائىنىڭ چۈشەنچىسىدە، تۈركىي قەۋملەرنىڭ، جۈملىدىن چىنى ماچىن ئېلىنىڭ بەزى ئادەتلىرىنىڭ سارقىتى ئەكس ئەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى شەرقىي قەۋملەرنىڭ ئىسلام قەبۇلدىن ئىلگىرى، بىرەر ئىش توغرىسىدا ئىرىم ياكى شەرتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، مەيدىن تۇپراققا چېچىش يوسۇنى بار ئىدى. نەۋائىدىمۇ مەزكۇر ئادەتنىڭ تەسىرى ساقلانغانلىقى مەلۇم.

بويلەكىم لەئلىڭ مەيىنىڭ شەۋقىدىن مەست ئولمىشەم،
بادەدەك قانىم تۆك ئەتسەم لالەئى ھەمرانى ياد...

چۈنكى تۇفراق ئولدى يادىڭدىن نەۋائى سەن داغى،
ئىتتى قۇيساڭ جۇرئەئى تۇفراقغا ئەيلەپ ئانى ياد.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(«غ — س»)

ئـاخـىرىدا، نەۋائى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھالىتى ئۈستىدە، خۇلاسە تەرىقىسىدە مۇنداق بېيىتلارنى يازغان:

زاھىرى ھالىمدا بەشەر سۈرەتى،
سۈرەتى جىسمىمدا كىشى ھەيئەتى.

مەئنى ئىچىندە كىشىلىكتىن يىراق،
بەلكى ئارامىزدا مىڭ ئىللىك فىراق...

ئۆلچەكى مەن-مەن دېمەسەم ياخشىراق،
ياخشىلار بولسۇن بۇ ياماندىن يىراق...

كىم مېنى ئەل، ئەھلى يەقىن ئاڭلاغاي،
تەقۋايۇ تائەتغە قەرىن ئاڭلاغاي.

ئاشىقى غەمناك دېگەيلەر بارى،
كۆڭلى-كۆزى پاك دېگەيلەر بارى...

بارچە ئىشىم خامە قارا ئەيلەمەك،
نەۋگى بىلە نامە قارا ئەيلەمەك.

ئەمدى نەۋائى مەيى شۇكرانە ئىچ،

ھەر نېچە بولسا تولا پەيمانە ئىچ.

(«ھ — ئە»)

نەۋائى يۇقىرىقى بېيىتلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەپ، كىشىلىكى توغرىسىدا بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەۋائى ئۆزى تەرىپلىگەن ۋە ئـادەمـلـەرنـى شۇنداق بولۇشقا ئۈندىگەن يېتۈك-كامىل ئىنساننىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بارچە سۆز-ئەپئالرى بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

1998-يىلى 20-دېكابىر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئاساسلانغان ۋە پايدىلانغان مەنبەلەر

فېيىك جىياشىڭلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە تەسنىپ»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1958-يىل، خەنزۇچە نەشرى.

لىيۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات» تەيبېي جېڭجۇڭ شۇجۈي نەشرىياتى نەشرى، [ مەزكۇر كىتابتىكى نەقىل بويىچە، لىيۇ چى (يۈەن دەۋرىدە ياشىغان) تۈزگەن «قەدەمجايىغا قايتىش تەزكىراتى»نىڭ 13-جىلدىگە قوشۇمىچە قىلىنغان (ئوغۇر) سۈن جۇڭدۈەنىڭ «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»، يەنە شۇ كىتابتىكى نەقىل بويىچە، لى زىچاڭ يازغان «چاڭچۈن جېڭرېن ساياھەتنامىسى» ]

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن (رۇسچە) "غىلىم" نەشرى، ئالمۇتا، 1991.

ب. ئەخمېدوف تۈزگەن: «نەۋائى زاماندا شلىرى خاتىرىسىدە» غەفۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، تاشكەنت، 1986-يىل. [بۇ توپلام بويىچە: ئابدۇراھمان جامى: «ھەفتەپەيكەر» خاتىمىسى؛ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى: «تەزكىرەتۇش شۇئەرا»؛ مىرخاند: «رەۋزەتۇس سەفا»؛ خاندە مىر: «خۇلاسەتۇل ئەخبار»، «مۇكارىمۇل ئەخلاق»، ز. م. بابۇر: «مۇختەسەر»؛ زەينۇددىن ۋاسفى: «بەدايىئۇل ۋەقايە» ]

مىرزا ھەيدەر دوغلات: «تارىخىي رەشىدى» (پارسچە)، لوندون كىتابخانىسىدا ساقلانغان قوليازما فاكسىملى، 2-دەپتەر، 254-بەت.

ئەبۇلغازى: «شەجەرەئى تۈرك»، «چولپان» نەشرى، تاشكەنت، 1992.

«ئۆكتۇلمىش ئوغلى جانى بەگنىڭ بېشىغا كېلىپ ئوزغانلار»، ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ (بېرلىن كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان)

فرانسۇزچە تەرجىمىسىدىن «ئاي»نىڭ قازان تىلىغا تەرجىمىسى. («شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1910-يىللىق 10-سانى)

ئەلائۇددىن جۇۋەينى: «تارىخىي جەھانكۇشاي» ھوللاند، لەيدىن 1911.

ز. م. بابۇر: «بابۇرنامە»، «يۇلتۇزچە» نەشرى، تاشكەنت، 1989.

زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخى» (تۈركچە)، ئەنقەرە، 1979.

م. فۇئادكۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۆتۈكىن» نەشرى، ئىستانبۇل، 1981 (3-نەشرى).

ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ: «تۈرك تىلى تارىخى» ئەندەرۇن نەشرى، ئىستانبۇل، 1984 (3-نەشرى).

زەكى ۋەلىدى توغان: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە دەرسلەر»، ئىستانبۇل.

زەكى ۋەلىدى توغان: «بۈگۈنكى تۈركىيلى ۋە يېقىن تارىخى»، I جىلد. "ئەكس سەدا" مەتبەئەسى، ئىستانبۇل. 1981.

ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980-يىل نەشرى.

«قىسسەئى رابغۇزى» I، «يازۇچى» نەشرى، تاشكەنت، 1990.

«بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى»، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، تاشكەنت، 1990.

ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1984-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

«قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرگە دائىر تەتقىقاتلار»، ياۋروپا تۈركولوگلىرىدىن ۋ. بانگ، ئا. فون گابايىن، ف. ۋ، مۈللېر ھەم ر. ر. ئاراتلار ئەسەرلىرى، بېرلىن نەشرى، 1922، 1930، 1932.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئـا. ك. بوروۋكوف: «XII—XIII ئەسرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تەفسىرى لېكسىكىسى»، موسكۋا، 1963.

س. ي. مـالوف، 3KB.B: «رابغۇزى، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى مۇسۇلمانچە قىسسە»، موسكۋا.

J.Eckmann: 《Eastern Turkic Translations of the Kor'an, Studia Turcica》, Budapest, 1971.

[بۇ ماقالىنى ئەكرەم ئورال تۈركىيە تۈركچىسىگە «قۇرئاندىن دوغۇر تۈركچەسىنە تەرجۇمەلەرى» دەپ تەرجىمە قىلغان. تۈركىيات مەجمۇئەسى، XVIII جىلد]

ۋ. ۋ. بارتولد: «تۈركىستاننىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخى»، لېنىنگراد، 1927.

В.В.Бартолд: 《Новая Рукопис Уйгурском шрифтом в Британском музее》, ДАН—Б, 1924.

Н.Н.Поппе: 《Монголский словар Мукаддимат ал—Адеб》, Ленинград, 1938.

П.Мелиоранский: 《Араб. Хилолог о Тюркском языке》, Петрбург, 1900.

Никитский: 《Емир Низамиддин в госодарственном и литературном его значений》, СПб,1856.

تـالىش ئىمانى: «بەدايى ئەل لۇغەت»، ئا. ك. بوروۋكوف نەشرگە تەييارلىغان، شەرق ئەدەبىياتى نەشرى، موسكۋا، 1961.

«جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 6-دەپتەر. (1982)، 7-دەپتەر (1975)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن، جۇڭگو خەرىتەشۇناسلىق نەشرىياتى، شاڭخەي.

ئە. جەفەر ئوغلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى»، ئەدەبىيات

فاكۇلتەسى نەشرى، ئىستانبۇل، 1968.
«ئەتتۇھفەتۇززەكىيە فىل لۇغاتىت تۈركىيە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى س. م. مۇتەللىپوف، «بىرنەچچە سۆز»، "فەن" نەشرىياتى، تاشكەنت، 1968.
ئوسمان ف. سىرتقايا: «خارەزمىنىڭ مۇھەببەتنامەسىنىڭ ئىككى يېڭى يازما نۇسخەسى ھەققىدە»، تۈركىيات مەجمۇئەسى، XVII.
ئۇلۇغ تۇرسۇنوف، بازارباي ئورىنباييېف: «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى تارىخى»، «ئوقىتۇۋچى» نەشرى، تاشكەنت، 1982.
م. مەللايېف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، دەۋلەت ئوقۇۋپېد نەشرىياتى، تاشكەنت، 1953.
قازاقباي مەھمۇدوف: «XII—XIV ئەسىر يازما ئابىدىلەر تىلىنىڭ فونېتىك سىستېمىسى»، «فەن» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1990.
ۋ. ۋ. رېشېتوف، ش. شائەبدۇرەخمانوف: «ئۆزبېك دىئالېكتولوگىيىسى»، تاشكەنت، 1962.
«ئەلىشىر نەۋائى تىلىنىڭ فونېتىك مورفولوگىك خۇسۇسىيەتلىرى»، ئا. رۇستەموفنىڭ دوكتورلۇق ياقلاش ماقالىسى، رۇسچە، 1961.
نۇرىللا ئەخمېدوف: «نەۋائى ھەياتىغە ئائىت بەزى تەفسىلاتلار»، «ئەدەبىي مىراس» (43) 1. تاشكەنت.
سەمىخان ئەشرباييېف: «نەۋائىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدىكى ئىزاھ ۋە كىرىتمە گەپلەرنىڭ سىنتاكتىك خۇسۇسىيەتلىرى»، «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» 6-سان، 1990.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى ۋە ئەسەرلەرنىڭ مەزكۇر كىتابتىكى قىسقارتىلما ئاتىلىشى:

«غەرايىبۇس سىغەر» ← «غ — س»
«نەۋادىرۇش شەباب» ← «ن — ش»
«بەدايىئۇل ۋەسئەت» ← «ب — ۋ»
«فەۋائىدۇل كىبەر» ← «ف — ك»
«مەھبۇبۇل قۇلۇب» ← «م — ق»
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ← «م — ل»
«ھەيرەتۇل ئەبرار» ← «ھ — ئە»
«لەيلى ۋە مەجنۇن» ← «ل — م»
«فەرھاد ۋە شىرىن» ← «ف — ش»
«سەبئەئى سەييارە» ← «س — س»
«سەددى ئىسكەندەرى» ← «س — ئى»
«مەجالىسۇن نەفائىس» ← «م — ن»
«مىزانۇل ئەۋزان» ← «م — ئە»
«ۋەقفىيە» ۋە «ئامىرنوۋاى» غەزەللەر (چاپ نۇسخە) ، ۋە باشقىلار.

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: ياسىن مۇھەممەت

ئىمىن تۇرسۇن

# نەۋائى ھەققىدە

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى:100013 تېلېفون نومۇرى:64228007 — 010

**تىزغۇچى:** «بوغرا» كومپيۇتېرى
**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 2000-يىل 1-ئاي 1-نەشرى
**بېسىلىشى:** 2000-يىل 1-ئاي بېيجىڭدا 1-قېتىم
**ئۆلچىمى:** 850×1168مم 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 11
**سانى:** 0001 — 5000
**باھاسى:** 15.00يۈەن

www.uyghurkitap.com

责任编辑:凯赛尔·库尔班
责任校对:牙库甫

图书在版编目(CIP)数据

论纳瓦依:维吾尔文/伊明·吐尔逊著.—北京:民族出版社,1999.7
ISBN 7—105—03545—5

Ⅰ.论… Ⅱ.①伊…②… Ⅲ.纳瓦依—人物研究—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K825.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 29929 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013)
博海电脑照排　　迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2000 年 1 月第 1 版　2000 年 1 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米　1/32　印张:11
印数:0001— 5000 册　　定价:15.00 元

www.uyghurkitap.com